# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

8

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى

8

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## مۇندەرىجە


شىنجاڭدا ياپون جاھانگىرلىگىگە قارشى مىللى بىرلىك-سەپىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ بۇزۇلۇشى ............................................ ۋېن پېيرەن (1)
لى فۇمىن تەرجىمىسى
يولداش چېن تەنچۇ شىنجاڭدا.....................جى خې (54)
لى فۇمىن تەرجىمىسى
يولداش ماۋزېمىننىڭ شىنجاڭنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرغان مەزگىللەردە قوللانغان تەدبىرلىرى ۋە توھپىلىرى.................................. ليۇ دېخې (65)
قۇربان مەمەت تەرجىمىسى
ئىنقىلاۋىي قۇربان لىن جىلۇ شىنجاڭدا ........(ماقالىنى تەيشەن ناھىيىسى تەمىنلىگەن)......................... (157)
تۇرسۇن ئاخۇن تەرجىمىسى
شىنجاڭدا تۈرمىگە تاشلىنىش ۋە تۈرمىدىن بوشىتىلىش جەريانىم.................................. ۋۇ نەيمىن (207)
شاۋكەت تۇرسۇن تەرجىمىسى
تۈرمىدىكى كۈرەش خاتىرىسى.................. فاڭ جۈ چۇن (234)
ياڭ چۇڭخۇي تەرجىمىسى
كوك ئاسماندىكى قەلب ..............(چىن شۇڭ ئاغزاكى بايان قىلغان)............................................ (290)
خەۋپ-خەتەرلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ يەنئەنگە قايتىش ................................................... ليۇ ياجې (304)
ئابلىمىت تۇرسۇن تەرجىمىسى



**شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (8)**

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا 306 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 م م 1/32 باسما تاۋىقى: 10.875
1983 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M11098.118
تىراژى: 1 — 8,000
باھاسى: 0.63 يۈەن

**(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)**

# شىنجاڭدا ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى مىللىي بىرلىكسەپنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ بۇزۇلۇشى

ۋېن پېيرەن

18 - سېنتەبىر ۋەقەسىدە، گومىنداڭ پىرقىسى قارشى تۇرماسلىق سىياسىتى قوللىنىپ، شەرقىي شىمالدىن ئىبارەت تاغ-دەريالىرىمىزنى باشقىلارغا ئىككى قوللاپ ئۇتۇنۇپ بەردى. «خېي مې كېلىشىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، سەددىچىن سىپىلىدىن ئىبارەت مۇھىم مۇداپىئە قورغىنى قولدىن كېتىپ، شىمالىي جۇڭگو ھالاكەتكە يۈزلىنىپ جۇڭگو - ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي زىددىيەت ئاساسىي زىددىيەتكە ئايلاندى. مانا بۇ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش مىللىي بىرلىكسەپنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى.

جۇڭگو كومپارتىيىسى ياپون جاھانگىرلىكى ۋە جياڭ جيېشى ۋەتەن ساتقۇچ ھۆكۈمىتى بىلەن تىغمۇ - تىغ زىت ئىدى. مەسىلەن: 1934 - يىلى 4 - ئايدا، ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگونى يۇتۇۋالىدىغان «تيەنيۈي باياناتى» نى ئېلان قىلغاندا، جۇڭگو كومپارتىيىسى «جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكى-

گە قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئاساسى پىروگراممىسى» نى ئېلان قىلدى. شۇ يىلى 6-ئايدا گومىنداڭ «مانجۇرىيە» بىلەن بولغان قاتناش، پوچتا ئالاقىسىغا رۇخسەت قىلدى. بۇ ئەمەلىيەتتە مانجۇرىيىنى ئېتىراپ قىلغانلىق ئىدى. جۇڭگو كومپارتىيىسى يەنە «گومىنداڭنىڭ شىمالى جۇڭگونى سېتىۋېتىش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا خىتاپنامە» ئېلان قىلىپ، چىن كۆڭلى بىلەن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ، قۇل بولۇشنى خالىمايدىغان كىشىلەرنى ئىتتىپاقلىشىپ ياپون جاھانگىرلىكىگە بىردەك قارشى تۇرۇشقا چاقىردى. يەنە شۇ يىلى 7-ئاينىڭ 15-كۈنى مەركىزىي ئىشچى-دىخانلار دېموكراتىك ھوكۇمىتى «جۇڭگو ئىشچى-دىخانلار قىزىل ئارمىيىسىنىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش خىتاپنامىسى» نى ئېلان قىلدى. خىتاپنامىدا: «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرىدىغان بارلىق خەلق — بىزنىڭ قېرىندىشىمىز، [illegible]گە قارشى تۇرىدىغان بارلىق قوراللىق [illegible]كەڭ خەلقنى، ئەر-ئايال، قې[illegible] ۋە سىياسى گۇرۇھ دەپ ئايرىماس[illegible]گە قارشى تەشكىلاتقا قوبۇل قىلى[illegible]. بۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ سىياسى ۋە[illegible] قەدەمدە تۇراقلانغان، شىڭ شىسەي ياپون [illegible]قا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن [illegible] ھەر خىل يوللار بىلەن سوتسىيالىزىم يولىدا [illegible] توغرىسىدا 3-ئىنتېرناتسىئونالغا [illegible] بىلدۈرگەن ئىدى. شۇ چاغدىكى تارىخى شارائىت ۋە [illegible] تەلىۋى ئاستىدا، كومپارتىيىنىڭ شىڭ شىسەي



بىلەن ھەمكارلىشىپ بىرلىكسەپ تۈزۈشى تامامەن زورۇر ئىدى. بۇ — جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، مىللى بىرلىكسەپ قۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قاتار چاقىرىقىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كېلەتتى.

1935-يىلى 10-ئايدا، جۇڭگو ئىشچى-دىخانلار قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچلىرى شىمالى شەنشىگە يېتىپ بېرىپ 11-ئاينىڭ 13-كۈنى «ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ شىمالى جۇڭگونى يۇتىۋالغانلىقى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگونى ساتقانلىقى توغرىسىدا خىتاپنامە» ئېلان قىلدى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا 11-ئاينىڭ 28-كۈنى يەنە «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش خىتاپنامىسى» نى ئېلان قىلدى. خىتاپنامىدا دولەت مۇداپىئەسى ھوكۇمىتىنىڭ 10 چوڭ پىروگراممىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

1935-يىلى 12-ئاينىڭ 27-كۈنى ماۋجۇشىنىڭ «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشنىڭ تاكتىكىسى توغرىسىدا» دىگەن ئەسىرى ئېلان قىلىندى. بۇ بىر تارىخى ھوججەت جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە بارلىق ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى ھەركەت قىبلىنامىسى بولدى. جۇڭگونىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش مىللى بىرلىكسېپى ئۇچۇن يىمىرىلمەس نەزەرىيىۋى ئاساس سېلىپ بەردى.

جۇڭگو كومپارتىيىسى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش مىللى بىرلىكسەپىنىڭ نەزەرىيە ۋە تەلىۋىگە ئاساسەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلبىسى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختىيار تۇرمۇشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان ئىدى.

# جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ۋە 6 سىياسەت

1933 - يىلى شىنجاڭدىكى 12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشىدە شىڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇ، زىلاكىن، شۇنىڭدەك بەزى كوممۇنىستلارنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، ئىسلاھات يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت 5 سىياسەتنى ئېلان قىلدى. 1935 - يىلى «12 - ئاپرېل»نىڭ 1 - يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا، يەنە پاك بولۇش سىياسىتىنى قوشۇپ، جەمئىي 6 بۈيۈك سىياسەت دەپ تولۇقلىدى. شۇ چاغدا ئۇ 6 بۈيۈك سىياسەتنى ئىزاھلاپ: بۇ سىياسەت جەڭگىۋار نەزەرىيىگە ئىگە، ماركسىزم - لېنىنىزم [illegible] ئاساس قىلغان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت [illegible] بۇ سىياسەت ئىجاتلىق سىياسەت بولۇپ، [illegible] رىئايە قىلىشىغا، ھەم ھەقىقىي ھىمايە [illegible] ئېيتقان ئىدى.

[illegible] سىياسەت ئىچىدىكى جاھانگىرلىككە قارشى [illegible] ئەمەلىلەشتۈرۈش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ [illegible] غۇبىسىدىكى فاڭجىن، سىياسەتلىرىنىڭ شىنجاڭدا [illegible] بولۇشى ئۈچۈن، كومپارتىيە شىنجاڭدا بىر ئاممىۋى [illegible] قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى. ئۇ بولسىمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى، قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ئىدى.



جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى 1935 - يىلى 4 - ئايدا قۇرۇلدى. باش ئۇيۇشما ئۈرۈمچىدە بولۇپ، شۆبە ئۇيۇشمىلىرى شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقالغان ئىدى. بارلىق ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى بولغان مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ تەشكىلاتقا قاتناشتى. بۇ 6 سىياسەتنىڭ گەۋدىلىنىشى ھەمدە بىرلىكسەپنىڭ تەشكىلىي شەكلى ئىدى. جۇڭخۇا مىللەتلىرى خەۋپلىك پەيتتە تۇرغاندا، شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان كوممۇنىستلار پارتىيىسى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشنى ھىمايە قىلىدىغان، ئىنقىلاپنى ھىمايە قىلىدىغان بارلىق ئىلغار زاتلارنى تەشكىللەپ كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى قۇرغان ئىدى. بۇ ئۇيۇشما قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ ئېغىر تارىخىي ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى. شىڭ شىسەي بۇ ئۇيۇشمىنىڭ پەخرىي باشلىقى بولسىمۇ ھەقىقىي رەھبەرلىك ھوقۇقى كوممۇنىستلارنىڭ قولىدا ئىدى. مەسىلەن، ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىۋى ۋاڭ شۇچىڭ، ۋاڭ باۋچەن، خۇاڭ مىنپۇ (خۇاڭ خوچىن)، بۆلۈملەرنىڭ مەسئۇللىرى ماۋزېمىن، ۋەن شەنتىن، مەنسۇر، سىيىت ھاجى قاتارلىقلار ئىدى.

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ كونكرېت ۋەزىپىسى ۋە ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ھەمدە ئۇنىڭ ئاساسىي شوئارى، غەربىي شىمالنى ئىسلاھ قىلىش، شەرقىي شىمالنى قايتۇرۇۋېلىش، جاھانگىرلىككە - فاشىزىمغا قارشى تۇرۇش، ھەر كەزلىك ھالدا ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشتىن

ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ كونكرېت خىزمىتى ياپون جا-
ھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش مىللىي بىرلىكسەپى نەزىرىيىسى-
نىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاممىنى قوزغاش، ئاممىغا تەشۋىق قى-
لىش، ئاممىنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ خىزمەتلەرنى
ئەكس ئەتتۈرىدىغان ژورنال «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپ»
دەپ ئاتىلاتتى. 1935-يىلدىن 1942-يىلى ئەتىيازغىچە ئې-
لىپ بېرىلغان ئاممىۋى نامايىشلارنى جاھانگىرلىككە قارشى
تۇرۇش ئۇيۇشمىسى تەشكىللىگەن ۋە رەھبەرلىك قىلغان. باش
ئۇيۇشما ۋە شۆبە ئۇيۇشمىلاردا جاھانگىرلىككە قارشى
تۇرۇش كۇرسلىرى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، كادىرلارنى نۆۋەت بىلەن
تەربىيىلەيتتى. ئاممىغا قارىتا ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە 6 بۈ-
يۈك سىياسەت توغرىسىدا، ئېقىم مەسىلىلىرى توغرىسىدا دوكلات-
لار بېرىلىپ تۇرغان. قاتلامدىكى زاتلارغا ۋەزىيەت
تەربىيىسى ۋە ئېقىم سىياسەتلىرى توغرىسىدا تەربىيە بېرىش،
[illegible] تەرەپلەرنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ۋە
[illegible] ئاكتىپ ئامىللىرىنى ئىشقا سېلىپ
[illegible] قارشى تۇرۇشقا پائال يار-
[illegible] جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش چوڭ ئار-
[illegible] قىلىش ۋە مۇستەھكەملەش — شىنجاڭدىكى
[illegible] خەلقلەرنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇ-
[illegible] ئاساسى ۋەزىپىسى ئىدى.

[illegible] شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان كوممۇنىستلار، 7-ئى-
[illegible] لۇگوچياۋ ۋەقەسى پارتلىغاندىن كېيىن، جاھانگىرلىككە
قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلىي ئىقتىدارىدىن پايدى-
لىنىپ، پۈتۈن شىنجاڭدا كەڭ كولەملىك ئىئانە توپلاش ھەر-



كىتىنى قانات يايدۇردى. ئۇنىڭ شەكلى خىلمۇ-خىل بولدى.
كۆلىمى ئەڭ كەڭ بولغىنى، لۇگوچياۋ ۋەقەسىدىن كېيىنكى
ئالتۇن ئىئانە قىلىش ھەركىتى، 1938-يىلدىن كېيىنكى كى-
يىم-كېچەك ئىئانە قىلىش ھەركىتى بولغان ئىدى. بايلار ۋە
باي سودىگەرلەردىن ئىئانە ئېلىشتىن باشقا ئاممىۋى تەشكى-
لاتلار (ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇش-
مىسى، ئاياللار جەمئىيىتى)، ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتلىرى،
ئىدارە-مەكتەپلەر ھەر خىل ئەدەبىيات نومۇرلىرىنى كۆرسىتىش
ئارقىلىق پۇل توپلىغان ئىدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش
ئۇيۇشمىسى ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاممىنى ئىگەللىگەن-
لىكى ئۈچۈن، ۋەزىپىسى كۆرۈنەرلىك ئورۇنلانغان ئىدى. مە-
سىلەن: ۋۇخەننى قوغداش جېڭىدە، دۆلەت مۇداپىئەسى شىن-
جاڭ ماركىلىق 17 ئايروپىلان ۋۇخەن ھاۋا بوشلۇقىدا پەرۋاز
قىلدى. بۇ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ يا-
پون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا قوشقان تۆھپى-
سىنىڭ بىرى ئىدى.

شىڭ شىسەي ئاشكارا ئەكسىيەتچىلەشكەندىن كېيىن ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلاۋى پارتلىدى. بەزى ئىستىخىيىلىك يەر ئاستى
ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلىرى شەكىللىنىپ، كەلگۈسىدىكى شىنجاڭنىڭ
تېنچلىق بىلەن ئازات بولۇشى ئۈچۈن زورۇر بولغان تارىخى شەرت-
لەرنى يارىتىپ بەردى. شۇنى قارارلاشتۇرۇش كېرەككى 1934-
يىلى 4-ئايدىن باشلاپ 1942-يىلى 8-ئايغىچە شىنجاڭ ھەر
مىللەت خەلقلىرىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمى-
سى بىر ئىلغار تەشكىلات بولۇپ، ئۇ ئىنقىلاۋىي ئىشلار ئۈ-
چۈن ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشقان ئىدى.

## يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى ۋە 8 - ئارمىيە
## ئىش بېجىرىش ئورنى

ئاڭلىماقتا «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» كىشىلەرگە يېڭى-
دىن ئەسكەر بولغانلارنىڭ بىر باتالىيونى دىگەن تۇيغۇنى پەيـ
دا قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس ئىدى. شىنجاڭدىكى يېـ
ڭـى ئـەسكەرلەر لاگېرى پىشقەدەم قىزىل ئـارمىيە، پىشقەدەم
جەڭچىلەردىن تەركىب تاپقان بـولۇپ، ئـادەم سانىدىن ئېيتـ
قاندا، بىر باتالىيونغا توشمايدىغان بـۇ ئـەترەت جۇڭگو ئىشـ
چـى - دىخـانـلار قىزىل ئـارمىيىسىنىڭ بىر تـەكشۈى قىسـمى
ئىدى.

يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى تـارىخىغا كـەلسەك، ئـەسلىدە
1936 - يىلى قىزىل 4 - يونۇلۇش ئارمىيىسى، ماۋجۇشـى ۋە
پارتىيە مەركىزىي كـومىتېتىنىڭ يـولىيورۇغـى بـويىچە، يـاپون
[illegible] قارشى تۇرۇش ئـۇچـۇن شىمالغا يـۈرۈش
[illegible] ئىدى. ئەمما 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەردە،
[illegible] نىڭ پولىيورۇغى بىلەن قـارشىلاشقان ھالدا
[illegible] مېڭىپ ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلاۋىي لۇشيەنىدىن
[illegible] 4 - يونۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ 30 - 9 - ۋە 5 -
[illegible] 28 مىڭدىن كوپرەك قوماندان - جەڭچىلەرنى
[illegible] «خەلقارا يـول ئېچىش» دىـگەن خاتا شۇ-
[illegible] زورمۇ - زو خـۇاڭخېدىن ئوتۇشكە بۇيرۇق بەر-
[illegible] ئارمىيىمىز خېشى كارىدورىدا، غـەربـى شىمالدىكى چوڭ
مىلىتارىست مابۇفاڭ قاتارلىق باندىت قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچـ
رۇشۇپ، يىل بـويى قـانلىق ئېلىشتى، جـاڭ گوتاۋنىڭ خاتا



لۇشيەنى ئارقىسىدا ئارمىيىمىز يېتىم ھالدا جەڭ قىلدى، ئار-
قا سېپى بولمىدى، چىقىم بولدى، تولۇقلانمىدى. ئۇنىڭ ئۇستـ
ىگە دۇشمەنلەر ئاتلىق، ئارمىيىمىز پىيادە بولغانلىقتىن ئېغىر
چىقىم تارتتى. ئەڭ ئاخىرىدا، 1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ 24 -
كۈنى ئارمىيىمىز شىنجاڭ چېگرىسى شىڭشىڭشاغا كەلگەندە ئا-
ران 400 دىن ئارتۇق كىشىسى قالغان ئىدى. بىرىنچى سەپتە
ئەسلىدىكى 30 - كـورپۇس 88 - دىـۋىزىيىسىنىڭ 268 - تـۇەنى
جەڭ قىلغان بولۇپ، تۇەنجاڭى يـاڭ شۇمىن، جېڭـۋېيىسى ليۇ-
چىننەن، سەنمۇجاڭى رۇزىجـيەن يولداشلار ئىدى. بۇلار «چېگـ
را ئىشلىرى باشقارمىسى شىڭشىڭشا ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ
مۇدىرى ۋاڭشياۋدىيەننىڭ قىزغىن كۈتىۋېلىشىغا ئېرىشتى»، شۇ
كۈنى كەچتە ليۇچىننەن شىڭشىسەيگە تېلېفون بەرگەندە، شىڭـ
شىسەي قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 26 - كۈنى لى شيەنـ
نيەن ۋە چىن شىسەي قاتـارلىق يۇقۇرى دەرىجىلىك رەھبىرى
يولداشلارمۇ شىڭشىڭشاغا يېتىپ كەلدى. 27 - كۈنى سوۋېتنىڭ
ئىككى يۈك توشۇش ئايروپىلانى قىزىل ئارمىيىگە قورال - ياراق،
ئوق - دورا ۋە يىمەكلىك ئەكىلىپ بەردى. دەم ئېلىپ تەرتىپـ
كە سېلىنغاندىن كېيىن، ئادەم سانى كـوپ بولمىسىمۇ، لېكىن
ئىنتايىن خىل، جەڭگىۋارلىغى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بۇ قىزىل
ئارمىيە قوشۇنى شىنجاڭغا كىرگەن ئىدى.

ئەسلى شىڭشىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، يولـۋاس
بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، يولۋاسنى قۇمۇلنىڭ گارنىزون سىلىڭلىغىغا
تەيىنلىگەن ئىكەن. شىڭشىسەي ئارمىيىمىزگە: «يولۋاس سوۋېتكە،
كومپارتىيىگە، 6 بۇيۇك سىياسەتكە قارشى تۇرىدۇ، سىلەر ئۇنىڭدىن
ھوشيار بولۇڭلار، ئارقىمىزدىن يەنە 50 مىڭ كىشىلىك قىزىل ئارمىيە

شىنجاڭغا كىرىدۇ دەپ كەڭ جامائەت پىكرى پەيدا قىلىڭلار» دەپ ئۇقتۇردى. دەرۋەقە 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يولۋاس بىر شياۋ شياۋ دەرىجىلىك فۇگۇەننى ئېتۋېتىپ، ئارمىيىمىزنى تەسلىم بولۇشقا قىستىدى. شىڭ شىسەينىڭ تەلىۋىگە بىنائەن ئۇ ئېتىپ تاشلاندى. 28 ـ كۈنى ئۇ يەنە بىر جۇڭشياۋ دەرىجىلىك فۇگۇەننى ئېتۋەتكەندە، يۇقۇرىسىدىكىگە ئوخشاش جايلاندى. كېيىن يولۋاس شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئېتۋېتىلگەن قوشۇن ئارقىلىق يېڭىلىپ ئىچكىرىگە قېچىپ كەتكەن ئىدى.

1937 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چېن يۈن، تېڭ دەييۈەن، لى گۈاڭ قاتارلىق يولداشلار شىڭ شىسەي ئېۋەتكەن بىر دادۇي قوشۇننىڭ مۇھاپىزىتى ئارقىسىدا شىڭشىڭشىاغا يېتىپ كەلدى، ئۇلار بىر قانچە 10 ئاپتوموبىلدا شىڭ شىسەي ئېۋەتكەن كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. چېن يۈن پارتىيە مەركىزي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن قوماندان، جەڭچىلەرگە سۆز قىلدى. يولداش چېن يۈن بىلەن بىرگە كەلگەن سۇۋېتلىك يولداشلارمۇ بار ئىدى، ئۇلار قىزىل ئارمىيىمىزنى سۈرەتكە ئالدى. شۇ چاغدا بەزى قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى يولداش چېن يۈننىڭ سۆزىنى دىگەندەك قوبۇل قىلالماي، قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغاندا، يولداش چېن يۈن ئۇلارغا ئېيتىپ ئىزاھات بەرگەن ئىدى. كىيىم ـ كېچەكنى يەڭگۈشلىگەن چاغدا، جەڭچىلەر «كوك ئاسمان، ئاق قۇياش» بەلگىلىك كاكارنى كورۇپ بەكمۇ يىرگىنىدى، ئۇزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى 8 بۇرجەكلىك شەپكىسىدىن ئايرىلغىسى كەلمەي، 8 بۇرجەكلىك شەپكە بىلەن بەش يۇلتۇزلۇق كاكارنى ئۆز يېنىدا ساقلاشنى تەلەپ قىلدى. يەنە نۇرغۇن يولداشلار بۇ قىممەتلىك



بۇيۇملارنى ئۆز يانلىرىدا ساقلاپ قالدى. دىمەك، قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى پىشقەدەم قىزىل ئارمىيىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى نەقەدەر قىزغىن سۆيگەن ـ ھە!

5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە قىزىل ئارمىيە قوماندان ـ جەڭچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن ماشىنىلاردا ئولتۇرۇپ، يولغا چىقىپ، 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. قارلىق تاغ، ساسلىق ئوتلاقلارنى كېسىپ 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرنى بېسىپ ئۆتكەن پىشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى شىنجاڭغا كېلىپ يېڭى ئەسكەرگە ئوزگەردى. بۇ شەرەپلىك جەڭگىۋار كوللىكتىپ «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» دەپ ئاتالدى. قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى بۇنىڭغا قاتتىق ئېچىناتتى، بەزىلىرى يىغلاپ كېتەتتى. 30 ـ كورپۇس باشلىقى يولداش چېن شىسەي ئىزاھات بېرىپ: بىزنىڭ قوماندان ـ جەڭچىلىرىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، يەنىلا پىشقەدەم قىزىل ئارمىيە دىيىلىدۇ، رىيال مۇھىت ۋە ئىنقىلاپنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇنۇش كېرەك. يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى دىگىنىمىز سىرتقا قارىتا ئېيتىلغان نامىدىنلا ئىبارەت، دىگەن ئىدى.

يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى، ماۋجۇشى ۋە پارتىيە مەركىزي كومىتېتىنىڭ سەمىمى غەمخورلىغىدا، سىياسى ئېقىم مەسىلىلىرى ئۆگىنىشى، مەدەنىيەت ئۆگىنىشى، تېخنىكا ئۆگىنىشىدەك شەرەپلىك ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇۋالغان ئىدى. ئىشچى ـ دىخان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۆگىنىشنى ساۋات چىقىرىشتىن باشلىغان ئىدى. 1937 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى 1 ـ 2 ـ 3 ـ 4 ـ ئەترەت ۋە كادىرلار 5 ـ ئەترەت بولۇپ تەشكىل قىلىندى.

كادىرلار سىياسى ۋە مەدىنىيەت ئۆگىنىشتىن باشقا، ئاساسلىقى ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئۆگىنەتتى، جەڭچىلەر بولسا، مەدىنىيەت سەۋىيىسى، ياش ئالاھىدىلىكى بويىچە، ئاپتوموبىل، پىرونىۋىك، زەمبىرەك، دوختۇرلۇق، ئاۋىئاتسىيە قاتارلىق دەرس تۈرلىرىگە ئايرىلغان يەنە ئاز ساندىكىلىرى چەتئەل تىللىرى ئۆگىنەتتى. يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرىدىكى نۇرغۇن جەڭچىلەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى، ھاۋا ئارمىيىسى ۋە باشقا مىخانىكىلاشقان ئارمىيە خىللىرىنىڭ ئاساسلىق تايانچلىرى بولدى.

قىزىل ئارمىيىنىڭ مەدىنىيەت ئۆگىنىشىگە كەلسەك كۆپلىگەن قىزىقارلىق ئىشلار بولغان ئىدى. مەسىلەن: جىددى جەڭلەردىمۇ مەدىنىيەت ئۆگىنىشىنى داۋاملاشتۇرغان، ئۇلار جەڭ مەيدانىغا بېرىشتىن بۇرۇن، مەدىنىيەت كادىرلىرى يەككە خەتلەرنى يېزىپ چاپلاپ قوياتتى. جەڭچىلەر ئۇنى پارچە قەغەزلەرگە يېزىۋېلىپ مىلتىغىنىڭ پاينەكلىرىگە چاپلاپ ئۆگىنىش قىلاتتى. بۈگۈنكى كۈندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېگىز بىنا، پارلاق ئۆي، يورۇق چىراق ئاستىدىكى ئۆگىنىشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھەقىقەتەن جاپالىق ئۆگىنىش ئىدى. دېمەك ئۇلار پېشقەدەم قىزىل ئارمىيىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرغانلىقى ئۈچۈن، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى.

ھەربى تېخنىكا ئۆگىنىشىدىكىلەر، بەزىدە شىڭ شىسەي ئېۋەتكەن ھەربى مۇئەللىمنىڭ دەرسىنى ئاڭلايتتى، بەزىدە شىڭ شىسەينىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىللە ئۆگىنىش قىلاتتى. شىڭ شىسەينىڭ مىخانىكىلاشقان قوشۇنىدا ئۆگىنىش قىلغان قې-



زىل ئارمىيە جەڭچىلىرى، ھەر ھەپتىنىڭ يەكشەنبە كۈنلىرى يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرىغا قايتىپ كېلەتتى. ئۇلارغا يولداش فاڭ لىنىڭ رەھبەرلىك قىلىپ، سىياسى ئۆگىنىش قىلدۇراتتى، ياكى تەشكىللى تۇرمۇش ئۆتكۈزەتتى.

يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى شىڭ شىسەيگە زور ياردەم كۆرسەتتى، ماخۇسەن ۋە ماڭۇتلار شىنجاڭدا قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغان چاغدا شىڭ شىسەي قوشۇنى، جۇملىدىن جاۋداۋتۇەن ۋە ھەربى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئالدىنقى سەپكە كەتكەندە، شەھەر قوغداش ۋەزىپىسى يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرىغا تاپشۇرۇلغان ئىدى. شىڭ شىسەي يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرىغا نىسبەتەن ئالاھىدە دوستلۇق ۋە ئىشەنچ بىلدۈرگەن ئىدى. ئۇ دائىم يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرىغا كېلىپ مېھمان بولاتتى، ئۇ يەنە يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرىنىڭ كادىرلىرىغا ئۆز قوشۇنلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىشنى تەكلىپ قىلاتتى.

دەرۋەقە شىڭ شىسەينىڭ دوستلۇقى ۋە ئىشەنچىسى نىسپى ئىدى. ئۇ يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرىنىڭ جەمئىيەتتىكى شۆھرىتىدىن قىزغىنىپ، باشقىچە غەرەزدە خىلمۇ-خىل رەزىل ۋاستىلارنى قوللىنىپ، يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرىغا تاقابىل تۇراتتى، بىرىنچىدىن، يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى ئەتراپىغا نۇرغۇن پايلاقچىلارنى ئورۇنلاشتۇراتتى، ئۇزۇن سىناقلاردىن ئۆتكەن قىزىل ئارمىيە قوماندان-جەڭچىلىرى ئۇلارنى سېزىۋالغان ھامان، قۇيرۇغىنى چىۋىغا قىسىپ تىكىۋېتەتتى. ئىككىنچىدىن، ئۆز كونتروللىقىدىكى كادىرلارنىڭ يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى بىلەن ئالاقە قىلىشىنى ۋە يېقىنلىشىشىنى قاتتىق نازارەت قىلاتتى ۋە توساتتى. ئۈچىنچىدىن، بىر

فۇگگوەننى ئېيۋەتىپ، يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرىدا دائىم تۇرغۇزۇپ، كورۇنۇشتە تەمىنات مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ياردەملەشتۇرۇش، ئەمەلىيەتتە پايلاقچىلىق قىلدۇراتتى. دوستلۇقىنى بىلدۇرۇپ يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرىغا مېھمان بولۇپ كەلگەندىمۇ، ئوگزىدىلەرگە پىلىموت قۇرۇپ قويۇپ، زور تۈركۈمدىكى قوراللىق مۇھاپىزەتچى بىلەن كېلەتتى. شىڭ شىسەي ھېچقانداق كىشىگە ئىچكى سىرىنى ئاشكارىلىمايتتى، ئۇنىڭچە، مۇشكۇل كۈنلەردە بىللە بولۇپ ئۆتكەندىغان كىشىلەر يوق دەپ ھېساپلايتتى.

«يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» شىنجاڭدا ئىككى يىل 8 ئاي ۋاقىت تۇردى، ئۇلار ھەقىقەتەن مەزمۇت تۇرۇپ، چېنىققان ئىدى. 1939 - يىلى 6 - ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇئېنلەي، چۇڭچىڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندا شىنجاڭدىن ئوتۇپ كېتىۋېتىپ لاگېرغا بېرىپ يېڭى ئەسكەرلەرنى يوقلاپ، ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، جەڭچىلەرنىڭ تېخىمۇ ئۆگىنىشىگە ئىلھام بەرگەن ئىدى. مۇئاۋىن رەئىس جۇئېنلەي: «ھازىرقى ئاساسىمىز ئاجىز، ئاسمانىمۇ ئاپپاراتلاردا ئۆزىمىزنىڭ بىر ئالاھىدە قوشۇننى قۇرۇپ چىقىمىز» دېدى. بىرونېۋۇك ۋە تانكا ھەيدەشنى ئۆگىنىۋاتقان قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، تېخىمۇ بېرىلىپ جاپاغا چىداپ ئۆگەندى. 1939 - يىلى يىل ئاخىرىدا، قىزىل ئارمىيە قوشۇنى پۈتۈنلەي يەنئەنگە يېتىپ بېرىپ 8 - ئارمىيىنىڭ مېخانىكلاشقان قوشۇنلىرىغا قاتناشتى.

شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش بولغانلىقى ئۈچۈن، شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش



سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىمۇ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلىشنى قوللىغان ئىدى، ئۆزىمۇ كوپ قېتىم ماركسىزم - لېنىنىزم ھەققىدە نۇتۇق سۆزلىگەن ئىدى. مەسىلەن: 1938 - يىلى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ بىر قېتىملىق ئەزالار يىغىنىدا، ئۇ ئىككىلەنمەستىن قەتئىي ئىنقىلاپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە 8 - ئارمىيىنىڭ قەھرىمانلىق بىلەن كۈرەش قىلغان روھىنى مەدھىلەپ: «بۇگۈنكى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرى كەلگۈسىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ» دېگەن ئىدى. ئۇ چاغدا شىڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى تولۇق ئاشكارا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ نەيرەڭ سۆزلىرى نۇرغۇن كوممۇنىستلارنى ۋە ئىنقىلاپچىلارنى قايمۇقتۇرغان ئىدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماۋجۇشىنىڭ بىرلىكسەپ توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، شىنجاڭدا 8 - ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇپ، شىڭ شىسەينى قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىدى. ئەڭ ئاۋال چېن يۈن، ئاندىن فاڭ لىنىڭ (دېڭ فا)، ئاخىرىدا چېن تەنچۇ (شۇجيە) 3 يولداش شىنجاڭدىكى 8 - ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىغا رەھبەرلىك قىلدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى، خەلقارا ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈش، خەلقارا قاتناش يولىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان كوممۇنىستلار ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىغە تەسىر كورسەتتى.

ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغدا، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ غەربىي زالىدا، كېيىن نەنلياڭدىكى، يەنى ھازىرقى 8 - ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ خاتىرە سارىيىدا ئىشلىدى. 8 - ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنىدىكى رەھبىرى يولداشلارنىڭ ھەممىسى ئىنقىلاۋىي ساداقەتلىك ئارزۇسى بىلەن شىڭ شىسەيگە قارىتا قولغا كەلتۈرۈش ۋە ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

يولداش چېن يۈن، 1937 - يىلى 4 - ئايدا شىنجاڭغا كېلىپ، يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرىدا تۇرۇپ، شىڭ شىسەي بىلەن دائىم ئالاقىلىشىپ، بىر قاتار ھەم ئىتتىپاقلىق، ھەم كۈرەش قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. مەسىلەن: گومىنداڭنىڭ شىنجاڭنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈش، كومپارتىيىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىش غەرىزى ماجۇڭيىڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن توگەپ كەتكەن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار كۆپ قېتىم مابۇفاڭ، مابۇچىڭ قاتارلىق چوڭ مىلىتارىستلارنى شىنجاڭغا تەسىر كۈچىنى كىرگۈزۈشكە كۈشكۈرتتى. يولداش چېن يۈن قومۇل مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشنى تەكلىپ قىلدى، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى 8 - تۇەنىنىڭ قومۇلدا تۇرغانلىقى شىڭ شىسەينىڭ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ قوللانغان تەدبىرى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئامىمىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش، ئىئانە توپلاش ھەركىتىنى قانات يايدۇرۇشنى يولداش چېن يۈن ۋە سوۋېت كومپارتىيىسىدىكى بەزى يولداشلار ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم تەدبىر ئىدى.

1937 - يىلى كۈزدە، پارتىيە يولداش فاڭ لىننى يولداش



چېن يۈننىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئەۋەتتى. دەسلەپتە يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرىدا، كېيىن ياڭماۋخۇدا تۇرۇپ ئىشلىدى. ئۇ چاغدا بۇ ئورۇننى يولداش فاڭ لىننىڭ گۇڭگەنى دەپ ئاتايتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ياكى يەنئەندىن كەلگەن جۇڭگو كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ مېھمانخانىسى ئىدى. 1938 - يىلى 9 - ئايدا، شىنجاڭدا 3 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. شىڭ شىسەي سىياسىي دوكلادىنى قۇرۇلتايدىن ئاۋۋال يولداش فاڭ لىننىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا بەرگەن. دوكلاتتا، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش مىللىي بىرلىكسەپ مەسىلىسىدە، كومپارتىيىنىڭ رولى تەكىتلەنمىگەن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە دوكلات ئۇزۇن بولۇپ، سۆزلىرى تەكرارلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، يولداش فاڭ لىن سەممىمىي ھالدا ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش تەشۋىقاتىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە كومپارتىيىنىڭ مىللىي بىرلىكسەپتىكى رەھبەرلىك رولى قاتارلىقلارنى تەكىتلەش لازىم دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. شىڭ شىسەي كۆرۈنۈشتە بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلغاندەك بولۇپ ئازدۇر - كۆپتۇر تۈزەتكەن بولسىمۇ، دوكلات بەرگەندە سۆزنى باشلاپلا: «مەن بۇ قېتىم موسكۋاغا باردىم، ستالىن دوكلادىمنى تەكشۈردى ......» دېگەن. بۇنىڭدىن شۇنداق مەنا چىقىدىكى، ئۇ، ستالىننىڭ يۈكسەك ئابرويىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى ئۈستۈن قويۇپ، دوكلاتقا قىل سىغمايدۇ دېگەننى بىلدۈرمەكچى، ئۇنىڭ بۇ خىل دارىتمىلىرى يولداش فاڭ لىننىڭ پىكرىنى قوبۇل كۆرمىگەنلىكتىن ئىبارەت ئىدى.

شىڭ شىسەي نېمە ئۈچۈن موسكۋاغا باردى؟ شىڭ شىسەي ئۇ چاغدا سوۋېت كومپارتىيىسىگە ئەزا بولۇش، شىنجاڭنى بىر ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى بىر سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ باشلىقى بولۇش كويىدا بولغان ئىدى. 1937 ـ يىلى كۈزدە جەنۇبىي شىنجاڭدا ماخۇسەن، ماھۇتلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قارا نىيىتى تېخىمۇ چېكىدىن ئاشتى. ئەمما سوۋېت كومپارتىيىسى ئۇنىڭ مۇنداق تەلەپلىرىگە ئامالسىز ئىدى. شۇڭا شىڭ شىسەي بۇ ئىشقا ئاچچىغلىنىپ شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان سوۋېت كومپارتىيە ئەزالىرىنى قولغا ئالغان ئىدى. بۇ كىشىلەرنى ستالىن چاقىرتىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، ئۇ خاتىرجەم بولالماي موسكۋاغا بارغاندا ستالىننىڭ پوزىتسىيىسىنى چېكىپ كۆرمەكچى بولۇپ، سوۋېت كومپارتىيىسىگە كىرىش تەلىۋىنى تەستىقلاپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ستالىن ئۇنىڭغا بىر ئاز ئىلھام بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى مارشاللىرى ئېسىپ يۈرۈيدىغان قوماندان خەنجىرىدىن بىرنى، يېڭى پوبىپدادىن بىرنى بېرىپ، باشقا تەلەپلىرىگە جاۋاپ بەرمىدى. شىڭ شىسەي «3 ـ قۇرۇلتاي» دىن بۇرۇن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. گەرچە ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، ئۇ يەنە ھە دەپ پو ئېتىپ: "ستالىن ئىنتېرناتسىئونالىزم جەڭچىسى دەپ ماختىدى، شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى مارشاللىرىنىڭ خەنجىرىدىن بىرنى تەقدىم قىلدى" دەپ داۋراڭ سالدى. بۇ ئۇنىڭ موسكۋاغا بارغانلىقىنىڭ ئىچكى سىرى.

8 ـ ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنىغا ئەڭ ئاخىردا يولداش چېن تەنچۇ رەھبەرلىك قىلدى. 1934 ـ يىلى كۈزدە،



مەركىزىي قىزىل ئارمىيىمىز جياڭشىدا مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىققاندا ئۇ پارتىيىنىڭ يوليورۇقىنى قوبۇل قىلىپ، مەركىزىي سوۋېت رايونىدا قېلىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى داۋاملاشتۇرغان، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، دۈشمەنلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەن ئىدى. بىر قېتىملىق مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈشتە ئۇنىڭ ئوڭ قولىغا ئوق تېگىپ، سول قولىلا قالغان ئىدى. قولىغى ساقايغاندىن كېيىن يەنە بوشاشماستىن كۈرەشكە داۋاملىق قاتناشتى. 1935 ـ يىلى بۇيرۇققا بىنائەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ 3 ـ ئىنتېرناتسىئونال خىزمىتىگە قاتناشتى، 1939 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ ۋاڭ لىڭنىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ھەم 8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭ ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مەسئۇلى بولدى.

يولداش چېن تەنچۇ، شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان كوممۇنىستلارنى 6 بۈيۈك سىياسەتنى ئىجرا قىلىش، بىرلىكسەپ بايرىقى ئاستىدا شىنجاڭنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ كۆپ تۆھپە يارىتىش، كوممۇنىستلارنىڭ ئېسىل ئىستىلى ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تەسىر كۆرسىتىش ھەم ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق قىلىشىش، ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىپ ياپون جاھانگىرلىرىگە قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى تېزلىتىشكە چاقىردى.

يولداش چېن تەنچۇ پارتىيىلىك يولداشلارغا بولغان سىياسى، ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرەتتى، ئۇ 8 ـ ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنىنى پارتىيىنىڭ

بىرسىياسى مەكتىۋى قاتارىدا ھىساپلاپ، پارتىيىلىك يولداش-
لارغا ماركسىزىم لېنىنىزىم، پارتىيە تارىخى، ماۋجۇشىنىڭ
ياپون جاھانگىرلىگىگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى مىللى
بىرلىكسەپ جەھەتتىكى بەزى شانلىق ئەسەرلىرىدىن سۆزلەپ
بېرەتتى. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقلىرىگە يارىتىپ بەرگەن ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى، ئالدى بىلەن
ماۋجۇشى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىگە
مەنسۇپ دېيىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يولداش چېن تەنچيۇغا ئوخ-
شاش مۇنداق بىر ياخشى باشلىقنىڭ كونكرېت رەھبەرلىكى
بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

## شىنجاڭدىكى چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى ۋە ئولكە مۇداپىئە باشقارمىسى

شىڭ شىسەي تەختكە چىقىشتىن بۇرۇنقى شىنجاڭ، مىلى-
تارىستلارنىڭ مەنپەئەت تالىشىدىغان سورۇنى بولۇپلا قالماستىن،
جاھانگىرلارنىڭ غايىسىدىكى مۇستەملىكە ئىدى. ئۇلار گېئولوگ
تەكشۈرۈش بايرىغى ئاستىدا جاسۇس كىرگۈزۈپ، شىنجاڭنى
بولۇۋېلىش ھەركىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئالدى بىلەن ئەن-
گىلىيە جاھانگىرلىگى ئۆزىنىڭ «مۇستەملىكىچىلىك يولىنى
ئىزدىنىپ «سىتەيىن باشچىلىغىدىكى قاراقچىلار گۇرۇھىنى كۆپ
قېتىم شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، ئاتالمىش گېئولوگ تەكشۈرۈش
ئېلىپ باردى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقىسى 1931 - يىلدىن 1933 -
يىلغىچە بولغان ئىدى. ئۇلار كەشمىردىن چېگراغا كىرىپ، قەشقەر،
خوتەن، چەرچەن، چاقىلىق ئارقىلىق دۇڭخۇاڭغا، ئاندىن يۈمېن،



جۇچۇەن، سەددىچېن شىپىلىدىن ئۆتۈپ تيانشاننىڭ جەنۇبى
ئېتەكلىرىنى بويلاپ، قۇمۇل، پىچان، تۇرپان، بۆگۈر، كۇچار،
قەشقەر ئارقىلىق يەنە ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەن. جۇ گوچىڭ
يازغان «سىتەيىن ۋە ئاسىيانىڭ ئەڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى
مەدىنى يادىكارلىقلار» دىگەن ماقالىدا كۆرسىتىلىشىچە، ۋېي،
جىڭ سۇلالىلىرىدا يېزىلغان تاختا پۈتۈكلەردىن بىرقانچە ئون
تاختا، جىڭ دەۋرىنىڭ دەسلىۋىدە يېزىلغان تاختا پۈتۈكلەردىن
يۈز تاختىدىن ئارتۇق، دۇڭخۇاڭدىكى خەن دەۋرى خارابىلىرىدىن
خەن دەۋرىگە ئائىت قول يازمىلاردىن بىرقانچە يۈز تاختىنى
ئوغرىلاپ كەتكەن. دۇڭخۇاڭدىن يەنە تاڭ دەۋرىدە يېزىلغان
كىتاپلاردىن بىر قانچە مىڭ تومىنى ئوغرىلاپ كەتكەن. يەنە
نۇرغۇن سانسكرىت يېزىغى، پارس يېزىغى، تۈرك يېزىغى،
ئۇيغۇر يېزىغى قاتارلىق كۆپ خىل يېزىقتىكى ھۆججەت ماتېرى-
ياللارنىمۇ ئوغرىلاپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل قاش
تېشى، ساپال، مىتال، سەنئەت بۇيۇملىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار-
نىڭ بۇلاڭچىلىق ئۇسۇلى يوقىتىش خاراكتېرىدا بولۇپ، تاملار-
دىكى قېدىمقى سۈرەتلەرنى پولات ھەرە بىلەن ھەرىدەپ ئېلىپ
كەتكەن. ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەنلا جايلاردا بارلىق مەدىنى
يادىكارلىقلار نابۇت قىلىۋېتىلگەن. شۇ قېتىم ئوغرىلاپ كېتىل-
گەن ئېسىل تام سۈرەتلىرى، ھەيكەل سۈرەتلەر، سەنئەت
بۇيۇملىرى، قول يازما ۋە مەتبەئەدە بېسىلغان كىتاپلار 160
ساندۇققا قاچىلانغان. جاھانگىر قاراقچىلارنىڭ مەدىنى يادىكار-
لىقلارنى بۇلاپ كېتىشى بولسا بىر كىچىك ئىش، ئەمما ۋەتەن
تۇپرىقىنى پارچىلاش قەستى باشقىچە چوڭ ئىش ئىدى.
ئۇلار گېئولوگ تەكشۈرۈش بايرىقى ئاستىدا، شىنجا-

جاڭنى پارچىلاش قەستىدە ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇلاپ كەتكەن يادىكارلىقلاردا ئۇچرايدىغان بەزى پارچە-پۇرات ھىندى، ياۋروپا يېزىقلىرىغا ئاساسەن، تارىخىي ياكىتلارنى بۇرمىلاپ، بەزەن سەپسەتىلەرنى تارقىتىپ، قەدىمقى شىنجاڭنىڭ تىلى ھىندى، ياۋروپا تىلىدىكى مىللەتلەرگە مەنسۇپ، بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان مىللەتنىڭ كۆپى «ئارىيانلار» ئىدى دېدى. بۇ خىل يالغان سۆزلەرنى تارقىتىشتىن مەقسىدى، شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگو زېمىنى ئەمەس دېمەكچى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا كىرگۈزۈشكە يول تېپىشتىن ئىبارەت ئىدى.

1933-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، قەشقەردە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ كېلىپ چىقىشى، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى پىلانلىغان، سىتەيننىڭ گېئولوگ تەكشۈرۈش بايرىقى ئاستىدا يۆلەپ قويۇلغان بىر قورچاق ھاكىمىيەت ئىدى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى گېئولوگ تەكشۈرۈش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىسى، تاغ-دەريا يوللىرىنى ھەتتا قايسى جايدا بۇلاق ۋە قۇدۇق بارلىقىنى ئېنىق تەكشۈرۈۋالغان ئىدى. نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىدۇ؟ روشەنكى، بۇ قوراللىق تاجاۋۇز قىلىشنىڭ تەييارلىقى ئىدى.

18-سېنتەبىرنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ماھىيىتى ئەنگلىيەگە ئوخشاش ئىدى. ئۇنىڭ زېمىنگە بولغان قارا نىيىتى ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشەتتى، ئۇلار ياڭ زىڭشىن، جىن شۇرېن دەۋرىدىلا شىنجاڭغا كۆپ قېتىم گېئولوگ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىپ، راھىپ-لامالاردىن پايدىلانغان ھەم چۆچەكتە پاھىشىخانا ئېچ-



چىپ ھەربىي ئاخبارات توپلاپ جاسۇسلۇق ھەركىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى. ئەڭ ئاشكارا بولغىنى شۇكى، داشىجۇڭنى ماجۇڭيىڭ قىسمىغا كىرگۈزۈپ، ئىلگىرى شىنجاڭغا ئورۇنلاشتۇرغان جاسۇس ئاق گۋاردىيىچى دىياكوۋ بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، شىنجاڭدا ئاغدۇرمىچىلىق ھەركىتىنى ئېلىپ باردى.

داشىجۇڭ، يەنە بىر ئىسمى يوي خۇاتىڭ شىئەندىن ئوتتۇشىدە، ماجۇڭيىڭ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، شياۋ سەنمۇلۇق ۋەزىپىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا ئىككىنچى قېتىم كىرگەندە، داشىجۇڭ تېلېگىراممىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتى ئىشلىگەن. ماجۇڭيىڭ ئۇرۇشتا يېڭىلگەندە، داشىجۇڭ ئۆزىنىڭ ئىشپىيونلۇق سەزگۈرلىكى بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىڭ شىسەينى قوللايدىغانلىقىنى بايقاپ، ماجۇڭيىڭنى شىنجاڭدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ، قېچىپ كېتىش ھىلىسىنى قوللۇنۇپ يوشۇرۇنۇۋالغاندا، ماجۇڭيىڭ ئۇنى تۇتۇۋالالماي ئاچچىقى كېلىپ قەيەردە تۇتۇلسا شۇ يەردە ئېتىپ تاشلاش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن، لېكىن ئۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ شىڭ شىسەي قىسمىغا ئۆتۈۋالغان. داشىجۇڭ تېلېگىراممىغا مۇتەخەسسىسى ئىدى، شىڭ شىسەي ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، خۇاڭ مۇسۇڭ، لۇۋېنگەنلەرنىڭ نەنجىڭغا ئېۋەتكەن مەخپىي تېلېگىراممىلىرىنى ئۈزۈۋېلىپ شۇتىڭغا تەرجىمە قىلدۇرغان ئىدى. 1933-يىلىنىڭ ئاخىرى لۇۋېنگەن نەنجىڭغا قاراپ تىكىۋەتكەندىن كېيىن، شىڭ شىسەي داشىجۇڭنى قولغا ئالدى. ئارىدىن 4 يىل ئۆتۈپ 1937-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىڭ شىسەي غوجانىياز ھاجىنى قولغا ئېلىپ، سىرتقا قارىتا، يوي خۇاتىڭ (داشىجۇڭ) غوجانىياز ھاجىنى سېتىۋېلىپ كەڭ كۆلەملىك

ئىسيان كوتىرىشنى پىلانلىغانلىق دەپ تەشۋىق قىلدى. كېيىن كىشىلەر تارىخي پاكىتلارغا قارىماي، ئېقىپ يۈرگەن سۆزلەرگە ئەگىشىپ غوجانىياز ھاجىنى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ غالچىسى دەۋالدى. ئەمەلىيەتتە، داشىجۇڭ غوجانىياز ھاجى مۇئاۋىن رەئىس بولۇشتىن ئاۋال قولغا ئېلىنغان ئىدى، داشىجۇڭ قولغا ئېلىنىپ 4 يىل تۈرمىدە ياتقان تۇرسا، قانداق قىلىپ مۇئاۋىن رەئىس غوجانىياز ھاجىنى سېتىۋالسۇن؟ شۇڭا غوجانىياز ھاجىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. داشىجۇڭ غوجانىياز ھاجىنى سېتىۋالدى دىگەن سۆز ئويدۇرمىدىن ئىبارەت.

يۇقۇرقى پاكىتلاردىن شۇنى چۈشەنگىلى بولىدىكى: جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭنى بۆلۈۋېلىپ زېمىن كېڭەيتىشلىكىنى يولغا قويۇپ، بازار ۋە خام ماتېرىيال بازىسى قولغا كەلتۈرۈشنى قەستلىگەنلىكى مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى بولغان بولسا، مۇھىمى، شىنجاڭنى پارچىلاپ كۆۋرۈك قىلىپ، سوۋېتكە، كوممۇنىزىمغا قارشى تۇرۇش ئىدى. شۇڭا شىنجاڭدا چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى قۇرۇلۇشتىن خېلى بۇرۇنلا 3 - ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئالاھىدە خىزمەت خادىملىرى كېلىپ شىنجاڭدا جاھانگىرلىككە قارشى، ئىشپىيونلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى. بوگونىن (پىرىخوپكا) بولسا بۇنىڭ بىرى ئىدى.

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ مەڭگۈ ئايرىلماس زېمىنى ئىكەنلىككە كاپالەتلىك قىلىش، پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسى، دۇنيادا تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن دۈشمەنلەر قىلىچلىرىنى بولەۋاتقان ئىكەن، ئۇنىڭغا تىغمۇ - تىغ تاقابىل تۇرۇش زۆرۈر ئىدى. شۇڭا،



شىڭ شىسەينىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇشنى شەرت قىلغان ئاساستا شىنجاڭدا 3 - ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئاخبارات تەشكىلى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى «شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسى چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى» ئىدى.

چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى 1935 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلدى. «1 - ئاۋغۇست» كۈنى شىنجاڭدا ئوخشاش بولمىغان مەنىگە ئىگە ئىدى. 1934 - يىلى «1 - ئاۋغۇست»دا غوجانىياز ھاجى شىنجاڭنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان؛ ماجۇڭيىڭنىڭ قالدۇق قىسمى ماخۇسەن، شىڭ شىسەينىڭ باش مەسلىھەتچىسى مالىنكوفنىڭ كېلىشتۈرۈشى ئارقىسىدا، تەرتىپكە سېلىنغان سابىق 36 - دىۋىزىيە نامىنى ساقلاپ خوتەندە تۇرغان، مەمۇرىيەت جەھەتتە بىرلىككە كېلىپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىگە ئۆتكەن كۈن ئىدى. شۇڭا «1 - ئاۋغۇست» كۈنىنى «شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن بىرلىككە كەلگەن كۈن»، «جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيىنىڭ قۇرۇلغان كۈنى» قىلىپ بەلگىلىگەن.

چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ تارىخى ئۆزگىرىشى مۇنداق: جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئىنتېرناتسىئونال ئاخبارات باش ئىدارىسى ئۈرۈمچى سوۋېت كونسۇلخانىسىدا قۇرۇلغان ئىدى. ئۇنىڭ شۆبە ئىدارىلىرى جىياڭ جېيشى ئىشغالىيىتىدىكى رايونلارغا چوڭقۇرلاشقان. مەسىلەن، لەنجۇدىكى «گاۋچياڭ سودا سارىيى» شۇنداق ئىدى. 12 - ئاپرېلدا شىڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن دۇبەن مەھكىمىسىدە «مەخپىي ئىشلار ئىشخانىسى» قۇرۇلدى. 1935 - يىلى «1 - ئاۋ-

غۇست» دا «مەخپىي ئىشلار ئىشخانىسى» چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، شىڭ شىسەي ئۆزى باشلىق بولدى. مۇئاۋىنلىققا چېن پېيىڭ (ئەسلى ئىسمى ليۇجېر جۇڭ، سوۋېت كومپارتىيە ئەزاسى) تەيىنلەندى. مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ئىلغار زات ۋۇزۇجۇن ئىدى. باشقارما تەۋەسىدە تەشكىلات، ئاخبارات، مەخپىي تېلېگىرامما، مالىيە ئىشلىرىدىن ئىبارەت 4 بۆلۈم تەسىس قىلىنغان ئىدى. بۇلارنىڭ سىرتىدا رەسمىي بۆلۈمى ۋە تېلېگىرامما ئىستانسىسى بار ئىدى. ئاساسلىق مەسئۇل بولغۇچىلار: مالىنچىپ باشچىلىقىدىكى 7 نەپەر سوۋېت، ھەربىي ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، باشقا خىزمەتچىلىرىدىن: لىن دى، بيا ۋچۈشى، لى ۋىخۋا، ۋەن يۈلىن، ۋۇنەنسەن، جۇدېتەي، جيا ۋيۇ، ليۇشۇمىن، جاشى فىن، شاۋچېن قاتارلىق جۇڭگو كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە سوۋېت كومپارتىيە ئەزالىرىدىن بولۇپ جەمئىي 20 دىن ئارتۇق كىشى ئىدى. شۇ چاغلاردا يەنە بەزى ئىدىيىسى بىر قەدەر ئىلغار پارتىيىسىز زاتلارنىمۇ قوبۇل قىلىنغان. مەسىلەن: لى گوچېن ئاخبارات بۆلۈمىگە باشلىق بولغان ئىدى، 1943 ـ يىلى چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى ئەمەلدىن قالغاندا، ئۇ مۇۋەققەت باشقارما باشلىقى بولۇپ، ئاخىرقى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىغا قاتناشقان خادىملارنىڭ، شۇ چاغدا مۇتلەق كۆپچىلىكى كومپارتىيە ئەزاسى ياكى ئىلغار زاتلار ئىدى. لېكىن سوقۇنۇپ كىرگەن ئايرىم بۇزۇقلارمۇ بولغان، مەسىلەن، جاۋۋېنرۇ بىلەن گاڭ شىن شىڭ شىسەي تەرىپىدىن كىرگۈزۈلگەن ئىشپىيونلار ئىدى.

چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىغا قاتناشقان خادىملار، ھەيلى پارتىيىلىك بولسۇن ياكى پارتىيىسىز بولسۇن ھەممىسى



قەسەم بېرىش رەسمىيىتىنى ئۆتەيتتى، ئۇلارغا قاتتىق ئىنتىزام تەلىۋى قويۇلغان ئىدى: بىرىنچىدىن، خەلققا، كوممۇنىزىم ئاخبارات تەشكىلىنىڭ ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئوچۇق ھەربىي سوتنىڭ جازاسىغا ئۇچرايتتى، ئىككىنچىدىن، يۇقۇرىدا ئاتا ـ ئانىسى، تۆۋەندە خوتۇن ـ بالىلىرىغىچە قەتئىي مەخپىيەتلىكنى ساقلاپ، ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر ئۆزىنى ئاشكارا قىلماسلىقى لازىم ئىدى. ئۈچىنچىدىن، ھەيدىلىپ كېتىشكە بولاتتى، رۇخسەت سوراشقا بولمايتتى.

چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ كونكرېت ۋەزىپىسى، سىرتقا قارىتا جاھانگىرلارنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق ۋە سىڭىپ كىرىش ھەركىتىنى توسۇش، زورۇر تېپىلغاندا، سودا ئىشلىرى بىلەن شىنجاڭغا چېگرىداش مۇستەملىكە ئەللەرگە كىرىپ، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىش ھەركىتىنى ئىگەللەش؛ جياڭ جيېشى ئىشغال ئېتىدىكى رايونلاردا بولسا، ئاساسلىقى مابۇفاڭ قاتارلىق چوڭ مىلىتارىستلارنىڭ ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا دائىر ئاخباراتلارنى ئىگەللەشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى، 3 ـ ئىنتېرناتسىئونالنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە خائىنلاردىن، ئىشپىيونلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش، جاھانگىرلارنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق، تاجاۋۇزچىلىق ھەركىتىنى چەكلەشنى مەخسەت قىلغان، كەسپىي جەھەتتە پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولۇپ، شىڭ شىسەي بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىدى. شىڭ شىسەي نامدا باشقارما باشلىقى بولسىمۇ، بارلىق ئاخبارات بىۋاستە موسكۋاغا ئېۋەتىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭ مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنى شىڭ شىسەينىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى ۋە گومىنداڭنىڭ

ساقچى باشقارمىسى بىلەن پەرقلەندۈرۈش لازىم.
چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىغا، شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسى
دىگەن سۆزنى قوشۇش خىزمەتكە ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن
بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ستالىن رەھبەرلىكىدىكى
3 - ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئاخبارات ئورگىنى ئىدى.

1942 - يىلى شىڭ شىسەي كۆزدە ئوچۇقتىن ئوچۇق
سوۋېتكە، كوممۇنىزىمغا، خەلققە قارشى ئەكسىل ئىنقىلاۋىي يولغا
قاراپ ماڭدى. سوۋېت كومپارتىيىسى ئەزالىرى چېكىنىپ چىقىپ
كەتتى، جۇڭگو كومپارتىيە ئەزالىرى قولغا ئېلىنىدى، ئىلغار
زاتلارنىڭ كوپچىلىگى قولغا ئېلىندى، 3 - ئىنتېرناتسىئونال
ئاخبارات تەشكىلىنىڭ ئاشكارا تۇرۇش ئىمكانىيىتى قالمىغان-
لىقتىن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى 1943 - يىلى كۆزدە
ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شىنجاڭ چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى
چېگرا قاراۋۇل پونكىتى تەسىس قىلمىغان ئىدى. چېگرا
قاراۋۇل ئەترىتى ئۆلكە مۇداپىئە باشقارمىسىغا قارايتتى. ئۆلكە
مۇداپىئە باشقارمىسى چېگرىدىلارغا مىنا كومۇش ۋە قاراۋۇللۇق
قىلىش ۋەزىپىسىنى ئوتەيتتى. ئۆلكە مۇداپىئە باشقارمىسىنىڭ
چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى بىلەن ئوخشاش بولمىغان يېرى
شۇكى، ئۇ شىڭ شىسەينىڭ بىۋاستە كونترۇللىغىدىكى مۇداپىئە
ئورگىنى بولۇپ، شىڭ شىسەي ئاشكارا ئىنقىلاپقا قارشى
تۇرۇشتىن بۇرۇن ۋەتەننى قوغداش ۋە جاھانگىرلىككە قارشى
تۇرۇش رولىنى ئوينىغان.

## كومپارتىيىنىڭ توھپىلىرى

1933 - يىلى شىنجاڭدىكى «12 - ئاپرېل» سىياسى



ئۆزگىرىشىدىن باشلاپ، ستالىن شىڭ شىسەينى ئومۇمى يۈزلۈك
قوللاپ، ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادى ۋە تېخنىكا قاتارلىق
جەھەتلەردە ياردەم بەرگەن. 6 بۈيۈك سىياسەت ۋە 8 ماد-
دىلىق ۋەزىپىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، جاھانگىرلىككە قارشى
تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، شىنجاڭدا بىرلىكسەپ
ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كومپارتىيىنىڭ
تەشەببۇسى ئارقىسىدا بولغان زور سىياسى تەدبىرلەر ئىدى.

شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان جۇڭگو كومپارتىيە ئەزالىرى
ئاساسەن 3 تەرەپتىن كەلگەن: بىرىنچى تۈركۈمى 4 - يو-
نۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ غەرپكە يۈرۈش قىلىش ئەترىتى بىلەن
كېلىپ، بەزىلىرى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن يەرلىك خىز-
مەتكە ئالماشقان، مەسىلەن، خۇاڭ خوچىن؛ ئىككىنچى تۈر-
كۈمى 3 - ئىنتېرناتسىئونال خىزمىتىگە قاتناشقانىياكى جياڭ-
جېيشىنىڭ قورشاپ يوقۇتىشىغا قارشى تۇرۇشتا ۋە ئۇزۇن سەپەردە
ھېيىپ بولغان پېشقەدەم كادىرلاردىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا
داۋالىنىپ بۇيرۇق بويىچە ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەنلەر، مەسىلەن:
چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق يولداشلار؛ 3 - تۈركۈمى
8 - ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلغاندىن كېيىن،
شىڭ شىسەينىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن، يەنئەندىن ئېۋەتىلگەن
پارتىيىلىك يولداشلار. شۇڭا 1937 - يىلى 5 - ئايدىن باش-
لاپ، شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان جۇڭگو كومپارتىيە ئەزالىرى
تەدرىجى كوپىيىپ، شىڭ شىسەي ئاشكارا ئەكسىيەتچىلىك
يولغا مېڭىشتىن بۇرۇن، 150 دىن ئارتۇق كىشىگە يەتكەن.
بۇلار مەدەنى - مائارىپ، مەمۇرىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە
ناھايىتى مۇھىم خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. بۇ يول-

داشلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋجۇشىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا، فاڭ لىن، چېن تەنچۇ قاتارلىق يولداشلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئارقىسىنى مۇستەھكەملەش، خەلققا ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈش، جاھان- گىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇ- رۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بەختىيار تۇرمۇش يارىتىشتا ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان ئىدى. 3 - باپنىڭ ئاخىرقى سۆزىدە كۆرسىتىلگەندەك: «بىرلىكسەپنىڭ جەريانى، كومپارتىيىنىڭ تۆھپىلىرى، ئاسماندىكى ھەسەن - ھۈسەندەك شانلىق تارىختۇر». بۇ نۇرغۇن پاكىت سان - سىفىرلەرگە ئا- ساسلانغان.

ئالدى بىلەن يولداش ماۋزېمىنگە كېلەيلى. ئۇ بىرلىكسەپ مەزگىلىدە، مالىيە نازىرى ۋە خەلق ئىشلىرى نازىرى بولغان، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە، مالىيە تەشكىلاتلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ، پۇل تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ ئىسلاھ قىلىندى، پۇل مۇئامىلىسى مۇقىملاشتۇرۇلدى. ئۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ پۇل تۈزۈمى بەك قالايمىقان ئىدى، قەشقەردە «قەشقەر پۇلى» بولسا، سۈيدۈڭ ناھىيىسىدە يەنە چېك سۆلانىسىدا ئىشلەنگەن يارماق ئىشلىتىلەتتى. بەزى چوڭ سودا سارايلىرى قومۇش تارشا شەكلىدىكى قەلەي پۇللارنى تارقىتاتتى، ئۆلكە پۇلىدىن باشقا يەنە تەڭگە، يامبۇ، ياغ تىزا بار ئىدى، قالايمىقان ئۆزىگە ئۆزى خوجا خىلمۇ- خىل پۇللار بار ئىدى. يولداش ماۋزېمىن پۇل تۈزۈمىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن يەرلىك پۇللارنى



ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆلكە پۇلىغا بىرلىككە كەلتۈردى. ئاندىن «سەر»نى «دوللار» پۇل تۈزۈمى بىرلىك قىلىنغان ئىسلاھاتنى يولغا قويدى. پۇل 1، 3، 5 دوللارلىقتىن ئىبارەت خىللارغا بۆلۈنگەن. 1938 - يىلى ئىسلاھات يولغا قويۇلۇپ، 1942 - يىلىغا قەدەر، شىنجاڭدا مال باھاسى ئىزچىل مۇقىم بولدى. شىنجاڭ ئۆلكە پۇلى بىلەن ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قىممەت سېلىشتۇرمىسى 1 : 2.5 بولغان ئىدى.

پۇل ۋە مال باھاسى مۇقىم بولغانلىقتىن سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تېز راۋاجلىنىشى كاپالەتكە ئىگە بولدى. 6 بۈيۈك سىياسەت ئىچىدە پاك بولۇش سىياسىتى، 8 ۋەزىپە ئىچىدە ئادىل ئىشلەش ۋەزىپىسى بار ئىدى. مۇشۇن- داق سىياسەت، ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە نەمۇنىلىك رولى بولمىغان بولسا ئۇ قۇرۇق سۆزدىن ئىبارەت بولۇپ قالغان بولاتتى. يولداش ماۋزېمىن ئىقتىسادىي ساھەدە سىنىپىي كۈرەشنى قانات يايدۇردى. خىيا- نەتچىلىك ۋە ئىسراپچىلىقنىڭ يوچۇقلىرىنى توستى، خىيا- نەتچى ئەمەلدارلارغا چاقماق تېزلىكىدە زەربە بەردى. ئۇچۇق بەلگىلىمە چىقىرىپ، قانۇنسىز ھالدىكى فېئوداللىق ئېكسپى- لاتاتسىيە ۋە باج، سېلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى. باي سودىگەرلەرنىڭ جازانىخورلۇق قىلىشىنى چەكلىدى.

يولداش ماۋزېمىن يىراقنى كۆرىدىغان غايە ۋە ئۇلۇغ- ۋار پىلان بىلەن ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى چوڭ ئارقا سەپنىڭ قۇرۇلۇشىغا كىرىشتى: ئارقىدا قالغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشقان سانائەتكە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن شىنجاڭدا بەش مىليون يۈەنلىك زايوم تارقاتتى.

ياپون جاھانگىرلىرىگە قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىپ، ياپون جاھانگىرلىرىگە كۈچلۈك زەربە بەردى. سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، بىر زامانىۋىلاشقان ئايروپىلان ئىشلەش زاۋۇتى (سىرتقا قارىتا تىراكتور زاۋۇتى دەپ ئاتالغان) نى لايىھىلىدى. 1942 - يىلى 5 - ئايدا زاۋۇت قۇرۇلۇشنى باشلاپ لىنتە كېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، يولداش ماۋ زېمىن ۋە باشقا پارتىيە ئىچىدىكى مەسئۇل يولداشلار مۇراسىمغا قاتناشتى. ئىش باشلىنىپ 3 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭىدىغان بىر توپ خائىنلار خىلمۇخىل ماھارەت كۆرسىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە، خەلققە قارشى تۇرۇپ، كوممۇنىستلارنى قولغا ئالدى. ستالىن شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ باشقىچە بولغانلىقىنى بايقاپ، سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى. تەمىنلەيدىغان ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى توختاتتى، يولداش ماۋ زېمىن كۆڭۈل قويۇپ كۆپ يىللىق پىلانلىغان بىر زامانىۋىلاشقان چوڭ سانائەت قۇرۇلۇشى ئەپسۇسكى بىرلىكسەپنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن توختاپ قالدى (زاۋۇت ئورنى ھازىرقى 1 - ئاۋغۇست پولات زاۋۇتىدا ئىدى).

تارىختا ئۆتكەن فېئودال مىلىتارىستلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە نىسبەتەن سىياسى جەھەتتە، «ئۆز يېغى بىلەن ئۆز گۆشىنى قورۇش»، مەدەنىيەت جەھەتتە، «نادانلاشتۇرۇش» سىياسىتىنى قوللانغان ئىدى. «ئىستىغپار ھوجرىسىدا» مەن ياڭ زېڭشىننىڭ يوغان شەكىلگە يازغان بىر ئاسما خېتىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇنىڭدا: «چەنتولارنىڭ مەدەنى - مائارىپى راۋاجلاندۇرۇلسا، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىدىيىسى قوزغىلىدۇ،



بۇ چوقۇم شىنجاڭنى قالايمىقانچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ» دېيىلگەن. تا 1936 - يىلى ئەتىيازغىچە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسى بېشىدا ياغاچ تاختىغا ئويۇلغان «يىراق شەرقتىن كەلدىم بۇياققا، چىڭ ساقلاپ تۇرىمەن غەرپنى، قالدۇرىمەن بىلىمسىز نادانلىقتا، پادىشاغا بوي سۇندۇرىمەن خەلقنى» دېگەن مەزمۇندىكى خەت ئېسىلغان ئىدى.

دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ شەرقى باغچىسىدا ياڭ زېڭشىن يازغان: «جۇمھۇرىيەت ئەمدىلا قۇرۇلغان ئىدى، ئۇيالماي ئاتاشتى ھەممە جايدا خاقان بىز دەپ، جۇڭيۈەن تالاشلىرىدىن مۇستەسنا ئۆزەم، گۈزەللىكتە ئەلا ئىدى چېگرام مېنىڭ. لەشكەر باشلاپ جەنۇپتىن كەلدىم شىمالغا، ئايلاندۇرىمەن ئۇلارنى ئۇزاققىچە نادان پۇخراغا» دېگەن مەزمۇندىكى بېغىشلىما ئېسىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بېغىشلىمىلىرىنى بىرلەشتۈرگەندە، «ئۇلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئىزدەنگىنى فېئوداللىق ئايرىپ باشقۇرۇش، سىياسى جەھەتتە قېرىنداش مىللەتلەرگە نىسبەتەن قوراللىق باستۇرۇش، مەدەنىيەت جەھەتتە نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇش، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئاڭسىز، ساۋاتسىز قالدۇرۇپ، ئۇلارنى مەڭگۈ ئىپتىدائى تۇرمۇشتا قالدۇرۇش» تىن ئىبارەت ئىدى. فېئودال مىلىتارىستلار ھەددىدىن ئېشىپ شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ قانلىق سىياسىتىنى ئويما بېغىشلىما قىلىۋالغان ئىدى.

كومپارتىيە شىنجاڭغا كېلىپ، ئىشنى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن باشلىغان ئىدى. شىنجاڭنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە بىر روس تىلىدىكى سىياسى - قانۇن دارىلفۇنۇنى، بىر سىفەن مەكتىۋى، بىر ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ شىنجاڭ بويىچە باش-

لانغۇچ مەكتەپ 50 كە يەتمەيتتى. ھەر خىل مەكتەپلەرنىڭ سىنىپلىرى كام ئىدى. بىر سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئوقۇش پۈتتۈرسە ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى ئېلىناتتى. مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئىككى مىڭ ئەتراپىدا ئىدى. دارىلفۇنۇننى پۈتتۈرگەنلەر تېخىچە ۋالى، پوسول بولاتتى. سىفەن، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر ھاكىم بولاتتى، مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەمەلدار ـ بايلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ پەرزەنتلىرى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇيتتى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا خوتەندە ۋالى بولغان خې دىڭباڭ، ئازاتلىقتىن كېيىن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا مۇئاۋىن باشلىق بولغان يى باۋدالار، ئاۋال خەنزۇلارنىڭ خۇسۇسىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ، كېيىن سىفەن مەكتىۋىگە ئوقۇشقا كىرگەن.

كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مەدەنىيەت جەھەتتە قەد كۆتەردى. بىرىنچىدىن، 1934 ـ يىلدىن 1937 ـ يىلغىچە كومپارتىيىنىڭ تەشەببۇسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا 3 تۈركۈم ئوقۇغۇچى ئېۋەتىلدى. ھەر بىر تۈركۈمدە 120 دىن 130 غىچە كىشى باردى. ئۇلار ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن كۆپىنچىسى شىنجاڭدا تەھرىرلىك، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى ئىشلەپ مەدەنىيەت، مائارىپ سەپلىرىدە تايانچ كۈچ بولغان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا بەزىلىرى دوختۇر، يېزا ئىگىلىك، سۇ ئىشلىرى، چارۋىچىلىقنىڭ تېخنىك خادىملىرى ئىدى. بۇلار ئىچىدىن نۇرغۇن كىشىلەر 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىدا گومىنداڭغا قارشى تۇرغان ئىنقىلابچىلارغا



ئايلاندى. ئىككىنچىدىن، 1935 ـ يىلى كومپارتىيە «شەكلى مىللى، مەزمۇنى ماركسىزم ـ لېنىنىزم بولغان مىللى مەدەنىيەتنى تەرەققى قىلدۇرۇش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى، قېرىنداش مىللەتلەر ئۆز تىل ـ يېزىقى بىلەن مەدەنىي ـ مائارىپنى راۋاجلاندۇردى. قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلىرى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك ئۆسۈپ تەرەققى قىلدى. ئۇ چاغدا تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئوقۇتقۇچىلار بەك ئاز ئىدى. 1937 ـ يىلى يەنە «سىفەن مائارىپىنى كېڭەيتىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1938 ـ يىلغا كەلگەندە ئالىي مەكتەپتىن بىر، دېخانچىلىق ـ چارۋىچىلىق، تىببىي دورىگەرلىك، ئۆلچەش قاتارلىق تېخنىكوملاردىن 4، سىفەن مەكتىۋىدىن 5، ھەر بىر ۋىلايەتتە بىردىن ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. مىللى باشلانغۇچ مەكتەپ 250 تىن ئاشتى، ئوقۇغۇچىلار سانى 200 مىڭغا يېقىنلىشىپ ياكى زىيادىلىشىپ، جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا يۈز ھەسسە كۆپەيگەن ئىدى.

شىڭ شىسەي ئاغزىدا ماركسىزمنى ياقلىسىمۇ، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى 1936 ـ يىلدىن باشلاپ گايىدا ئاشكارا، گايىدا غۇۋا سېزىلىپ كەلگەن ئىدى. «شەكلى مىللى، مەزمۇنى ماركسىزملىق» مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش شوئارى، 1936 ـ يىلى «12 ـ ئاپرېل» نىڭ ئۈچ يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن «شەكلى مىللى، مەزمۇنى 6 بۈيۈك سىياسەت» قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. بۇ، ئۇنىڭ كەڭ

ئاممىنىڭ دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىم دۇنيا قارىشى بويىچە تەربىيىلىنىشىگە قارشى تۇرغانلىقى ئىدى. ئۇنىڭ ماركسىزىمنى ياقلىشى بىر مەھەل ئاممىنى ئالداشتىنلا ئىبارەت ئىدى.

ئەندى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى لىن جىلۇنىڭ شانلىق ئىش ئىزلىرىغا كەلسەك، ئۇ شىنجاڭنىڭ مەدەنىي - مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەڭ چوڭ تۆھپە قوشقان ئىدى. يولداش لىن جىلۇنىڭ ئەسلى ئىسمى لىن ۋېيلياڭ، تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددى، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك، يۇقىرى بىلىملىك، ھەم يازغۇچى، ھەم شائىر ئىدى. بىرلىكسەپ جەريانىدا جۇڭگو كومپارتىيىسى سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ «شىنجاڭدا پارتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرماسلىق، پارتىيىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرىنى قۇرماسلىق» فاكچېيىنىنى قوللانغانلىقتىن يولداش لىن جىلۇ خىزمەتتە توسالغۇ ۋە چەكلىمىگە ئۇچرىغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ نۇرغۇن ئىلغار ياشلار ۋە ئىنقىلابچىلارنى ئەتراپىغا توپلىغان. شىنجاڭ شۆبىيۈەندە ئىلىم مۇدىرى بولغان چاغدا ماركسىزىم - لېنىنىزىم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت ياشلىرىغا ماتېرىيالىزىملىق دۇنيا قاراشنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، ئىنقىلاپ ئۇرۇقلىرىنى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا چاچقان ئىدى. ئۇ، ئىتتىپاق بولۇش، جىددىي بولۇش، ئەستايىدىل بولۇش، تېتىك بولۇشتىن ئىبارەت 4 سوزلۇك فاكچېينىنى قوللىنىپ، مەكتەپ ئىستىلىنى تەرتىپكە سالدى، ئىنتىزامدىكى بوشاڭلىقنى تۈزەتتى. ئوقۇتۇش مېتودىدا قوزغىتىش، ئۆگىنىش بىلەن ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈش، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس



ئۆتۈشى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزى ئۆگىنىشى ئارقىلىق بىر - بىرىنى تولۇقلىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، مائارىپ سۈپىتىنى تېز يۈكسەلدۈردى. يولداش لىن جىلۇ ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى دەرسخانىلاردا دەرس ئۆتۈش يولى بىلەن تەشۋىق قىلىشتىن باشقا، يەنە دائىم دىگىدەك شىنجاڭ گېزىتىدە ماقالە ئېلان قىلىپ تۇراتتى. ئىنقىلاۋىي ئىستىل مەسىلىسى توغرىسىدا نۇرغۇن ماقالىلارنى يازغان، گېزىتتە ئۇنىڭ «يېڭى ئىستىل» توغرىسىدا 1 - 2 - 3 - ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان ئىدى.

يولداش لىن جىلۇ قېرىنداش مىللەت ياشلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى رەھبەرلىرىدىن بولغان ئابدۇكېرىم ئابباسوف يولداش لىن جىلۇنىڭ ياخشى شاگىرتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ، يەنئەنگە تەلپۈنۈپ، ماۋجۇشى رەھبەرلىكىدە جۇڭگو ئىنقىلاۋى يولىدا مېڭىشنى قەتئىي تەشەببۇس قىلغان ئىدى. ئۇ 1945 - يىلى 5 - ئايدا ئىلىدا يولداش لىن جىلۇنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، يولداش لىن جىلۇنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇ بىلدۈرۈپ تۆۋەندىكى شېئىرنى يازغان:

« تۇيۇقسىز كەلدى ئۇرۇمچىدىن بۇ شۇم خەۋەر، كوز يېشىم ئاقتى بۇلاقتەك مولدۇرلەپ؛ يورۇتتى جاھاننى ئۇستاز غايىسى، ئوچمەس ئىنقىلاۋىي جاسارەت مەڭگۈگە گۈللەپ؛ تەكشى ئېچىلدى باغ - باغلاردا گۈل - چېچەكلەر، لەپىلدىدى ئادالەت تۇغى ئىلى قوزغۇلۇپ، ئاتلاندى 3 ۋىلايەتتە سانسىز باتۇرلار، لاۋىلدىغىنى جېنىڭى جاي يالقۇن بولۇپ؛ تېخىمۇ چىڭىدى ئىشچى - دىخان ئىرادىسى، چۆشتى سەكراتقا ياۋ بولدى خاراپ؛ قىزىللاشتى مەرھۇمنىڭ قېنى بىلەن تۇغ، يۇرۇش قىلدى باتۇر

جەڭچىلەر ئالغا قاراپ.» ئىپتىخارلىققا تولغان، دۈشمەنگە غەزەپ ئوتى ئاچقان ئىنقىلاۋىي قۇربانغا پرولېتارىياتلىق ھېسداشلىق تولۇق ئىپادىلەنگەن بۇ شېئىرنى مەن يېنىمدا ساقلاپ كەلگەن ئىدىم.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەندى ئابدۇكېرىم ئابباسوف يولداش لىن جىلۇنىڭ ئىرادىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن باتۇرانە كۈرەش قىلغان ئىدى. ئىلىنى ئازات قىلىش ۋاقتىدا، ئۇ جەڭگە قوماندانلىق قىلىپ، گومىنداڭنىڭ زاپاس 7-دىۋىزىيىسىنىڭ بىر پولكىنى مەغلۇپ قىلىپ غۇلجا شەھىرىنى ئازات قىلدى. دەرۋەقە يولداش لىن جىلۇ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئىنقىلاۋىي ياشلار يولداش ئابباسوفتىن ئىبارەت بىرلا كىشى بولۇپ قالماستىن، يەنە نۇرغۇنلىغان ياشلار تيانشاننىڭ شىمالى، جەنۇبى رايونلىرىدا گومىنداڭغا قارشى تۇرۇش بايرىغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تېنچلىق بىلەن ئازات بولۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان ئىدى.

يولداش لىن جىلۇ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىغا خۇشتار بولۇپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتقان ئىدى. ئىنقىلاۋىي شېئىر-ناخشىلارنى ۋە ئىشچى-دېھقان، ئەسكەرلەرنىڭ ئۇلۇغ ئوبرازىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يېڭىچە تىياتىرلارنى يولغا قويۇپ، ياشلارغا «خۇاڭخې مارشى»، «بىز ئەيخاڭ تېغىدا»، «قەھرىمانلار مارشى»نى ئۆگەتكەن ئىدى؛ شەخسەن ئۆزى «قاراۋۇل»، «تىيەنجا جىڭ»، «لەيلىدەش»، «كىچىك دوستۇم خاتالاشتىڭ» قاتارلىق شىجۈي تىياتىرلىرىنى ئويناشقا رېژىسسورلۇق قىلدى. 1938-يىلدىن باشلاپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى بىر تۈركۈم ئىلغار ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنى



شىنجاڭغا ئەۋەتتى، «تەجرىبە تىياتىر ئۆمىكى» قۇرۇلدى. يولداش لىن جىلۇ مەزكۇر ئۆمەكنىڭ ئوينىغان نومۇرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى، ئەدەبىي ئۇسلۇبى قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن يېتەكچى خاراكتېردىكى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. كېيىن، شېڭ شىسەي ئاشكارا ئەكسىيەتچىلىك قىلىپ، يولداش لىن جىلۇغا ئوخشاش نۇرغۇن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرىنى قىردى، بۇ كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىنقىلاۋىي روھى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قالدۇرغان ماددى ۋە مەنىۋى بايلىقى، ئەمگەكچى خەلقلەرگە قالدۇرغان نەمۇنىلىك ئوبرازى مەڭگۈ ياشايدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنىڭ بىر قىسمىنىلا ئەسلەپ چىقتىم.

## بىرلىكسەپنىڭ بۇزۇلۇشى

شېڭ شىسەي تەختكە چىقىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ستالىن ئەپرىنسىپنى زىلاكىننىڭ خىزمىتىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا ئەۋەتتى. ئۇ چاغدا، شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ئەپرىنسىپنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىشلەيتتى. شېڭ شىسەينىڭ ئۈچ نۇقتىلىق تەلىۋى ئەپرىنسىپ ئارقىلىق ستالىنغا يەتكۈزۈلگەن ئىدى. بىرىنچى، شىنجاڭنىڭ فېئوداللىزم تۈسى ئىنتايىن قويۇق بىر جەمىيەت بولۇپ، دىنىي خۇراپاتلىق چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، مىللەتلەر مۇرەككەپ، ئۇرۇشنىڭ ۋەيران قىلىشى ئېغىر، شۇڭا شىنجاڭدا سىنىپىي كۈرەشنى ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ، ئالدى بىلەن ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ، مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈپ، شەرت-شارائىت پىشىپ

يېتىلگەندە ئاندىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈش؛ ئىككىنچى، شىن-
جاڭ غەربىي چېگرا بولۇپ، جاھانگىرلارنىڭ تالاش - تارتىش
قىلىش نۇقتىسى، ئەنگلىيە، ياپونىيە جاھانگىرلىكىنىڭ شىن-
جاڭدا ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش، سىڭىپ كىرىش، ئۇنى پارچىلاش
سۇيىقەستى گايىدا ئۇرلەپ، گايىدا پەسىيەتتى، خەلقنىڭ بىخە-
تەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ تېچ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش
ئۈچۈن، ئارمىيە - ھوكۇمەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەربىي ھو-
قۇقنى باشقىلارغا بېرىپ قويماسلىق ۋاكىجىنىنى يولغا قويۇش؛
ئۈچىنچى، كومپارتىيىنىڭ پىكرىگە قەتئىي ھورمەت قىلىش، 6 بۇ-
يۇك سىياسەتنى قەتئىي ئىجرا قىلىش، شىنجاڭنىڭ كونكرېت
ئەھۋالىغا ئاساسەن، خەلق ئاممىسى ئىچىدە جاھانگىرلىككە
قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى، مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى،
ئاياللار ئۇيۇشمىسىدىن ئىبارەت 3 ئاممىۋى تەشكىلاتنى قۇ-
رۇش، ۋاقتىنچە سىياسى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرماسلىق،
شەرت پىشىپ يېتىلگەندە، 3 ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئۇنىڭ سو-
ۋېت كومپارتىيىسىگە كىرىشىنى تەستىقلاپ بېرىشىنى تەلەپ قى-
لىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت سۈپىتى بىلەن
سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇش. (بۇنى شىڭشىسەينىڭ كاتىۋى جاڭ-
ۋىنتيەن ماڭا ئېيتىپ بەرگەن. ھوججەتنى جاڭ ۋىنتيەن كۆ-
چۈرگەن ئىكەن).

ئۇ چاغدىكى دۇنيا ۋەزىيىتى گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە
فاشىستلىرىنىڭ ئوق مەركىزى شەكىللىنىۋاتقان بىر چاغ بو-
لۇپ، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئارپىسى ئىدى. شىنجاڭنى سوۋېت
ئىتتىپاقىغا قوشۇش ياكى شىڭشىسەينى گومىنداڭ تەرىپىگە
مايىللاشتۇرۇش، جۇڭگونىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇ-



رۇشىغا، سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىغا پايدىسىز ئىدى.
ستالىن شىڭشىسەينىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى چۈشۈنەتتى. ئۇ
ئوتتۇرىغا قويغان تېچ ئۆتۈش، پارتىيىگە كىرىش مەزھەپچى-
لىك غەرىزى قاتارلىق بىر يۈرۈش شيۇجېڭجۇيىلىق لۇشيەنىنى
قوبۇل قىلمىغان ئىدى. شىڭشىسەي ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ
نۇقتىلىق تەلەپنى ئەزەلدىن تارتىپ قارارلاشتۇرۇش ياكى ئىن-
كار قىلىش تەرىقىسىدە جاۋاپ بەرمىگەن. بىرلىكسەپ سىيا-
ستىنىلا ساقلاپ، ئۇز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش شەرتى
ئاستىدا، شىڭشىسەيگە بېرىشكە تېگىشلىك ياردەملەرنى
بەرگەن.

خىزمەت مۇناسىۋىتى ئارقىلىق مەن سوۋېت كوممۇنىست-
لىرى ۋاڭ شۇچىڭ، ۋەن شەنتىڭ، ۋاڭ باۋچيەن قاتارلىقلار
بىلەن قويۇق ئارىلىشاتتىم. ئۇلاردىن سوۋېت كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى بەزى ئەھۋاللى-
رىنى بىلگەن ئىدىم. شىنجاڭغا ئېۋەتىلگەن سوۋېت كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى موسكۋادىن يولغا
چىققاندا ستالىن ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ، كۆرۈشىدىكەن. بۇ
ستالىنىنىڭ شىنجاڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بولۇۋاتقانلىقىنى ئىس-
پاتلاپ بېرىدۇ. ستالىن ئۇلارغا: «شىنجاڭنى 3 - ئىنتېرناتسىئو-
نال ياردىمى ئاستىدىكى جۇڭگوغا تەۋە بولغان 3 - خىل سى-
ياسى كۈچ سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش، ئۇ ھەم گومىنداڭغا
تەۋە ئەمەس، ھەم كومپارتىيىدىن پەرقلەندۇرۇلۇشى لازىم. سوۋېت
كومپارتىيىسى شىنجاڭدا پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققى قىلدۇرماسلىق
ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشما-
سلىق كېرەك» دىگەننى خىزمەت ۋاكىجىنى قىلىپ بەلگىلەپ بەر-

گەن. بۇ يەردە ئۆز كۆز قاراشلىرىمنى ئېيتماقچىمەن. ئەپرېسوۋ باشچىلىقىدىكى سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن خىزمىتىدە خاتالىق بار. ئۇلار بەزى سۈرگۈن قىلىنغانلارنى، ياكى تىروتسكىچى گۇمانى بىلەن پارتىيىدە چارە كۆرۈلگەن، كىشىلەرنى ئاق ـ قارىسىنى ئايرىماستىنلا شىڭ شىسەيگە تونۇشتۇرۇپ بەرگەنلىكتىن مۇھىم خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەسىلەن: ساقچى ئىدارىسىنىڭ 3 ـ بۆلۈم باشلىقى خۇفېڭجۇ، ئۈرۈمچى سىفەن مەكتىۋىنىڭ مۇدىرى چەن يىتەنلەر يېڭىۋېلىش لاگېرىدىن قېچىپ چىقىپ شىنجاڭغا كەلگەنلەر ئىدى. بۇ خىل خاتالىق شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت كوممۇنىستلىرىنى زور تۈركۈمدە قولغا ئېلىشىغا سەۋەبچى بولدى. 1937 ـ يىلى كۈزدە شىڭ شىسەي جەنۇبىي شىنجاڭدا ماخۇسەن، ماموتلارنىڭ تەسىر كۈچىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ سوۋېت كومپارتىيىسىگە كىرىش پۇرسىتى كەلدى دەپ قارىغان ئىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان سوۋېت كوممۇنىستلىرىنىڭ ئامالسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ئەسەبىلىك بىلەن ئۇلارنى قولغا ئالدى.

سوۋېت كوممۇنىستلىرى ئۆزلىرىگە كېلىدىغان مۇنداق بالايى ـ ئاپەتلەرنى ئالدىن ـ ئالا سەزگەن ئىدى. غوجانىياز ھاجى قولغا ئېلىنغان كۈندىن باشلاپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبىرى ۋاڭ شۇچىڭ غەم ـ قايغۇغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. 1937 ـ يىلى كۈزدە، ۋاڭ شۇچىڭ، ۋاڭ باۋچيەن قاتارلىقلار مېنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن رەسىم تارتىش مۇتەخەسسىسىگە ھەمراھ بولۇپ، بوغدا كۆلىنى سەيلە قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ چاغدا تاشيول يوق، فۇكاڭدىن



بوغدا كۆلىگە ئاتلىق چىقىشقا توغرا كېلەتتى. مەن بوغدا كۆلىگە بارغاندا، ھەۋەس بىلەن «تىيانشاندا بوغدانى سەيلە قىلىش ئىپتىخارى» تېمىسىدا بىر شېئىر يازدىم.

يولداش ۋاڭ شۇچىڭ بۇ شېئىرىمنى كۆرۈپ يۇمۇرلۇق سۆزلەر بىلەن: «ئىنقىلاپ ئۇمىتۋارلىرى دائىم دىڭگۇدەك ئالەم ئۆزگىرىشلىرىگە پىسەن قىلمايدۇ» دېدى. ئۇ چاغدا بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەن ئىدىم. يىل ئاخىرىسىغا كېلىپ قولغا ئېلىنغان چاغدىلا ئاندىن چۈشەندىم.

مەن قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن شىڭ شىسەينىڭ ناھەق ئەنزىلەرنى پەيدا قىلىپ كىشىلەرنى قىرىدىغانلىقىنى ئەسلا چۈشەنمەيتتىم.

ۋاڭ مىڭنىڭ شىنجاڭغا كەلگەنلىكىنى سوۋېت كوممۇنىستلىرىنىڭ دەسلەپكى قېتىم شىنجاڭغا كەلگەنلىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ بىلەن دۈشمەن كۈچى سېلىشتۇرمىسىدا تۈپ ئۆزگىرىش بولغان ئىدى. يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى بولۇپلا قالماستىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇدرەتلىك قىزىل ئارمىيىسى بار ئىدى. شىڭ شىسەي يولداش چېن يۈننىڭ قۇمۇل مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، سوۋېت قىزىل ئارمىيە 8 ـ پولكىنى تەكلىپ بىلەن ئېلىپ كەلگەن (8 ـ پولك پىيادە ئەسكەرلەر، ھاۋا ئارمىيىسى، ھەربىي ئەسكىرى خىللىرى بولغان كۈچەيتىلگەن پولك ئىدى)، ئۇلار قۇمۇلدا تۇردى. جەنۇبىي شىنجاڭغا سوۋېت قىرغىز پولكىنى ئېۋەتىپ، ماخۇسەن، ماموتلارنى يەڭگەندىن كېيىن ئۇلارنىمۇ شىڭ شىسەي ئېلىپ قېلىپ قىزىلسۇدا تۇرغۇزدى. دېمەك، جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسى بىلەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ بىرلىشىشى،

سان جەھەتتە شىڭ شىسەينىڭ قىسىملىرىغا تەڭ كېلەتتى. سۈپەتتە ۋە جەڭگىۋارلىقتا، شىڭ شىسەينىڭ قىسىمىدىن كۆپ كۈچلۈك ئىدى. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا پارتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرماسلىق، پارتىيىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرىنى قۇرماسلىق خاتا ئىدى. شۇڭا، ۋاڭ مىڭنىڭ ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلاۋىي لۇشيەنىگە كاشىلا قىلغانلىقى شىنجاڭدا بىرلىكسەپنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەپلەرنىڭ بىرى بولدى. نەتىجىدە ئەكسىل ئىنقىلاپ قولىدىن كەلگەن بارلىق ۋاستىلار بىلەن كومپارتىيىگە تاقابىل تۇردى، ھالبۇكى، كومپارتىيە قولىدىن كېلىدىغان ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ ئەكسىل ئىنقىلاپقا تاقابىل تۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلار باندىت شىڭ شىسەينىڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى.

شىنجاڭدا بىرلىكسەپنىڭ بۇزۇلۇشىنى شىڭ شىسەينىڭ سىنىپىي ماھىيىتى بەلگىلىگەن. بىرلىكسەپنى بۇزغان باش جىنايەتچى شىڭ شىسەي ئىدى. بۇ جياڭ جيېشىنىڭ «12 - ئاپرېل» چوڭ قىرغىنچىلىقى بىلەن ئوخشاپ كېتەتتى. شىڭ شىسەي ھوكۇمرانلىق ئورنىغا چىقىشتىن ئىلگىرىلا قارا نىيەتلىك ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن زېمىننى ئىگەللىۋېلىپ ئاندىن تەسىر كۈچىنى كېڭەيتكەن ئىدى. ئۇنىڭ سىياسى قارا نىيىتى گېتلېر بىلەن ئوپ - ئوخشاش بولۇپ، يەر شارىنى پۈتۈن يۇتىۋەتسىمۇ نەپسى قانمايتتى. ئۇ تەختكە چىقىشتىن ئاۋال تەختكە چىقىشقا تەقەززا ئىدى. تەختكە چىققاندىن كېيىن دولەت باشلىقى بولۇشنى كوزلەيتتى. كىسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، شىڭ شىسەي پارتىيىگە كىرىش كويىدا بولدى. ئۇ، بۇ ئارقىلىق شەخسى مەنپەئەتىنى پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋى مەنپەئەتى ئۈستىگە



قويۇپ، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلماقچى بولغان ئىدى. مانا بۇ، باندىت شىڭ شىسەينىڭ ئىدىيىۋى ماھىيىتى. شىڭ شىسەي بىر چوڭ مىلىتارىست بولۇپ، باشقا مىلىتارىست بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ، ئازدۇر - كۆپتۇر نەپ بېرىش يولى بىلەن كىشىلەرنى ئالداپ ئازدۇراتتى، ماركسىزىم ئىبارىلىرىنى سوزلەيتتى. سەھنىلەرگە چىقىپ دىئالىكتىك ماتېرىيالىزىمنى سوزلەيتتى. ئاددى - ساددە تۇرمۇش ئوتكۈزۈش قىياپىتىدە ياسىنىۋالاتتى. تۆۋەندىكىلەرگە ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولغان، ئاممىغا چوڭقۇر چوكۇدىغان قىياپەتتە بولۇۋالاتتى. ئوتتۇرا مەكتەپ، سىفەن، شىنجاڭ شۆيۈەنىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈش مۇراسىملىرىغا قاتنىشاتتى ھەم مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئايرىم سوزلىشەتتى. كادىرلارغا قارىتا بولۇشچە «يېقىنلىق» مۇئامىلە قىلاتتى. ئايرىم دەپتەرگە يېزىپ قويۇپ قولغا ئالماقچى بولغانلار بىلەنمۇ يېقىنلىق قىياپەتتە سوزلىشەتتى، ھاردۇق سورايتتى، پەخرى نام ياكى ياردەم پۇلى بېرەتتى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرگە مېھرى - شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدۇرۇپ، بالايى - ئاپەتنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى سەزدۇرمەيتتى. شۇڭا ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە، خەلققە قارشى تۇرۇش يولىغا مېڭىشتىن ئىلگىرى ئاممىنى ئالداپ قولغا كەلتۈرۈۋالغان ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئامالسىز ئىدى. 1937 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كەچ سائەت 9 دا مەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا «6 بۈيۈك سىياسەت كۇرسى» نى سىپلىشتۈرۈپ بېرىۋاتقان ۋاقتىمدا شەخسەن ئۆزى ماتېرىيال سىپلىشتۇرغۇچىلارغا ئالمىنى ئاقلاپ بېرىپ كوپ ۋەدىلەرنى قىلغان بولسىمۇ، مەن سائەت

11 دە ئۆيگە قايتىپ بېرىشىم بىلەنلا قولغا ئېلىندىم.

بىرلىكسەپ جەريانىدا كومپارتىيىنىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرى، دېموكراتىك ئىستىلى، پارتىيىنىڭ ئاممىا ئارىسىدا كۈنساناپ ئۇسۇۋاتقان ئىناۋىتى، ئىجتىمائىي تەسىرىنىڭ كۈنساناپ كېڭەيگەنلىگى، كومپارتىيە يادرو قىلىنغان جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش كۈچلىرى تېز ئەۋج ئېلىپ كۈنساناپ مۇستەھكەملەنگەنلىگى، شىڭ شىسەينى يارىماس ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغانلىغىغا ھەسەت قىلاتتى. ئۇنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، شىڭ شىسەينىڭ سىياسىي ئاساسىنى تەۋرىتىۋېتىدىغانلىغىدىن ئەنسىرەپ، كومپارتىيىدىن ئاممىنى تارتىۋېلىش كۈرىشىنى جىددىي ئىشلىدى، بولگۇنچىلىك قىلدى، ئىشپىيون قويۇپ پايلاقچىلىق قىلدى، يېقىنلىشىشىنى چەكلىدى، قاتتىق توستى. خىلمۇ-خىل ۋاستىلىرى كارغا كەلمىگەندىن كېيىن، ئاخىرىدا، «ئىسيان كوتىرىش ئەنزىسى» دىگەن كوزدىرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىقىپ، قولغا ئالدى ۋە ئولتۇردى.

نىمە ئۈچۈن 1942 - يىلى بىرلىكسەپ بۇزۇلدى؟ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى مەلۇم ئۆزگىرىش جەريانىنى بېسىپ ئوتىدۇ. كومپارتىيە بىلەن شىڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بىرلىكسەپ جەريانىدا مەۋجۇت ئىدى، كېيىن كەسكىنلەشتى. كوممۇنىستلار ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقنى تۈزۈتۈپ، پىرىنسىپتا سودىلاشماسلىقى لازىم ئىدى. بۇ - ماۋجۇشىنىڭ ئىزچىل تەلىمى. بىرلىكسەپ باشلانغاندىلا، كومپارتىيە شىڭ شىسەيگە نىسبەتەن قولغا كەلتۈرۈش ھەم كۈرەش قىلىش فاڭجېننى قوللىنىپ ھەمكارلاشقان ئىدى. 1936 - يىلى «12 -



ئاپرېل» دىن كېيىن، شىڭ شىسەي شىنجاڭ گېزىتى تەھرىر بولۇمىدىكى خادىملار بىلەن سوزلەشكەندە، ئۇ شىنجاڭدا سىنىپىي كۈرەشنى يولغا قويماسلىق، ماقالە يازغاندا مۇمكىن قەدەر سىنىپىي كۈرەش دىگەن سوزنى ئىشلەتمەسلىكنى ئېيتقان. ئۇ «پرولېتارىيات» دىگەن ئاتالغۇنى «يوقسىزلار توپى» دەپ ئوزگەرتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. شۇ چاغدا گېزىتخانىدا ئىشلەۋاتقان سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى يولداش ۋەن شەنتىڭ لېنىننىڭ: «سىنىپىي كۈرەشنى ئېتىراپ قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئېتىراپ قىلغان كىشى ماركسىزىمچى بولالايدۇ» دىگەن سوزىنى ئىستىتات كەلتۈرۈپ، شىڭ شىسەينىڭ پىكرىگە قوشۇلمىغان، شىڭ شىسەي ۋەن شەنتىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنى قەشقەرنىڭ مەمۇرىي باشلىقلىغىغا يوتكەپ، خىزمىتىنى ۋاڭ باۋچيەنگە ئوتكۈزۈپ بەرگەن ئىدى.

كومپارتىيە بىلەن شىڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت يەنە كادىرلار لۇشيەنى جەھەتتە گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن ئىدى. كومپارتىيە شىڭ شىسەينىڭ يېقىنلىرىنىلا ئىشقا قويۇش لۇشيەنىگە قەتئىي قارشى تۇردى. شىڭ شىسەي شىنجاڭدىكى ھوكۇمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، خوتۇنىنىڭ تۇققانلىرىنى، يۇرتداش، ساۋاقداشلىرىنى شىنجاڭغا يوتكەپ كەلگەن ئىدى. قېيىناتىسى چۇزۇڭجۇننى ئىلى بوز يەر ئوزلەشتۈرۈش ئەلچىسى قىلدى. ئۇ ئىلىدا زورلۇق-زومبۇلۇق قىلاتتى، ئاممىنى ئېزەتتى، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان ئىدى. ھەممىلا جاي دات-پەرياتقا تولغان ئىدى. خې يۇجۇ، سۇن بەيشياڭ، لاڭ داۋخىن، چىن دۇڭبەي، گوشلياڭ، كاڭ بىڭلىن،

سۇي گۆچمەك، سۇيلەن، ۋاڭ لىسى، ۋاڭ جىچياۋلار 10 چوڭ دوكتور دەپ ئاتالغانلار ئىدى. بۇلار ئىچىدە ئايرىم كومپارتىيە ئەزاسى ۋە ئىلغار زاتلارمۇ بار ئىدى. كوپىنچىسىنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسى تۇتۇق، بەزىلىرىنىڭ ئىدىيىسى ئەكسىيەتچىل ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن نازارەت، ئىدارە، شەھەر باشلىقلىقىغا ۋە باشقا مۇھىم خىزمەتلەرگە قويۇلدى. بۇلار شىڭ شىسەي ئەتراپىدا پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ، سىياسەت بەلگىلەيدىغانلار ئىدى. كومپارتىيە بۇ فېئودال ۋە مەزھەپچىلىك گۇرۇھىنى بۇزۇپ تاشلاش يۇزىسىدىن كوپ قېتىم داۋلى سوزلەش كۇرىشى ئېلىپ بارغان ئىدى. شىڭ شىسەي سوۋېت كومپارتىيىسى ۋە ستالىنىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۇرۇش ئۇچۇن، 10 چوڭ دوكتورنىڭ كوپىنى چەت ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە يوتكىۋېتىپ، چۇزۇۋكجۇنى ئولكىلىك ھوكۇمەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەپ ئەكىلىۋالدى. چۇزۇۋكجۇن ئوزىنىڭ ئىلىدىكى مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچىشىنى خالىماي، ئېغىر شەرت قويۇپ، ئىلىدا شەخسىي ھوزۇرلىنىشى ئۇچۇن سېلىنىۋالغان باغچىسى ۋە ھايۋاناتلار باغچىسىنى پۇتۇنلەي ئۇرۇمچىگە يوتكەپ كېلىشىنى تەلەپ قىلدى. ھازىرقى ئۇرۇمچىدىكى "نۇر باغ" شۇ ئارقىلىق بىنا بولغان. كوچۇرۇش جەريانىدا چۇزۇۋكجۇن مىلىتارىستلىق قاراملىقىنى ئىپادىلەپ، ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى تۇتۇشقا بوي بەرمىگەن بۇغا ۋە باشقا ھايۋاناتلارنى بۇيرۇق بىلەن ئاتتۇرۋەتكەن.

شىنجاڭنىڭ سىياسىي مۇرەككەپ ئىدى. ئوكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، نۇرغۇن ئاق گۋاردىيىچىلەر شىنجاڭغا قېچىپ كېلىۋالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى شىڭ شىسەي



مۇھىم خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرغان. ئالتاينىڭ ۋالىسى بوقات مۇشۇلارنىڭ بىرى ئىدى. سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشى پارتلىغان چاغدا، ئۇ، كوكتوقاي ھاكىمى راخاتنى توپىلاڭ كوتۇرۇشكە قۇتۇرتۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 7 نەپەر مۇتەخەسسىسىنى چەمبەر ـ چەس باغلىتىپ، لاۋۇلداپ كويۇۋاتقان ئوتقا تاشلىتىپ كويدۇرتىۋەتتى. تاشقى ئىشلار مەھكىمىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتىنىشىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەي نائىلاج تازىلاشقا ئەسكەر ئەۋەتكەندە، بوقات قاتارلىقلار تەسلىم بولۇپ، مەسىلىلەر تېچ يول بىلەن ھەل قىلىنىپ باش جاۋاپكاردىن 11 كىشىنى قولغا ئالدى. 1942 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، لى يىڭچى باشچىلىقىدا ئوچۇق سوت ئويۇشتۇرۇلدى. ئوچۇق سوتقا نازارەت، باشقارما باشلىقلىرى تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇلدى. كومپارتىيىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىدىن يولداش ماۋزېمىن، ۋاڭ باۋچيەن قاتارلىقلارمۇ ئوچۇق سوتقا قاتناشقان ئىدى. ئوچۇق سوت ھەركۇنى يېرىم كۇندىن 10 نوۋەت داۋام قىلدى. سوتتا بوقات قاتارلىق كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوچمەنلىك قىلىپ، سوۋېتكە، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش ئۇچۇن، سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنى كويدۇرۇپ ئولتۇرگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. بۇ ئەسلىدە ئاق گۋاردىيىچىلەر فاشىستلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھوجۇم قوزغىشىغا ماسلىشىپ، روسىيىدە چار پادىشالىق تۇزۇمىنى تىرىلدۇرۇش ئۇچۇن ئېلىپ بارغان جىنايى ھەرىكىتى ئىدى. لېكىن 4 ـ ئايدا ھوكۇمىنى خۇلاسە قىلغان چاغدا، لى باۋلىڭ سوت كوللېگىيىسىگە ۋاكالىتەن "بوقات قاتارلىق 11 كىشى سوۋېت كونسۇلىنىڭ سېتىۋېلىشى ئارقىسىدا، سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنى كويدۇرۇپ ئولتۇرۋەتكەن" دەپ ئېلان قىلىپ، ئەنزە پەيدا

قىلىش بىلەن توپىلاڭ كۆتۈرۈشىنىڭ خاراكتېرىنى ئاستىن ـ
ئۈستۈن قىلىۋەتكەندە، ۋاڭ باۋچيەن تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىگە
ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ، "سىلەرنىڭ ھەق ـ ناھەقنى ئايرىلاشتۇ ـ
رۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، يالغان ئەنزە
پەيدا قىلغانلىقىڭلارغا قەتئىي قارشىلىق بىلدۈرىمەن. بۇنىڭ
بىلەن دىپلوماتىيە جەھەتتە كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتلەرگە
پۈتۈنلەي ئۆزەڭلەر جاۋابكار" دېدى. يولداش ماۋزېمىن ئاچ ـ
چىقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ، بىۋاستە تېلېفون ئارقىلىق شىڭ
شىسەيگە، مەن سىنىڭدىن مۇنۇ ئىككى مەسىلىنى سورايمەن:
بىرىنچىدىن، سەن سوۋېت بىلەن دوستمۇ ياكى سوۋېتكە قارشىمۇ؟
ئىككىنچىدىن، بۇنى ئۆزەڭ شۇنداق قىلغانمۇ ياكى تۆۋەندىكى ـ
لەرنىڭ ئويۇنىمۇ؟ دېگەندە، شىڭ شىسەي ئىنتايىن ئوڭايسىز ـ
لىنىپ، لى يىڭچىگە جىددىي ئۆتۈنۈش قىلىپ، "كۆپچىلىك
ئالدىدا خۇلاسىنىڭ كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكىنى" ئېلان قىلدى.
لى يىڭچى يامان غەرەز يوشۇرۇنغان بۇ خۇلاسىنى كۆيدۈرۈپ
تۈگۈرۈك قاچىسىغا تاشلىۋەتتى. مانا بۇ كومپارتىيىنىڭ شىڭ
شىسەي بىلەن بىرلىكسەپ ئىچىدە ئېلىپ بارغان ئەڭ ئاخىرقى
بىر قېتىملىق كۈرىشى ھەم بىرلىكسەپنىڭ بۇزۇلىشىدىكى بىر
سىگنال ئىدى. شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپار ـ
تىيىگە قارشى تۇرۇش سۈيىقەستىگە ئۇزۇن ۋاقىت بولغان ئىدى.
1938 ـ يىلى ئۇ ستالىن بىلەن كۆرۈشكەندىن باشلاپ، سوۋېت
ئىتتىپاقىدىن يىراقلاشتى. ستالىن ئوتتۇرىغا قويغان "شىنجاڭ
جۇڭگونىڭ 3 ـ خىل سىياسى كۈچى" دېگەن سۆزىنى "شىنجاڭ
جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئارمىيىسى ۋە 6 بۈيۈك سىيا ـ
سىتى بولغان بىر مۇستەقىل سىياسى گۇرۇھ" دەپ ئۆزگەرتى ـ



ۋەتكەن ئىدى. بۇنىڭدىن مەقسىدى، 3 ـ ئىنتېرناتسىئونال بىلەن
ئالاقەم يوق دېگەننى ئېلان قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن
ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى ئالدىدا، يېنىكلىك
بىلەن ھەركەت قىلىشقا پېتىنالمايتتى. 1941 ـ يىلى ۋەزىيەتنى
خاتا مۆلچەرلىدى. ئۇ، گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيىدىن ئىبا ـ
رەت 3 دۆلەتنىڭ ئىتتىپاقى قۇرۇلدى، فاشىستلارنىڭ ھەيۋىسى
كۆتۈرۈلدى دەپ ھېساپلىدى. گومىنداڭ ئىككىنچى قېتىم
كومپارتىيىگە قارشى دولقۇن قوزغاپ، جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقە ـ
سىنى پەيدا قىلدى. 1941 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى
سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۇرۇشى ۋە ئۇلۇغ ئوكيان ئۇرۇشى ئارقا ـ
ئارقىدىن پارتىلىدى، گىتلېرچىلار چاقماق تېزلىكىدىكى ئۇرۇش ئارقىلىق
ئۇكرائىنىنى بېسىۋالدى. جياڭ جيېشىنىڭ كومپارتىيىگە ئاكتىپ
قارشى تۇرۇش، ياپون جاھانگىرلىكىگە پاسسىپ قارشى تۇ ـ
رۇش ئەپتى ـ بەشىرىسى تېخىمۇ ئاشكارىلاندى. 1941 ـ يىلدىن
1942 ـ يىلغىچە ياپون فاشىستلىرى بېسىۋالغان رايونلاردا،
"ئامانلىقنى كۈچەيتىش ھەركىتى" يۈرگۈزدى؛ گومىنداڭ قوشۇن ـ
لىرى ھەر قايسى جەڭ رايونلىرىدا ئارقىمۇ ـ ئارقا مەغلۇپ
بولغانلىقتىن، نۇرغۇن ئوفىتسېرلار "ئەگرى يول بىلەن ۋەتەن
قۇتقۇزۇش" فاكچىنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، فاشىستلارغا تەسلىم
بولۇش ئۈچۈن پىكىر تەييارلىدى.

شىڭ شىسەي يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى بىرلەشتۈرۈپ،
"فاشىستلارنىڭ كۈچىگە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ. ياپون
جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى يوق، كومپار ـ
تىيە جۇڭگونى قۇتقۇزالمايدۇ، سوتسىيالىزم يوقىلىدۇ" دېگەن
خۇلاسىغا كېلىپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي، جياڭ جيېشىنىڭ

قويىنغا ئۆزىنى ئاتتى. 1941 - يىلى 5 - ئىنىسى شىڭ شىچى بىلەن قېيىنىسى چيۇيۇيشۇننى جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن چۇڭچىڭگە ئەۋەتتى. 1942 - يىلى كۈزدە، كوممۇنىستلارنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ، بۇنى سوغا قىلىپ يەنە باجىسى ۋاڭ خۇڭزاۋ بىلەن 5 - ئىنىسى شىڭ شىجىنى جياڭ جيېشىغە ئەۋەتىپ ساداقەتلىكىنى بىلدۈردى. بۇلار بىرلىكسەپنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇزۇلغانلىقى، نېمە ئۈچۈن 1942 - يىلى بۇزۇلغانلىقىنىڭ سەۋەبى ۋە ئۆتمۈشى ئىدى.

## خۇلاسە

شىنجاڭدا بىرلىكسەپنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ بۇزۇلۇشى بىزگە مۇنداق بىر مەسىلىنى، يەنى نىقابلانغان ئىنقىلابچى ئاشكارا دۈشمەندىنمۇ قورقۇنۇچلۇق ئىكەنلىكىنى تونۇتىدۇ. شىڭ شىسەي ئەسلىدىلا مەغرۇر قارام جاللات ئىدى. ئۇ ئىنقىلاپ ۋەزىيىتىنى ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسى قارا نىيىتىگە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەڭ ئاممىنى ئالدىغان، نۇرغۇن كوممۇنىستلارنىمۇ ئالدىغان ئىدى. ئۇ سەھنىدە سۆزلىگەندە ياكى شەخسلەر بىلەن سۆزلەشكەندە، نەزەرىيە سۆزلىگەندە، ماركسىزمنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، لۇشۈن تەرىپلەپ بەرگەن «كالپۇكى ئادەم يېغى بىلەن ياغلانغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن نىيىتى ئادەم يېيىش ئىدىيىسى بىلەن تولغان» ئاشۇ خىل ئادەم ئىدى. ئىنقىلاپ قەدەممۇ - قەدەم غەلىبە قىلغان چاغلاردا، ئۇ ئىنقىلاپچىلاردىنمۇ ئېشىپ كېتەتتى ، بىر مەھەل، جۇڭخۇا مىللىتى



ھايات - ماماتلىقتىن ئىبارەت ئېغىر باسقۇچتا تۇرغاندا، ئىنقىلاپ ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا ياكى ئېغىر ئوڭۇشسىزلىقلارغا يولۇققاندا، ئۇ بىر ئۆزگۈرۈپلا، ماركسىزم تونىنى تاشلىۋېتىپ رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، «جۇڭگونىڭ تەقدىرى»، «نۇقۇل ھاياتلىق نەزەرىيىسى» قاتارلىق گومىنداڭنىڭ چەرەندە - پەرەندىلىرىنى يىغىۋېلىپ نومۇسسىزلارچە جياڭ جيېشىنىڭ قولىغا ئايلانغان ئىدى. شىڭ شىسەي بىرلىكسەپ جەريانىدا دائىم دېگۈدەك: «جەڭگىۋار، ئىلمى، نەزەرىيىۋى 6 بۈيۈك سىياسەت، ماركسىزم - لېنىنىزم پىرىنسىپلىرىنى ئاساس قىلىدۇ» دېگەن بولسا، 1943 - يىلى 9 - ئايدا، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بولۇمى قۇرۇلغاندا، خەلققە قىلغان مۇراجىتىدە «3 مىللىي مەسلەك 6 بۈيۈك سىياسەتنىڭ پىرىنسىپى، 6 بۈيۈك سىياسەتنىڭ ئۆزى ئۆلكىمىزدە 3 مىللىي مەسلەكنى ئىجرا قىلىشنىڭ كونكرېت لايىھىسى» دېگەن. قاراڭلارچۇ، نىقابلانغان ئىنقىلابچى نەقەدەر قورقۇنۇچلۇق!

# يولداش چېن تەنچۇ شىنجاڭدا

جى خې

1937 - يىلى 7 - ئايدا، مەن موسكۋادىن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىش سەپىرىمدە شىنجاڭدا قالدۇرۇلۇپ، "يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى" دا رۇس تىلى ۋە ھەربى ئوقۇتقۇچىسى بولدۇم. شۇ چاغدا يولداش دېڭ فا پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى مەسئۇل كىشىسى ئىدى. 2 - يىلى يازدا، يولداش چېن تەنچۇ يەنئەنگە قايتىۋېتىپ شىنجاڭدىن ئۆتكەندە يولداش دېڭ فا يەنئەنگە كەتكەن ئىدى. مەركەزدىن دېڭ فانىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش توغرىسىدا چېن تەنچۇغا تېلېگرامما ئارقىلىق يوليورۇق كەلگەنلىكتىن، ئۇ پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى، شۇ چاغدىن باشلاپ، مەن يولداش چېن تەنچۇ رەھبەرلىكىدە ئىشلىدىم،

1940 - يىلىنىڭ بېشىدا، يولداش چېن تەنچۇ مەركەزنىڭ بەلگىلىشىگە ئاساسەن، مېنى "يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى" دىن يۆتكەپ چىقىپ فىڭ شۈەنىنىڭ ئورنىغا ياردەمچى قىلدى. ئۇ چاغدا، پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەكىللىرى تۇرۇشلۇق ئورۇن بىر كورپۇس ئىككى قەۋەتلىك بىنا بولۇپ، سىرتقا نىسبەتەن شىڭ شىسەينىڭ 3 - مېھمانخانىسى دەپ



ئاتىلاتتى، يولداش چېن يۈن، دېڭ فالار بۇ ئۆيلەردە قونۇپ ئۆتكەن، جۇزۇڭلى، يولداش رېن بىبىشى ۋە باشقا يولداشلارمۇ سەپەر ئۈستىدە بۇ ئۆيلەردە قونۇپ ئۆتكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ جاي پارتىيىمىزنىڭ سەپەر ئۈستىدىكى خادىملىرىنى قوبۇل قىلىدىغان مېھمانخانىسى ياكى قوبۇل قىلىش پونكىتى ئىدى.

يولداش چېن تەنچۇ پارتىيە ۋەكىللىكىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، "يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى" نىڭ دالا مەشقىنى ئۇيۇشتۇرۇشنى تۇتتى. ئىشقا كىرىشىشتىن ئاۋال تەييارلىق خىزمەتلىرىنى تولۇق ئىشلەش ئۈچۈن، مېنى دالا مەشقى قىلىنىدىغان ئورۇنغا بېرىپ يەر شارائىتى، سۇ مەنبەسىنى چارلاپ كۆرۈشكە ئەۋەتتى. ئاندىن چوڭ قوشۇن يولغا چىقاتتى. پۈتكۈل دالا مەشقى داۋامىدا، يولداش چېن تەنچۇ بارلىق قوماندان - جەڭچىلەر بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ، جاپاغا چىداش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەڭ ئۈستىدە تەكشۈرۈشتەك چارىنى قوللىنىپ، كۈندۈزلىرى ھەربى مەشق قىلىش، پاراتتىن ئۆتكۈزۈشنى ئېلىپ بارغاندىن تاشقىرى، كېچىلىرىمۇ ئۇرۇش مانېۋىرى ئۆتكۈزۈپ كۆپچىلىكنىڭ ئۆگىنىش ۋە مەشقىنى چىڭ تۇتقان ئىدى. 9 - ئايلاردا جۇزۇڭلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ داۋالىنىش سەپىرىدە شىنجاڭدىن ئۆتكەندە، دېڭ فا، چېن جياڭ خاۋ يولداشلار بىلەن ئالاھىدە دالا مەشق ئورنىغا بېرىپ، «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» دىكى بارلىق يولداشلارنى يوقلىغان ئىدى. زۇڭلى قارشى ئېلىش يىغىنىدا سۆز قىلغان. ئېسىمدە قېلىشىچە: «سىلەر پارتىيىمىزنىڭ 4 - يونۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ قالدۇرغان ئۇرۇقلىرى ۋە تايانچلىرى، مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن سىلەردىن ھال

سوزايمەن، "يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى" دېگەن يولداشلارنىڭ
ھەربى تېخنىكىنى ئۆگىنىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇ-
رۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسى ئۈچۈن كۈچ تەييارلىشىنى
ئۈمىت قىلىمەن» دېگەن مەزمۇندا سوز قىلدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپ،
دېڭ ھەدىمۇ سوز قىلىپ كوپچىلىككە ئىلھام بەردى. بۇ سوز-
لەر بىزگە ئوخشاش مەركەزدىن يىراقتا تۇرغان يولداشلار ئۇ-
چۇن ئىنتايىن يېقىملىق تۇيۇلاتتى ھەم زور ئىلھام بولات-
تى. شۇ يىلى 9 - ئاي ئاخىرىدا ئىككى ئايدىن كوپرەك داۋام
قىلغان دالا مەشقى ئاخىرلاشتى. يولداش چېن تەنچۇ بارلىق
قوماندان - جەڭچىلەرگە سوز قىلىپ، قىش پەسلىدىكى گازارما
ئۆگىنىشكە سەپەرۋەر قىلغان سوزىدە: بىز ئۈچۈن ۋاقىت كوپ
قالمىدى، كوپچىلىك ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ جىددى ئۆگىنىشى
لازىم دېدى. يولداش چېن تەنچۇنىڭ باشلامچىلىقى ۋە تەش-
كىللىشى ئارقىسىدا قىشلىق ئۆگىنىش جىددى ئوتتى. دالا
مەشقى ۋە قىش پەسلىدىكى ئۆگىنىش ئارقىلىق "يېڭى ئەسكەر-
لەر لاگېرى" دىكى كەڭ كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ سىياسى
ئېڭى ۋە ھەربى تېخنىكىسى زور دەرىجىدە ئوسۇپ، يارامىلىق
جەڭگىۋار كۈچكە ئايلاندى. 1940 - يىلى 1 - ئايدا "يېڭى
ئەسكەرلەر لاگېرى" دىكى بارلىق يولداشلار يەنئەنگە قايتىپ
بېرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپ جىددى
ئېھتىياجلىق بولغان ھەربى رەھبەر ۋە تېخنىكا تايانچلىرى
بىلەن تولۇقلاندى. بۇ يولداشلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە كېيىنكى ئازاتلىق ئۇرۇشى، ئامې-
رىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشلىرىدا
مۇھىم تۆھپە قوشتى. ھازىر، بۇ يولداشلار ئايرىم - ئايرىم



ھالدا زەمبىرەك قوشۇنى، بىرونېۋىك قىسىملىرى، ھاۋا ئارمى-
يىسى قاتارلىق زامانىۋى ئارمىيە خىللىرىدا مۇھىم رەھبەرلىك
ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالماقتا. ئۇلارنىڭ ئوسۇپ يېتىلىشىنى
شۇ يىللاردىكى يولداش چېن تەنچۇنىڭ غەمخورلىقى ۋە تەربىيى-
لىشىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ.

يولداش چېن تەنچۇ رەھبەرلىكىدە بىزنىڭ شىنجاڭدا
ئېلىپ بارغان بىرلىكسەپ خىزمىتىمىز ناھايىتىمۇ جاپالىق
بولغان ئىدى. ئۇ چاغدا شىڭ شىسەي ھەممە تەرەپتىن بىزنى
چەكلەيتتى، بىزنىڭ خەۋەرلىشىش ئىستانسىسى قۇرۇشىمىزغا
رۇخسەت قىلمايتتى، بارلىق تېلېگرامما، خەت - ئالاقىلار
دۇبەن مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇلۇش ئارقىلىق ماڭدۇرۇلاتتى. يول-
داش چېن تەنچۇ ناھايىتى تەجرىبىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن،
بۇ ئىشلار ئۈستىدە كۈرەش ئېلىپ بارغان ئىدى. مەسىلەن:
شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان يول-
داشلار بىلەن ئالاقە قىلىشتا، ئومۇمەن مۇھىم بولغان مەخپى
ئالاقىلارنى ناھايىتى ئەپچىل يوللار بىلەن شىڭ شىسەينىڭ
كوز - قۇلاقلىرىغا تۇيدۇرماي ئېۋەتىپ، ئۇلارغا بولغان رەھبەر-
لىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش
بىرلىكسەپىنىڭ قانات يايدۇرۇلىشىنى ئالغا سۇرەتتى.

ئۇرۇمچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ياكى داۋالىنىۋاتقان
يولداشلارغا قارىتا، يولداش چېن تەنچۇنىڭ رەھبەرلىكى
ئىخچام كونكرىت ئىدى. شۇ چاغلاردا پارتىيە باش ياچېيكىسى
ۋە پارتىيە ياچېيكىلىرى قۇرۇلغان ئىدى (سىرتقا نىسبەتەن
ئۆگىنىش كومىتېتى دەپ ئاتىلاتتى). بۇ ياچېيكىلاردا قارارلىق
تەشكىلى تۇرمۇش ئوتكۈزۈلۈپ، خىزمەتلەر تەكشۈرۈلەتتى ۋە

دوكلات قىلىناتتى. 1941 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يولداش چېن تەنچۇ ئۆزى تۇرۇۋاتقان جايدا پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا، يولداش چېن تەنچۇ پارتىيەمىزنىڭ شەرەپلىك تارىخىنى سۆزلىدى ھەمدە ھەر بىر پارتىيە ئەزاسىغا بىردىن خاتىرە ئىزنەك تارقىتىپ بەردى. بۇ خاتىرە ئىزنەكنى ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە بىزنىڭ بىۋاستە ياچېيكىمىزدىكى يولداشلار لايىھەلەپ ئىشلەپ چىققان. ئىزنەك تېشى سېرىق، تېگى كۆك، ئوتتۇرىسىدا بەشيۇلتۇز، ئارقىسىدا 20 - يىللىقى دېگەن خەت ئويۇلغان ئىدى. مەن شۇ كەمدە بىر دانە ئىزنەك ئالغاندىن باشقا يەنە بىر يانچۇق سائىتى مۇكاپات ئالغان ئىدىم. بۇ قىممەتلىك خاتىرە بۇيۇملىرى تۈرمىدىكى چاغلىرىمدا بانىدىتلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلدى.

يولداش چېن تەنچۇ جىددىي بولغان خىزمەت داۋامىدا، ئۆزى چىڭ تۇرۇپ جاپاغا چىداپ ئۆگەنگەندىن باشقا (ماركس، لېنىن ئەسەرلىرى ۋە روس تىلىنى ئۆگىنىش)، يولداشلارغا ياردەم بېرىش ۋە تەربىيە بېرىشكە دىققەت قىلاتتى، ئۇ دائىم دېگۈدەك ۋاقىت چىقىرىپ كوپچىلىككە دەرس ئۆتەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەرستىن ئاۋۋال پۇختا تەييارلىق كۆرەتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ بىر قېتىم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخى توغرىسىدا ئوموملاشتۇرۇلغان تېزىس يېزىپ چىققان ئىدى. ئۇنىڭدا يەر ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە باي دېخانلارغا قارىتا بىر مەھەل بەك سوللۇق قىلىپ، دۈشمەن كېڭەيتىۋېتىلگەنلىكى، بۇنىڭ ئىنقىلاپ ئۈچۈن پايدىسىز بولغانلىقى ئېيتىلغان. بۇ سۆزنى مەن تۇنجى قېتىم ئۇنىڭدىن



ئاڭلىغانلىقىم ئۈچۈن ماڭا ئالاھىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىدى. يولداش چېن تەنچۇ پارتىيە قۇرغۇچىلاردىن بىرى بولسىمۇ، لېكىن پارتىيە تارىخىنى سۆزلىگەندە ئۆز تۆھپىلىرى ۋە كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈستىدە ئەسلا ئېغىز ئاچمايتتى، ئەكسىچە ئۇ بەزىدە پارتىيە تارىخىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى بىرلەشتۈرۈپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىنىڭ كەمچىلىك ۋە خاتالىقلىرىنى تەكشۈرەتتى. بۇنداق ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن ئۆزىنى تەكشۈرگەنلىكى بىزگە چوڭقۇر تەربىيە بولاتتى ۋە كۆپچىلىكنى قايىل قىلاتتى.

1942 - يىلى يەنئەن تېلېگىرامما ئارقىلىق ئىستىل تۈزىتىش توغرىسىدىكى ھۆججەتلەرنى (قىسقارتىلمىسى) ئېۋەتكەن ئىدى. يولداش چېن تەنچۇ ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشىنى ئۆز ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىشىمىزغا رەھبەرلىك قىلدى. دەسلەپتە تارقاق ھالدا ياچېيكىلار بويىچە ھۆججەت ئۆگىنىش ئۇيۇشتۇرۇلدى. كېيىن جايلاردا ئىشلەۋاتقان يولداشلىرىمىز شىڭ شىسەي تەرىپىدىن خىزمەتتىن قالدۇرۇلۇپ ئۈرۈمچىگە يۆتكەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆگىنىش تەدرىجىي مەركەزلەشتى. يولداش چېن تەنچۇ ئۆزى شەخسەن ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرىگە قاتنىشاتتى. ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشى ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولغان ئىدى، كۆپچىلىكنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى ئۆستى، ئىتتىپاقلىقى كۈچەيدى، ئىنقىلاۋىي ئىشەنچىسى چىڭىدى، بۇلار تۈرمىدىكى كۈرەشلەردە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن ئىدىيىۋى ئاساس تۇرغۇزۇپ بەرگەن ئىدى.

ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشى باشلانغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى كۈنسايىن يامانلاشتى. شىڭ شىسەي نىيەس

باشقۇنچىلىرىنىڭ ئۇرۇشنى موسكۋاغا يېقىنلاشتۇرغانلىقى، مەملىكەت ئىچىدىكى ياپون باشقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئەڭ قىيىن ئۆتكەلدە تۇرغانلىقىنى بايقاپ، كومپارتىيە ئەسقاتمايدىغان بولدى دەپ جىياڭ جيېشى بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈپ، پارتىيىمىزدىكى يولداشلارغا ۋە شىنجاڭدىكى ئىلغار زاتلارغا نىسبەتەن زىيانكەشلىك قىلىشنى جىددىلەشتۈردى. مۇشۇنداق خەتەرلىك ۋەزىيەتتە، يولداش چېن تەنچيۇ ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن بىزگە قارىتا ئىنقىلاۋى شىجائەت توغرىسىدا تەربىيە بەردى. كوپچىلىكنى ھەر قانداق ئەھۋالدا كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ شەرەپلىك نامىنى ساقلاپ قېلىش، دولەتمەن بولغاندا ئايىنىپ كەتمەسلىك، نامرات بولغاندا پاكلىقنى ساقلاش، ھەيۋە ئالدىدا تىز پۈكمەسلىك توغرىسىدا چۈشەنچە بېرەتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە ئۇ بىز بىلەن مۇڭداشقان چاغدا، ئۆزىنىڭ خاربىندىكى بىر مېھمانخانىدا مەجلىس ئېچىۋاتقاندا ئۈشتۈمتۇت دۈشمەن ژاندارمىلىرى قورشىۋالغانلىقىنى، ئۇ، يۇكسەك ئاۋاز بىلەن: «يولداشلار مەيدانىمىزدا چىڭ تۇرايلى!» دىگەن سوزنى قىلىپ، كوپچىلىكنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغانلىقىنى، شۇ نوۋەت قولغا ئېلىنغان يولداشلارنىڭ بىرسىمۇ ئاسىيلىق قىلمىغانلىقىنى سوزلەپ بەرگەن ئىدى. ئۇ، ئوز سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق، جىددى پەيتلەردە دائىم دىگىدەك رەھبىرى كىشىلەرنىڭ بىر-ئىككى ئېغىز سوزى يولداشلارنىڭ تاقابىل تۇرۇش پوزىتسىيىسىگە تەسىر كورسىتىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. يولداش چېن تەنچيۇنىڭ بۇ سەمىمى تەلىمى مەڭگۈ ئېسىمدە ساقلانماقتا. كېيىن، بىزدىكى 100 دىن ئارتۇق يولداشلار ئۇنىڭ مۇشۇنداق روھىنىڭ ئىلھامىدا، قاتتىق جازا ئالدىدا تىز پۈكمىدى، دۈشمەننىڭ شىرىن سوزلىرىگە ئالدانمىدى، «يۈز كىشى بىر نىيەتتە» ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشتەك قەيسەر ئىرادىسىنى نامايان قىلدى.



ۋەزىيەت ئىنتايىن خەتەرلەشكەن چاغدا، مەن مامىنفاڭ بىلەن بىللە يولداش چېن تەنچيۇغا ئۇنىڭ مەركەزگە تېلېگىرامما يوللاپ چېكىنىپ چىقىپ كېتىش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلىشىنى تەلەپ قىلدۇق. يولداش چېن تەنچيۇ تەكرار ئويلىنىپ كورگەندىن كېيىن، مەركەزگە ئەينەن دوكلات قىلدى. ئۇزۇن ئوتمەي، چېكىنىشكە قوشۇلغانلىق توغرىسىدا مەركەزنىڭ جاۋاپ تېلېگىراممىسى كەلدى. يولداش چېن تەنچيۇ كېتىش پىلانىنى تۈزۈپ، 3 تۈركۈمگە بولۇنۇپ مېڭىشنى، بىرىنچى تۈركۈمدە مەسئۇل كادىرلار بىلەن ئاۋىئاتسىيە دۈيى ماڭماقچى بولىدى، بۇنىڭغا مەن مەسئۇل بولىدىغانلىقىمنى، ئىككىنچى تۈركۈمگە دوختۇر ياڭ شىگۇاڭ مەسئۇل بولۇپ، يارىدار بىلەن كېسەللەرنى ۋە بالا-چاقىلارنى ئېلىپ ماڭىدىغانلىقى، ئوزىنىڭ ئاخىرىدا ماڭىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. مەن بۇ لايىھەگە قوشۇلماي ئۇنىڭ بىرىنچى تۈركۈمدە مېڭىشىنى تەكلىپ قىلدىم. شىڭ شىسەي قولغا ئالماقچى بولسا، ئالدى بىلەن سىلەرنى قولغا ئالىدۇ، شۇڭا ئالدى بىلەن سىلەر كېتىڭلار دىدىم. بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا تالاش-تارتىش بولدى. ئەھۋالدا ئوزگىرىش تېز بولغىنى ئۈچۈن پىلانىمىز ئەمەلگە ئاشمىدى. سوۋېت ئارقىلىق بولىدىغان قاتناشنى شىڭ شىسەي قامال قىلىۋالغان ئىدى. بۇ يەردە مېنىڭچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا تېگىشلىك مۇنداق بىر ئىش بار. بىز كېتىشكە تەييارلىق كورۈۋاتقان چاغلاردا، يولداش چېن تەنچيۇ ۋاڭ مىڭنىڭ ئاتىسى-

نى تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن كوپچىلىك بىلەن بىللە مىڭىش-
قا رازى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سورىغاندا، بوۋاي
قايتىپ بېرىپ ئويلىنىپ جاۋاپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. لې-
كىن ئۇ كەلمىگەن، بىز تۈرمىگە تاشلانغاندىن كېيىن، تۈرمە-
دە بىر شىنجاڭلىق كىشى ماڭا : «سىلەر باشقىلار پاش
قىلىپ قويمىغان بولسا ئاللىقاچان كەتكەن بولاتتىڭلار» دېدى.
مەن كىمنىڭ پاش قىلىپ قويغانلىقىنى سورىسام، ئۇ كىشى:
سىلەردىن چېن فامىلىلىك كىشى شىڭ شىسەيگە خەت يېزىپ،
سىلەرنىڭ ماڭىدىغانلىقىڭلارنى ، ئۆزىنىڭ "ئادىل شىڭ شىسەي"
دىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى تەلەپ قىلغان . مەن بۇنى ئاڭلاپ
قاتتىق غەزەپلەندىم. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، تەشكىلگە
بۇ ئەھۋالنى ئىنكاس قىلدىم. لېكىن تەكشۈرۈش نەتىجىسى
بولمىدى. ئازات بولغان يىلى، بەزىلەر بېيجىڭدا بۇ بوۋاينى
كورگەن ئىكەن، ئېھتىمال ۋاڭ مىڭ ئۇنى قايات ئاستىغا ئالغان
بولۇشى مۇمكىن.

1942-يىلى 8-ئايدا، بىزنىڭ بارلىق يولداشلىرىمىز
باخۇلياڭغا تويلاندى. 9-ئاينىڭ 17-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن،
شىڭ شىسەينىڭ مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى ئىككى ماشىنا بىلەن
كېلىپ، دۇبەن چېن تەنچۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق 5 كىشىنى
سوهبەتكە "تەكلىپ" قىلىدۇ، دېدى. يولداش چېن تەنچۇ تەج-
رىبىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ قولغا ئېلىنىدىغانلىق
ئېھتىمالىنى بايقاپ، هاجەتخانىغا كىرىشنى بانا قىلىپ، ئوي-
نىڭ ئايلانمىسىدىكى كارىدوردىن مېنى تېپىپ، «جىخى، مەن
قولغا ئېلىنىدىغاندەك تۇرىمەن، سىز تېزلىكتە ئىككى ئىشنى
بېجىرىڭ: بىرى، بۇ دەپتەرنى دەرهال لىيۇفېڭغا تاپشۇرۇپ بې-



رىڭ (جاڭ زىيى يولداشنى دېمەكچى)، مەن كەتكەندىن كېيىن
ئۇنىڭ ئومۇمى ئىشلارغا مەسئول بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قو-
يۇڭ. ئىككىنچىسى، سىز بۇ يەردىكى ئەھۋالنى دەرهال خەلقارا
قاتناش پونكىتىغا دوكلات قىلىڭ » دېدى ، سۆزدىن كېيىن
چىقىپ كەتتى. مەن دەپتەرنى دەرهال لىيۇفېڭغا تاپشۇرۇپ بې-
رىپ ، يولداش چېن تەنچۇنىڭ يوليورۇغىنى يەتكۈزۈپ قويدۇم.
ئاندىن كېيىن باخۇلياڭدىن چىقىپ، خەلقارا قاتناش پونكىتى-
غا بېرىپ يۇقۇرقى ئەھۋاللارنى ئىنكاس قىلدىم. ئۇلار مېنى
يوشۇرۇپ قېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئايروپىلانىدا مەخپى ئېلىپ كەت-
مەكچى بولدى. مەن خەۋپ ئالدىدا تۇرغان يۈزدىن كوپرەك
يولداشلارنى ئويلاپ، يالغۇز ئايرىلىپ كېتىشنى خالىمىدىم. قاي-
تىپ كېتىمەن دەپ چىڭ تۇردۇم. قايتىپ كېلىۋېتىپ باخۇلياڭ-
نى قوراللىق ھەربى ساقچىلارنىڭ قورشىۋالغانلىقىنى سەزدىم-
دە، چوڭ ئىشىك بىلەن كىرىشكە مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن.
ئارقا تەرەپكە ئوتۇپ، ئورۇلۇپ چۈشكەن تام يوچۇقىدىن كىرد-
ۋالدىم.

بۇ قېتىمقى ئايرىلىشتىن كېيىن، يولداش چېن تەنچۇنى
قايتا كورمىدىم . بىز تۈرمىدە ئۇنىڭ ئېغىر ئازاپلانغانلىقى،
شۇنداقتىمۇ قەتئى تىز پۈكمىگەنلىكى توغرىسىدىكى تولۇق
بولمىغان خەۋەرلەرنى ئاڭلىدۇق ، يولداش چېن تەنچۇ ۋاپات
بولغاندىن كېيىن، بىزگە هىسداشلىقى بولغان بىر مەهبۇس
(ئاز-تولا رۇسچە بىلىدۇ) ماڭا: «شۆي جيە ئەسلى 2-تۈرمە-
نىڭ 9-نومۇرلۇق كامېرىدا ئىدى، — دەۋېتىپ چوڭ بارمىقىنى
چىقىرىپ، — سىلەر كوممۇنىستلار ياخشى! شىڭ شىسەي تېلېفون
سىمىنى سوراقخانىغىچە تارتىپ كېلىپ، سىلەردىكى شۆي ئە-

پەندى بىلەن تېلېفون ئارقىلىق سۆزلەشمەكچى بولدى، شۇي ئەپەندى شىڭ شىسەينى تىللىدى ھەم تېلېفون ئاپاراتىنى يەرگە ئۇرۇپ چېقىۋەتتى» دېدى. بۇ مەھبۇسنىڭ گۇۋاچىلىقى-شۇنى بىلدۈرىدىكى، يولداش چېن تەنچۇ باشتىن-ئاخىر قەتئى قەيسەرلىك قىلغان. ئۇ گەرچە قۇربان بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي روھى مەڭگۈ ھايات، ئۇنىڭ شانلىق ئوبرازى مىليون خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ!



# يولداش ماۋ زېمىننىڭ شىنجاڭنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرغان مەزگىللەردە قوللانغان تەدبىرلىرى ۋە تۆھپىلىرى

ليۇ دېخې

## شىنجاڭنىڭ يولداش ماۋ زېمىن كېلىشتىن بۇرۇنقى مالىيە ئەھۋالى

شىڭ شىسەي 1933-يىلى 4-ئاينىڭ 12-كۈنى شىنجاڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا كىرگۈزىۋالغاندىن كېيىن شەرقتىن چىنتەي (ھازىرقى گۇچۇڭ) گىچە، غەربتىن ماناس ناھىيىسىگىچە بولغان ناھايىتى بىر كىچىك رايوننىلا ئىدارە قىلغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قالايمىقان ئۇرۇشلار بولۇۋاتقان مەزگىللەر بولغاچقا، ئۇنىڭ مالىيە كىرىمى چەكلىك ئىدى، كىرىم ھەربى ۋە مەمۇرى چىقىمىنى قامدىيالمايتتى. شۇڭلاشقا شىڭ شىسەي چوڭ پۇل چىقىرىش (ئەڭ چوڭ پۇل 50 سەرلىك) يەنى قەغەز پۇل تارقىتىش چارىسىنى قوللىنىپ، ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇ چاغدا پۈتۈن ئۆلكىنىڭ مالىيە ئىشلىرىغا شۇ چاغدىكى مالىيە نازىرى جۇرۇيچىش مەسئۇل

ئىدى. 1934 - يىلى كۈزدە ئۆلكە بويىچە ماخۇسەن ئىگەللىۋالغان قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن خوتەن ۋىلايىتىدىن باشقا ۋىلايەتلەر ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كېلىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، شىڭ شىسەي شىنجاڭ مالىيىسىنى رەتكە سېلىش كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسلىق مەسىلە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مىخارىمان بىلەن گانچىرىۋنى شىنجاڭغا كېلىپ مالىيە مەسلىھەتچىسى بولۇپ، مەخسۇس مالىيىنى رەتكە سېلىشقا تەكلىپ قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ چاغدا سابىق مالىيە نازىرى جۇرۇيچىش شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىكىگە كۆتۈرۈلگەن، خارجى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى چېن دېلى، ۋاڭ يۈڭلۇ، خۇ شۇكاڭلار مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقى ۋە مۇئاۋىن نازىرلىقىغا تەيىنلەنگەن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مالىيە مەسلىھەتچىلىرى شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، مالىيىگە ئائىت يۈرۈنقى ماتېرىياللارنىڭ تولۇق ئەمەسلىكىنى، ئۇدا بىرقانچە يىللىق قالايمىقانچىلىقلار تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ مالىيە ئەھۋالىنىڭمۇ ئېنىق بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. چېن دېلى ۋە بىر قانچە مۇئاۋىن نازىرلار سوۋېتلىك مالىيە مەسلىھەتچىلىرى قاتارلىقلار بىلەن مۇھاكىمە قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىگە ئەھۋال ئىگەللەش ئۈچۈن بىر تۈركۈم كۆزەتكۈچى ئەۋەتمەكچى بولدى. شۇ چاغدا، گويۈڭلۈڭ، سەي خېڭسىڭ، سۈڭ گوجېڭ ۋە جىڭ فېڭجيە قاتارلىق 4 كىشى سابىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن گېرمانىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ۋە جىن شۇرېن تەختتىن غۇلاپ چۈشكەندىن



كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن بولۇپ، يەنە گېرمانىيىگە بېرىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. بۇ توتەيلەن شىنجاڭدا رۇسچە قانۇن مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، خۇشۇكاڭ بىلەنمۇ ساۋاقداش ئىدى. بۇ دەل سوۋېتلىك مالىيە مەسلىھەتچىلىرى شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، تىل بىلمىگەنلىكتىن، خىزمەتتە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن چاغلار ئىدى، شۇڭا چېن دېلى بۇ بىر قانچە ئادەمنى ئىشقا سېلىش قارارىغا كېلىپ، ئۇلارغا: "بىزدە ھازىر چەتئەل پۇلى يوق، سىلەرنىڭ گېرمانىيىگە قايتمىغىڭلار تەس. بىزگە ھەمكارلىشىپ مالىيىنى تەرتىپكە سېلىشىپ بېرىڭلار" دېدى ھەم گويۈڭلۈڭنى ئىلىغا، سەي خېڭسىڭنى تۇرپان، توقسۇن، پىچان ئۈچ ناھىيىگە، سۈڭ گوجېڭنى ئاقسۇغا، جىڭ فېڭجيەنى ئالتايغا ۋە خوجەنيۈەننى كۇچار بىلەن شۇ ئەتراپتىكى ناھىيىلەرگە نازارەتچى سۈپىتىدە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى. بۇ كۆزەتچىلەر ۋەزىپە ئۆتەپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تەپسىلىي تەكشۈرۈش دوكلاتى يازدى. بۇنىڭ ئىچىدە، بولۇپمۇ گويۈڭلۈڭنىڭ دوكلاتى ناھايىتى ئەتراپلىق ئىدى. ئەسلىدە بار ماتېرىياللارغا تەكشۈرۈلگەن ئەھۋاللارنى بىرلەشتۈرۈپ، باج كىرىمى توغرىسىدا تۆۋەندىكى بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى:

1. تاموژنا بېجى: سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ماددى ئەشيالارنى ئىمپورت قىلغاندا ۋە يەرلىك ماللارنى ئېكسپورت قىلغاندا، شۇنىڭدەك قەشقەردىكى ھىندىستان سودىگەرلىرى تاشقورغان ئارقىلىق بەزى تاۋارلارنى ئىمپورت - ئېكسپورت قىلغاندا ۋە يەرلىك ماللارنى ئېكسـ

پورت قىلغاندا، ھەممىسىدىن تاموژنا بېجى ئېلىش، باج ئېلىش نىسبىتىنى مال تۈرىگە قاراپ بەلگىلەپ، ياك زېڭشىن، جىن شۇرېن دەۋرىدىكى تاموژنا بېجى نىسبىتى بويىچە باج ئېلىش.

2 ــ ئىستېمال بېجى: ئاساسلىغى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئېلىپ كېلىنگەن ھەر خىل توۋار ماللارنى ۋە پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا توشۇپ سېتىلغان توۋار ماللار ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇپ سېتىلغان شىنجاڭ يەرلىك ماللىرىدىن 5 پىرسەن ئىستېمال بېجى ئېلىش.

3 ــ مال ــ چارۋا بېجى: كالا، قوي، ئات، توگە، ئېشەك قاتارلىق چارۋا ماللارنى ئېلىپ ــ ساتقاندا، ساتقۇچى 4 پىرسەن چارۋا بېجى تاپشۇرۇش.

4 ــ قان بېجى: ھەر خىل چارۋا ماللارنى ئۆلتۈرگەندە 4 پىرسەن قان بېجى تاپشۇرۇش.

5 ــ جىڭ ــ تارازا بېجى: ئاشلىقنى ئېلىم ــ سېتىم قىلغاندا ياكى سىرتقى جايلارغا توشۇغاندا، ساتقۇچى 4 پىرسەن باج تاپشۇرۇش.

6 ــ مۈلۈك بېجى: ئۆي ــ مۈلۈك ۋە يەر ئېلىپ ــ ساتقاندا، ساتقۇچى 9 پىرسەن باج تاپشۇرۇش.

7 ــ يەل ــ يىمىش ۋە قوغۇن ــ تاۋۇز بېجى: قوغۇن ــ تاۋۇز ۋە يەل ــ يىمىشنى بازارلاردا كۆپلەپ ساتقۇچىدىن 3 پىرسەن باج ئېلىش، پارچە ــ پۇرات ئېلىپ ــ ساتقۇچىلاردىن باج سۈرۈشتە قىلماسلىق.

8 ــ چارۋىچىلىق بېجى (يايلاق بېجى دەپمۇ ئاتىلىدۇ): ھەر يىلى چارۋىدارلاردىن 4 پىرسەن باج ئېلىش. ئېھتىياجغا



قاراپ بىر قىسىم قويلارنى باجغا ئالغاندىن باشقا، ئات، كالا، توگە قاتارلىقلاردىن باج ئالغاندا، ئۇنى قويغا سۇندۇرۇپ ھىساپلاش، بىر ئاتنى 5 قويغا، بىر كالىنى 4 قويغا، بىر توگىنى 5 قويغا سۇندۇرۇپ ھىساپلاش، شۇ يىلى تۇغۇلغان تاي، موزاي، بوتىلاقنى ھىساپلىماسلىق. يېزا ئىگىلىگىگە ئىشتىۋار بېرىش ئۈچۈن، تېرىلغۇ كالىلىرىدىن باج ئالماسلىق.

9 ــ پاراق: ھەر يىلى ھەر بىر ئائىلىدىن تېرىقچىلىق قىلغان يەر كۆلىمىگە قاراپ بىر قېتىم باج ئېلىش. بىرىنچى دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىدىن 3 شىڭ (بىر شىڭ تەخمىنەن 4 يېرىم جىڭغا باراۋەر)، ئىككىنچى دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىدىن 2 شىڭ، ئۈچىنچى دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىدىن 1 يېرىم شىڭ ئاشلىق باج ئېلىش. يۇقۇردا ئېيتىلغان باج ئېلىش بەلگىلىمىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بەلگىلەنگەن بولۇپ، شۇ چاغقىچە تەرتىپكە سېلىنمىغان ئىدى. شىڭ شىسەي دەۋرىگە كەلگەندە، ئەسلىدىكى باج ئېلىش نىسبىتىدىن 40 پىرسەن ئاشۇرۇپ باج ئېلىشنى، يەنى بىرىنچى دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىدىن 4 يېرىم شىڭ باج ئېلىشنى، تۈۋەندىكىلىرىنى شۇ نىسبەت بويىچە سۇندۇرۇپ ھىساپلاشنى قارار قىلدى. پاراق ئۈچۈن ئەمەلىي ئېھتىياجغا قاراپ، يېرىمىغا بۇغداي، يېرىمىغا قارا ئاشلىق ئېلىناتتى. مەسىلەن، بىرىنچى دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ بېجى ئۈچۈن ئېلىنىدىغان 4 يېرىم شىڭ باجنىڭ يېرىمىغا بۇغداي ياكى گۈرۈچ، قالغان يېرىمىغا قارا ئاشلىق ئېلىناتتى، باج ئادەتتە كۈزدە ئېلىنىشقا باشلاپ يىل ئاخىرىدا يىغىپ بولىناتتى.

باج ئېلىشنىڭ يېڭى بەلگىلىمىلىرى بەلگىلەنگەندىن كېيىن،

پۈتۈن شىنجاڭدىكى باج ئىدارىلىرىنىڭ ھەممىسى بىردەك يۇقۇرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە باج ئالدى، لېكىن، مۈلۈك بېجىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئالدى؛ ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن دەۋرىدە مەخسۇس تاموژنا بېجى ئالىدىغان خادىم يوق بولسىمۇ، بۇنداق باجنى شېڭ شىسەي دەۋرىدە مەخسۇس تاموژنا بېجى ئالىدىغان خادىم ئالىدىغان بولدى؛ غەللە - پاراق ۋە چارۋىچىلىق، مۈلۈك بېجىنىڭ ھەممىسىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئالدى. باشقا باجلار بويىچە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، باجنى ھۆددىگە ئالغان سودىگەر ھۆددىگە ئالغان باجنى تۈركۈمگە بۆلۈپ ئۆلكە غەزىنىسىگە تاپشۇرغاندىن باشقا، قالغان قىسمىنى ئۆزىنىڭ چۆنتۈكىگە سالىدىغان بولسىمۇ، لېكىن باج ئېلىش نىسبىتىنى ئۆز ئالدىغا ئاشۇرالمايتتى. يۇقۇرقى بەلگىلىمىلەر ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇش بىلەنلا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈرۈمچى، سانجى، مىچۈەن، فۇكاڭلاردا يەرلىك باج ئىدارىسى، ساۋەن، قۇتۇبى، ماناس يەرلىك باج ئىدارىسى، كۇچار، شايار، باي، بۈگۈر، توقسۇن يەرلىك باج ئىدارىسى قۇرۇشنى، ۋىلايەتلەر تۇرۇشلۇق جايلاردا، مەسىلەن: قەشقەر، ئاقسۇ ۋە بەزى بىر قەدەر چوڭراق ناھىيىلەردە، مەسىلەن: گۈچۈڭ، كۇچارلاردا باش باج ئىدارىسى قۇرۇشنى، قالغانلىرىدا شۆبە باج ئىدارىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان باج ئىدارىلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مالىيە نازارىتى تەخمىن چوت بۆلۈمىنى غەزىنە بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىپ سەي خېڭگىسىگنى بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى، يېڭىدىن پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ناھىيە ۋە ھەر قايسى باج ئىدارىلىرىنىڭ شىتاتىغا كىرگۈ-



زۈلگەن خادىم ۋە ئۇلار ئۈچۈن چىقىم قىلىنىدىغان پۇل ھەر ئايدا ئاجرىتىلىدىغان پۇلنىڭ ئاساسى قىلىنىپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ئورۇنلىرىدىكى ئەسلىدە بار تەشكىلى سىستېمىلار ۋە خامچوت قايتىدىن تۈزۈلدى ۋە تەرتىپكە سېلىندى. لېكىن، ھەربى ئورۇنلار ۋە قىسىملارنىڭ چىقىمىنى دۇبەن مەھكىمىسى ئۆزى ئىگەللىدى. ئۇ چاغلاردا كىرىم ئاز، چىقىم كۆپ بولغاچقا، پەقەت قەغەز پۇل تارقىتىپ چىقىمنى قاپلاشقا توغرا كېلەتتى. ھەر قايسى ئورۇنلار ئالدىن تۈزگەن خامچوتنى يولغا قويۇشقا ئامال بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مال باھاسى مۇقىم بولماسلىق ۋەجىدىن پەقەت ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى خادىملارنىڭ شىتاتى بەلگىلىنىپ، ھەر دەرىجىلىك خادىملارنىڭ مائاش ئۆلچىمى توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمىلا چىقىرىلدى. مەسىلەن، پۇلنىڭ قىممىتى تۆۋەنلەپ ياكى قۇرغاقچىلىق بولۇپ، خىزمەتچى خادىملارنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر يەتكەن چاغلاردا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىشى ئۈچۈن، شۇ ئايدىلا ئەسلىدىكى ئۆلچەم ئاساسىدا مۇنچە پىرسەن ئاشۇرۇش كېرەك دېگەن ئۇقتۇرۇشلار چۈشۈرۈلدى.

1935 - يىلى قىشتا، شېڭ شىسەي مالىيە نازىرى چېن دېلىنى ئىلىنىڭ مەمۇرى باشلىقلىقىغا، خۇشۇكاڭنى مالىيە نازىرلىقىغا تەيىنلىدى. خۇشۇكاڭ مالىيە نازىرى بولغاندىن كېيىن، ئۆزى تونۇشىدىغان ساۋاقداشلىرىنى ئىمكان قەدەر مالىيە نازارىتىگە يۆتكەپ كېلىپ، قابىلىيەتلىك، تەجرىبىلىك پىشقەدەم مالىيە خادىملىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى. 1936 - يىلى باھاردا، ئۇ يەنە شىمالى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى نا-

ھەيئەتلەردە ئىشلەۋاتقان بەزى تايانچ خادىملارنى مالىيە نازا-
رىتىگە يۆتكەپ كېلىپ، تېز پۈتتۈرۈش كۇرسى ئاچتى. بىر
تۈركۈم تايانچ كۈچلەر تەربىيىلەنگەندىن كېيىن، كوپۇنچىلىرى
جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ناھىيىلىك باج ئىدارىلىرىغا
تولۇقلاپ ئەۋەتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئولكىلىك
مالىيە نازارىتى ئولكىلىك ھوكۇمەتكە يوللاپ تەستىقلىتىپ،
مالىيىگە نازارەت قىلىش ئۈچۈن، چىقىمى چوڭراق بولغان
قۇرۇلۇش كومىتېتى، تاشيول ئىدارىسى، ئاپتوموبىل ئىدارىسى
قاتارلىق ئورۇنلارغا بىردىن باش مالىيە تەپتىش ئەۋەتتى.
بۇلار ئىچىدە سەي خېڭسىڭ، گاۋسۇيمىن، زونەيجۇ ...... قا-
تارلىقلار بار ئىدى. ھەممە باش مالىيە تەپتىش ئىمزا
قويمىسا، مالىيە ئورۇنلىرى پۇل چىقىم قىلىشنى رەت قىلىشى
لازىم، دەپ بەلگىلىمە چىقىرىلدى. خۇشۇكاڭ كوزدىن كوچۈرۈش
ئومىگى نامى بىلەن 1936 - 1937 - يىللىرى
ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى
جايلىرىغا بېرىپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت،
ناھىيىلىك باج ئىدارىلىرىنىڭ بەزى ئاساسلىق خىزمەتلىرىنى
تەرتىپكە سالغاندىن باشقا، شۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ
ھەربى تەمىناتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى. شۇنداق ئېيتىشقا
بولىدىكى، خۇجەنيۇەن بۇ تەدبىرلەر ئارقىلىق شۇ چاغدىكى
كونكىرېت ئەھۋال ئاستىدا شىنجاڭنىڭ مالىيە ئىشلىرى ئۈچۈن
دەسلەپكى قەدەمدە ئاساس ياراتتى.

1937 - يىلى كۈزدە شېڭ شىسەي ئاتالمىش قوزغىلاڭ
كوتىرىش سۇيىقەستى ۋەقەسى دېگەن ئەنزىنى ئويدۇرۇپ
چىقاردى. ھەر قايسى نازارەتلەردىكى باشقارما ۋە بولۇمچە



باشلىقلىرىدىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى قولغا
ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغاچقا، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا
ئامال بولمىدى. پەقەت مالىيە نازارىتىدىكىلەردىن خۇشۇكاڭ
جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خىزمىتىنى ئاياقلاشتۇرۇپ قايتىپ كېلىـ
ۋېتىپ داۋانچىڭغا كەلگەندە قولغا ئېلىنغاندىن باشقا (ئۇنىڭدىن
باشقا مالىيەنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ۋاڭ يۈگلۈ، سەي خېڭسىڭ،
ئابدۇراخمانلارمۇ ئىلگىرى - ئاخىر قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە
تاشلاندى)، مالىيە نازارىتىدىكى بولۇم دەرىجىلىك كادىرلار
ۋە ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك باج ئىدارىلىرىنىڭ
بەزى باشلىق، مۇئاۋىن باشلىقلىرى قولغا ئېلىنمىدى.
بۇنىڭدا مالىيە كىرىمى مەسىلىسىنى نەزەرگە ئالغان بولسا
كېرەك. مۇبادا ھەممىسىنى بىراقلا يوقاتقاندا، مالىيە ۋە باج
كىرىمىگە مۇقەررەر ھالدا ئېغىر تەسىر يېتىدىغانلىقىنى نەزەردە
تۇتقان بولىشى مۇمكىن. مالىيە نازارىتىنىڭ باش ۋە مۇئاۋىن
نازىرلىرى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، مالىيە نازارىتىدە مالىيە
مەسلىھەتچىسى ۋە يېڭىدىن مۇئاۋىن نازىر قىلىپ يۆتكەپ
كېلىنگەن قۇربان سەئىدىلا قالدى. قۇربان سەئىدى ئەسلىدە
قەشقەردىكى 6 - دىۋىزىيىنىڭ سەنمۇجاڭى بولۇپ، مەھمۇت
سىجاڭ 1937 - يىلى يازدا ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەندىن
كېيىن، بىر مەزگىل 6 - دىۋىزىيىنىڭ مۇۋەققەت دىۋىزىيە
باشلىقى بولغان ئىدى. ئۇزۇنغا قالماي، شېڭ شىسەي قۇربان
سەئىدىنى مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا يۆتكىدى. لېكىن
ئۇ مالىيىگە رەھبەرلىك قىلىغىدەك قابىلىيەتكە ئىگە ئەمەس
ئىدى. شېڭ شىسەي بۇنى نەزەردە تۇتۇپ، مالىيە نازارىتىدىكى
بولۇم باشلىقىدىن يۇقىرى كادىرلارنى يىغىپ، مالىيە نازارىـ

تىنىڭ ۋاقىتلىق نازىرلىقىغا بىر ئادەم كۆرسىتىشنى ئېيتتى.
شۇ چاغدىكى مالىيە نازارىتىنىڭ كاتىۋى ياڭ فېڭچۇن ئەسلىدە
شىنجاڭ روسچە قانۇن مەكتىۋىنىڭ تۇنجى قارارلىق ئوقۇغۇ-
چىسى بولغانلىقى ۋە خۇشۇكاڭ بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان
ساۋاقداش بولغانلىقى، روسچىنىمۇ، ئۇيغۇرچىنىمۇ بىلگەنلىكى
ئۈچۈن، كوپچىلىك ئۇنى مۇئاۋىن مالىيە نازىرلىقىغا كۆرسەت-
تى. شىڭ شىسەي بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. ياڭ فېڭچۇن
مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن
كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا شىڭ شىسەي يولداش جۇبىڭ (يەنى
يولداش ماۋزېمىن) نى مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىن-
لىدى. كېيىن مۇئاۋىن نازىر قۇربان سەئىدىنى شىڭ شىسەي
قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى، ياڭ فېڭچۇنمۇ بورىتالا ناھى-
يىسىنىڭ ھاكىملىقىغا يۆتكىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، مالىيە
نازارىتىنىڭ خىزمىتى يالغۇز ماۋزېمىنىڭ ئۈستىگىلا يۈكلىنىپ
قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، شىڭ شىسەي ئۈرۈمچى باج ئىدارى-
سىنىڭ باشلىقى چېن يۈجاڭنى قوشۇمچە مالىيە نازارىتىنىڭ
مۇئاۋىن نازىرلىقىغا ئۆستۈردى. چېن يۈجاڭ بىلەن شىڭ شى-
سەينىڭ 4 - ئىنىسى شىڭ شىچىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى.
(شىڭ شىچى شۇ چاغدا ماشىنىلاشقان لۇيىنىڭ لۈيجاڭى ئىدى).
شۇ چاغدا بەزىلەر، شىڭ شىسەينىڭ چېن يۈجاڭنى مالىيە
نازارىتىگە ئېۋەتىشى ماۋزېمىنگە نازارەت قىلىش ئۈچۈن دې-
يىشكەن ئىدى. بۇ گەپنىڭ مەلۇم ئاساسى بار ئىدى. ئۇزۇن
ئۆتمەي، شىڭ شىسەي يەنە ئىلى باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى
ليۇ جىنخۇانى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا يۆت-
كىدى. لېكىن چېن يۈجاڭ بىلەن ليۇ جىنخۇانىڭ قابىلىيىتى



چەكلىك بولغاچقا، مالىيە ئىشلىرىدا كۆپ تۆھپە يارىتالمىدى
يولداش ماۋزېمىن مالىيە نازىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن
كېيىن، ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن چېن جيەلىڭنى خوتەن
باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، چيەن پىڭنى يەكەن
باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، گاۋ يۈچېڭنى قەشقەر
باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، لونەيتاڭنى مارالبې-
شى ناھىيىسىنىڭ باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، شۈي خەنشىڭ-
نى قاغىلىق باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، گۇجىنشىڭنى
مالىيە نازارىتىنىڭ كاتىپلىقىغا تەيىنلەپ، بىر تەرەپتىن، ھەر
قايسى ۋىلايەتلەرنىڭ باج خىزمىتى رەھبىرىي تايانچىلىرىنى
كۈچەيتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۈرۈمچى شەھىرىدە بىر مالىيە
كەسپىي مەكتىۋى ئېچىپ، جەمئىيەتتىكى بىر بۆلۈك ياشلارنى
بۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلدى، ئۇلاردىن مەدەنىيەت سەۋىيىسى
يۇقۇرىراق بولغانلىرىنى ئا سىنىپقا، مەدەنىيەت سەۋىيىسى
تۆۋەنرەك بولغانلىرىنى ب سىنىپقا بۆلۈپ ئوقۇتۇپ، بىر تۈر-
كۈم كەسپىي ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلىدى. بۇ بىر
تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار كېيىنكى چاغلاردا مالىيە ئىشلىرىنى ئىل-
گىرى سۈرۈشتە مەلۇم رول ئوينىدى. گەرچە شىڭ شىسەي
يولداش ماۋزېمىن مالىيە خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلغان مەز-
گىللەردە بىر قىسىم مالىيە خادىملىرىنى قولغا ئالغان بول-
سىمۇ، لېكىن قولغا ئېلىنغانلار باشقا سىياسىي - مەمۇرى
ئورۇنلاردىن قولغا ئېلىنغانلارغا قارىغاندا بىر قەدەر ئاز ئىدى.
شۇ چاغدىكى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، مالىيە نازارىتىنىڭ ھەر
قايسى تارماقلىرىدىكى خادىملار خېلىلا كۈچلۈك ئىدى. شۇڭ-
لاشقا، يولداش ماۋزېمىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مالىيە خىز-

مىتىنى رەتكە سېلىشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىشتا يۇقۇرىدا ئېيتىلغان خادىملار مەلۇم رول ئوينىدى، بۇ، ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش ۋە زاپاس قىلىشنىڭ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ بېرەتتى. ھالبۇكى، يولداش ماۋزېمىن دەل شۇنداق قىلغان ئىدى.

يولداش ماۋزېمىننىڭ مالىيە خىزمىتىدە قوللانغان فاكجېنى: ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، باج مەنبەسىنى كېڭەيتىش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمغا كاپالەتلىك قىلىش، كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىش، كىرىم بىلەن چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش، قەغەز پۇل تارقىتىشقا تايانماسلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، قالايمىقان قەغەز پۇل تارقىتىپ، قىزىل رەقەمنى ئاشۇرۇۋېتىش — ئۆزىنى ئۆزى بوغۇزلىغان بىلەن باراۋەر، توخۇنى ئۆلتۈرۈپ قوسىقىدىكى تۇخۇمنى ئالماستىن، بەلكى توخۇنى بېقىپ، تۇخۇم بەرگۈزۈشىمىز كېرەك، دەپ ھىساپلايتتى. يولداش ماۋزېمىن قول ئاستىدىكى خىزمەتچى خادىملارغا ئەشۇنداق رەھبەرلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ مالىيىنى رەتكە سېلىش فاكجېنىغا ئاساسەن، ئۇزۇنغا قالماي، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مالىيىسىنى توغرا يولغا سالدى. شۇنىڭدەك، شىڭ شىسەي خىيانەتچىلەرنى قاتتىق جازالاش تەدبىرلىرىنى قوللانغانچقا، مەسىلەن، قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شۇۋېنبىڭ، چىتەي ناھىيىلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرىدىن ۋاڭ يىمىن بىلەن ۋاڭ چۈنشيۇلار خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن باستۇرۇلغانچقا، خىيانەتچىلىك ھادىسىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلگەن ئىدى. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن



ئىسراپچىلىق ھادىسىلىرىمۇ پەيدىن - پەي كۆپىيىپ قالغان ئىدى، مەسىلەن، چەتئەل پۇلى ئارقىلىق سېتىۋېلىنغان ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ياكى باشقا ماشىنىلار ئوبدان ئاسراپ ئىشلىتىلمىگەچكە ياكى ئوبدان ساقلانمىغانچقا بۇزۇلۇپ ئىسراپ بولۇۋاتاتتى ياكى باشقۇرۇشتىكى پىلان ئەتراپلىق ئويلۇنۇپ تۈزۈلمىگەچكە، مەسىلەن، ماشىنىلارنى قورغاستىن كىرگۈزۈش بىر قەدەر قۇلايلىق بولسىمۇ، لېكىن، بەزەن ئەھۋاللاردا ئالتايدىن كىرگۈزۈلگەچكە توشۇش مۇساپىسى يىراق، يول ئېگىز - پەس بولغانلىقتىن ماشىنىلار سىلكىنىپ زاپچاسلىرى بۇزۇلۇپ كېتەتتى. بەزى چاغلاردا بىر قەدەر چوڭ ماشىنىلارنىڭ بېشى قورغاستىن، قۇيرىغى ئالتايدىن كىرگۈزۈلگەچكە، ئۇنى ئۇزۇنغىچە يۇرۇشلەشتۈرگىلى بولمىغانلىقتىن، يالغۇز ئىشلىتىشكە تەسىر يېتىپلا قالماي، بەلكى چېگرىدا ئوچۇق جايغا تاشلاپ قويۇلغانچقا، بوران - چاپقۇندا چىرىپ بىھۇدە ئىسراپ بولۇپ كېتەتتى. ئۇندىن باشقا مۇنداق بىر ئەھۋالمۇ بار ئىدى: بەزەن چوڭ يىغىنلاردا يىغىن ۋاقتىنى خالىغانچە ئۇزۇنغا سوزۇپ، ھەشەمەتخورلۇق قىلىش، يەپ - ئىچىش ئارقىلىق ھۆكۈمەت پۇلى ۋە ماددى نەرسىلەرنى ئىسراپ قىلاتتى؛ ترانسپورتتا قىيىنچىلىق بولغانلىقتىن، ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماللار كۆپلەپ بېسىلىپ قېلىش، ئىمپورت قىلىنغان ماللار ئۇزاققىچە چېگرىدا توختاپ قېلىش نەتىجىسىدە بۇزۇلۇپ چىرىپ كېرەكتىن چىقىپ كېتەتتى، شۇڭلاشقا، يولداش ماۋزېمىن بىر تەرەپتىن كارخانا ئورۇنلىرى ئىگىلىك ھىساۋات تۈزۈمىنى كۈچەيتىشى لازىم، دەپ جاكالىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسراپچىلىقنى خىيانەتچىلىكتىنمۇ ئېغىر جىنا-

يەت دەپ ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئىسراپچىلىقنى چەكلەشـ
نىڭ بەزى چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا، ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى غوللۇق مالىيە باشقۇرغۇچى
خادىملارنىڭ بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ، مالىيە نازارىتىدە قىسـ
قا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىپ تەربىيىلەپ، كۇرسنى تۈگەتكەنـ
دىن كېيىن، بەلگىلەنگەن مالىيە پىلانىنى ئىجرا قىلىش ئۈـ
چۈن ئوز ئورۇنلىرىغا قايتۇردى، بۇ، مالىيە باشقۇرۇشنى كۈـ
چەيتىش، مالىيە ئىنتىزامىنى قەتئى ئىجرا قىلىشتا مەلۇم
دەرىجىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ 1938 - يىلى باھاردا مالىيە
نازارىتىنىڭ نازىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، 1941 - يىلى كۈزدە
خەلق ئىشلىرى نازارىتىگە يوتكەلگىچە بولغان ئارىلىقتا، شىنـ
جاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىغە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ
بېرىش ئۈچۈن قوللانغان تەدبىرلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن
نەتىجىلىرىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمەن:

## 1 . خامچوت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، نا مۇۋاپىق بەلگىلىمىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش

ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېن دەۋرىدە، بىرەر ناھىيە-
نىڭ ھاكىمى شۇ ناھىيىنىڭ يەرلىك پادىشاسى بولۇۋېلىپ،
يەرلىك كىرىمنى ئوزىگە سادىق سودىگەرلەرگە ناھىيىنىڭ
چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ سان بەلگىلەپ كوتىرە بېرىش
تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ كەلگەن ئىدى. مەسىلەن، چارۋا ئېلىم -
سېتىم بېجى، ئاشلىق ئېلىم - سېتىم بېجى، مال ئالماشتۇرۇش



بېجى، يەنى تۆتاش باج ياكى نامىدىكى ئىستىمال بېجى قاتار-
لىق باجلارنى ھوددىگە ئالغۇچىلارغا كوتىرە بېرىۋېتەتتى.
كوتىرە بېرىش چارىسى مۇنداق ئىدى: مەسىلەن، بىر يىللىق
چارۋا ئېلىم - سېتىم بېجى 5 مىڭ يۈەنگە بېرىلگەن بولسا،
كوتىرە ئالغۇچى ھېلىقى 5 مىڭ يۈەننى ھەر ئايغا بولۇپ
ئولكە غەزىنىسىگە تاپشۇراتتى، پايدا چىقسا كوتىرە ئالغان
سودىگەرلەرگە قالاتتى، زىيان چىقسا كوتىرە ئالغۇچى سودىگەر
ئوزى زىياننى تولۇقلاپ تاپشۇراتتى. بۇ ئاشكارا ئىش ئىدى.
لېكىن باجنى كوتىرە ئالغۇچى سودىگەرلەر دائىم 4—5 مىڭ
يۈەن ئوشۇق باج ئېلىپ، مەخپىي ھالدا ھاكىمغا چاي پۇلى
قىلىپ بەرگەندىلا ئاندىن باجنى كوتىرە ئېلىش ئىمتىيازىنى
مەڭگۈ مۇقىم قىلدۇرىۋالاتتى. باشقا باجلارنى مەسىلەن، ئىستىـ
مال بېجى، ئاشلىق ئېلىم - سېتىم بېجىنى كوتىرە بېرىش
ئەھۋاللىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىدى. شىڭ شىسەي ھاكىمىـ
يەتنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك ھوكۇمەتلەر يالغۇز
ئوي - مۇلۈك ۋە يەر ئېلىم - سېتىم بېجى (يەنە بىر ئىسمى
مۇلۈك بېجى) ئېلىشنى، باج نىسبىتى 9 پىرسەنت بولۇشنى،
ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 9 پىرسەنت ئايرىشنى، باج كىرىمىنى
ئولكە غەزىنىسىگە تاپشۇرۇپ، ئايرىغان 9 پىرسەنتىنى ھاكىمـ
غا بېرىشنى، باشقا ھەر خىل باجلارنى يىغىش ئۈچۈن مەخـ
سۇس باجخانا قۇرۇشنى بەلگىلىدى، شۇ چاغدا تۆۋەندىكى
باجخانىلار قۇرۇلدى : ئۈرۈمچى باج ئىدارىسى (باش ئىدارە)،
سانجى ، مىچۈەن، فۇكاڭ باج ئىدارىلىرى شوبە ئىدارە بولۇپ
قۇرۇلدى. (شوبە باج ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقىنى باج ئىدارىسى
تەيىنلەپ ئېۋەتكەندىن كېيىن، مالىيە نازارىتىگە ئەنگە ئال-

دۇراتتى)؛ قەشقەر يېڭىشەھەر، پەيزىۋات، يېڭىسار، مارال-
ۋېشى، تاشقورغان يەرلىك باج ئىدارىلىرى ئىچىدە قەشقەر
باج ئىدارىسى باش ئىدارە؛ كۇچار، شايار، باي، بۈگۈر،
توخسۇن يەرلىك باج ئىدارىلىرى ئىچىدە كۇچار باج
ئىدارىسى باش ئىدارە؛ چېتەي، جىمسار، مورى يەرلىك باج
ئىدارىلىرى ئىچىدە چېتەي باج ئىدارىسى باش ئىدارە؛ سا-
ۋەن، قۇتۇبى، ماناس يەرلىك باج ئىدارىلىرى ئىچىدە ماناس
باج ئىدارىسى باش ئىدارە بولدى. باج ئىدارىلىرى قۇرۇل-
غان چاغدا، شىمالىي شىنجاڭدا بولغان نۇرغۇن ئۇرۇشلاردا
ئىقتىسادىي جەھەتتە خېلىلا زور زىيان بولغانلىقى، ئۇنىڭ
ئۈستىگە جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭ دەسلەپكى
قەدەمدە بىرلىككە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇرۇشنىڭ بارلىق
جاراھەتلىرىنى ساقايتىشقا، تېچ بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش
مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا، ۋاقىتىنچە
قەغەز پۇل تارقىتىشقا تايىنىپ شۇ چاغدىكى ھالەتنى ساقلاپ
قېلىشقا توغرا كەلگەن ئىدى، پۇل يەنىلا 50 سەرلىك قىلىپ
چىقىرىلدى، ئەمما ھەر ئايدا تارقىتىلغان پۇلنىڭ ئومۇمى
مىقدارى 1 مىليارت 200 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەچكە مال
باھاسىنى كونترول قىلىش مۇمكىن بولمىدى. ئۇ چاغدا مالىيە
نازارىتىگە سەپلەپ بېرىلگەن خادىملارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى
تايانچىلاردىن ئىدى، مەسىلەن، غەزىنە بولۇمىنىڭ باشلىقى
سەي خېڭسىنىڭ (كېيىن مائارىپ نازىرلىققا ئۆستۈرۈلدى)،
بوغالتىر بولۇمىنىڭ باشلىقى لىي گۇاڭبىنىڭ، باج بولۇمىنىڭ
باشلىقى شاۋزوپېي، كاتىپ گاۋ سۇيمىن، لى گوشۇ، ياڭ فېڭ-
چۈن، ياڭ زىيۇن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى گەرچە ئىرىشچانلىق



ۋە ساداقەتلىك بىلەن جاپا-مۇشەققەت ۋە تاپا-تەنىگە
قارىماي ئىشلىگەن بولسىمۇ، بولۇپمۇ غەزىنە بولۇمىدىكىلەر
كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ ئىشلەپ، خەلق
ئىشلىرى نازارىتى، مالىيە نازارىتى، تەمىرات نازارىتى، مائارىپ
نازارىتى قاتارلىق 4 چوڭ نازارەت ۋە بەزى ياردەمچى ئور-
ۇنلارنىڭ كىرىم-چىقىم خامچوتىنى تۈزۈپ چىققان بولسىمۇ،
خامچوت تۈزۈلگەندىن كېيىن مال باھاسى مۇقىم بولمىغاچقا،
پۇل پاخاللىشىپ، ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇمكىن بولمىدى.
نەتىجىدە، خامچوتنى قايتا-قايتا ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلدى-
دە بىر مۇنچە ۋاقىت ئىسراپ بولدى. خۇشۇكاڭ نازىر بولغان-
دىن كېيىن، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى باج ئىدارىلىرى-
نىڭ ئەھۋالى پەيدىن-پەي ياخشىلىنىشقا باشلىدى. خۇشۇكاڭ
1936-يىلى باھاردا تۇنجى قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆز-
دىن كەچۈرگەندىن كېيىن، يەرلىكنىڭ بەزى چىقىملىرىنى
شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق ھالدا تەڭشىدى، ئاسا-
لىغى باج كىرىمىنى زور كۈچ بىلەن تەرتىپكە سالدى، شۇڭا
باج كىرىمى ئاشتى، ھەر ئايدا تارقىتىلىدىغان قەغەز پۇل
مىقدارى پەيدىن-پەي ئازايتىلدى. 1937-يىلى خۇشۇكاڭ جەنۇبىي
شىنجاڭنى ئىككىنچى قېتىم كۆزدىن كەچۈرگەن چېغىدا، يەنە
ئىلگىرىلىگەن ھالدا مالىيىگە پايدىلىق ئىشلارنى ئەۋج ئالدۇ-
رۇپ، پايدىسىز ئىشلارنى چەكلىگەچكە، مالىيە كىرىم-چىقىم
ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن نورماللاشتى، مال باھاسىمۇ دەس-
لەپكى قەدەمدە مۇقىملاشتى. خۇشۇكاڭ ۋە ئۇنىڭ ۋاڭ يۈڭلۇ،
سەي خېڭسىنىڭ قاتارلىق قابىل خادىملىرى ئىلگىرى-ئاخىرى
بولۇپ شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ قاماپ قويۇل-
غان بولسىمۇ، لېكىن مالىيە نازارىتىدىكى بولۇم دەرىجىلىك

رەھبەرىي كادىرلار ۋە ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى بەزى باج ئىدارىلارنىڭ باشلىقلىرى يەنىلا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىشلەۋەردى. شۇڭلاشقا يولداش ماۋزېمىن نازىر بولغاندىن كېيىن كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ، ئوبدان رەھبەرلىك قىلغانلىقى ۋە شىڭ شىسەي 1937 - يىلى سۇيىقەستلىك توپىلاڭ كوتۇرۇش ئەدزىسى دىگەننى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، زور بىر تۈركۈم كادىرلارنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان خادىملار قورقۇنۇچ ئىچىدە تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ، ئۆز خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، بالايى - ئاپەتتىن ئامان قېلىشنى ئۈمىت قىلغانلىقى ئۈچۈن، يولداش ماۋزېمىن يولغا قويغان مالىيىنى رەتكە سېلىشقا ئائىت بارلىق فاڭجېن ۋە تەدبىرلەر ئۇڭۇشلۇق ھالدا ئىشقا ئاشتى. مەسىلەن، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھوكۇمەت چىقىمى خامچوتى تۈزۈمىنى ئورنۇتۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۇرۇش ۋاقتىدا، غەزىنە بولۇمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ باڭيەن، بوغالتىر بولۇمىنىڭ باشلىقى ۋۇشۇخې، ۋاڭ خۇەنرۇلار بىلەن كاتىبات ئىشخانىسىدىكى كاتىپلار ۋە بەزى بولومچە باشلىقلىرىدىن يۇقۇرى تايانچىلار پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت مەھكىمىلىرى، ھەر قايسى ناھىيىلىك ھوكۇمەت ۋە ھەر قايسى ۋىلايەتلىك ناھىيىلىك، باج ئىدارىلىرىنىڭ چىقىم خامچوتىنى تۈزۈپ چىقتى، باج بولۇمىدىكى مامىڭگۇاڭ، ھوكۇمەت مۇلكى بولۇمىنىڭ باشلىقى ياڭ شاۋۋېن قاتارلىقلار كىرىم پىلانىنى تۈزۈشكە مەسئۇل بولدى، كېيىن يەنە چىقىم خامچوتىنى تۈزۈشكە ھەمكارلاشتى. خەلق ئىشلىرى نازارىتى، تەمىرات نازارىتى، مالىيە نازارىتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق باشقا تارماقلارنىڭكىگە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار مەسئۇل بولدى. بۇ خامچوتلار تۈزۈلۈپ بېكىتىلىپ مالىيە



نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللانغاندىن كېيىن، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئومۇمى خامچوتى ئىچىگە كىرگۈزۈلدى. ھەربى جەھەتتىكى چىقىملار، مەسىلەن، خادىملارنىڭ ئىش ھەققى ۋە بارلىق ئۇسكۈنىلەر، شۇنىڭدەك كىيىم - كېچەك، تەمىنات، ئات - ئۇلاق، يەم - خەشەك قاتارلىق چىقىملارنىڭ خامچوتىنى تۈزۈشكە دۇبەن مەھكىمىسى جىڭلى باشقارمىسى مەسئۇل بولىدى. ھەممە ئاشلىق، كىيىم - كېچەك باشقارمىسى بىلەن بىرلىكتە ئومۇمى خامچوت تۈزۈپ چىققاندىن كېيىن، مالىيە نازارىتى ئۇنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، شۇنىڭغا ئاساسەن پەسىلدە ئايغا بولۇپ جىڭلى باشقارمىسىغا پۇل ئاجرىتىپ بەردى. جىڭلى باشقارمىسى ئۇ پۇلنى ئومۇمى يۈزلۈك پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇردى. ساقچى جەھەتتە، خامچوت تۈزۈشكە جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى مەسئۇل بولۇپ، مالىيە نازارىتىگە يوللاپ، ئايغا بولۇپ پۇل ئاجرىتىۋالدى، باشقا ئورۇنلارنىڭ، مەسىلەن، مايىتاغ نېفىت كېنى، سودا شىركىتى، ئالتۇن كان قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ خامچوتىنى مالىيە نازارىتى باشقا ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە تۈزۈپ چىقتى. يۇقۇرقى خامچوتلار دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھوكۇمەتكە يوللىنىپ، ئۆلكىلىك ھوكۇمەت يىغىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن ئىجرا قىلىندى. يولداش ماۋزېمىن مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشتىن بۇرۇن، كىرىمنى ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن، ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك باج ئىدارىلىرىدا خېلىلا كۆپ پىرسەن پۇل ئاجرىتىش چارىسى بەلگىلەنگەن ئىدى. مەسىلەن، ئاشلىق بېجى (پاراق)كىرىمىدىن، ھاكىم ئومۇمى كىرىمىنىڭ 5 پىرسەنتىنى ئېلىش؛

باجخانىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى ۋە باجگىرلار 1.5 پىرـ
سەنتىنى ئېلىش بەلگىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا باج كىرىمىدىن
پىرسەن ئاجرىتىلغان. باج كىرىمىدىن ئاجرىتىلغان پىرسەنتنى
باج ئىدارىلىرى ئىگەللەپ تەقسىم قىلغان ئىدى. شۇ چاغـ
دىكى ئەھۋالدا، قەشقەر، ئىلى باج ئىدارىلىرىنىڭ كىرىمى
بىر قەدەر كۆپ بولغاچقا، ئاجرىتىلغان پىرسەنتمۇ ئالاھىدە
كۆپ ئىدى. شۇڭلاشقا، بىرەر باج ئىدارىسى باشلىقىنىڭ ئايـ
لىق كىرىمى، ۋىلايەت ۋالىيسىنىڭ ئايلىق مائاشىدىن كۆپ
يۇقىرى ئىدى. مەسىلەن، يەكەن، ئاقسۇ، كۇچار باج ئىدارىـ
لىرى قاتارلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك باج ئىدارىسى باشلىقلىرىنىڭ
ئايلىق كىرىمى شۇ جاينىڭ ھاكىملىرىنىڭ مائاشىدىن جىق
يۇقىرى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ
ھاكىملىرى ھەرقايسى ناھىيىلىك باج ئىدارىلىرىنىڭ مائاۋىن
باشلىقلىغىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىش بەلگىلەنگەن ئىدى،
ئاشلىق بېجى كىرىمىنىڭ كىرىم تارماقلىرىنىڭ كىرىمىدە
ئىگەللىگەن نىسبىتى زور ئىدى ھەم ئۇ ھەربىي تەمىنات بىلەن
زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا بۇغداي، گۇرۇچ
ۋەكوممە قوناق كۆپ ئېلىناتتى، شىمالىي شىنجاڭدا بۇغداي،
گۇرۇچ ۋەئاققوناق قاتارلىقلار كەپ ئېلىناتتى، بۇغداي بىلەن
گۇرۇچ خەلقنى تەمىنلەيدىغان ئاساسلىق ئاشلىق قىلىناتتى،
كوممە قوناق، ئاققوناق ئاساسەن يەم-خەشەك قىلىناتتى.
ئۇندىن باشقا، يەنە ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى تەمىناتى
ئاشلىقىنى ۋە ھەر يىلى سېرىقتال ۋاقتىدىكى خەلققە كېرەكـ
لىك ئاشلىقنى ئامباردىن چىقىم قىلىشقا توغرا كېلەتتى.
شۇنىڭ ئۈچۈن، غەللە-پاراق ئۈچۈن نەخ ئاشلىق ئېلىناتتى،



پۇل ئاز ئېلىناتتى. ئاشلىقنى باج ئىدارىلىرى ئېلىپ ساقـ
لايتتى ۋە يۇقۇرىغا تاپشۇراتتى ھەم ئۇنى يۇقۇرىغا تاپشۇرۇشقا
ھەيدەكچىلىك قىلاتتى ھەمدە سۇرۇك بېرىپ ۋەزىپىنى ئورۇندـ
لىناتتى، ئۇنداق قىلمىسا، ئۇنىڭغا ئايرىپ بېرىلىدىغان پىرسەن
ئازايتىۋېتىلەتتى. خىزمەتنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇنداق قىلىشنىڭ
مەلۇم پايدىسى بار ئىدى. لېكىن تەشكىلى دەرىجىنى نەزەرـ
گە ئالغاندا، ئەسلىدە ھاكىمنى ئولكىلىك ھوكۇمەت تەيىنلەيتـ
تى، ھەرقايسى ناھىيىلىك شوبە باج ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقىنى
ۋىلايەتلىك باش باج ئىدارىلىرى بىۋاستە تەيىنلەپ ئىشلىتەتـ
تى. مۇنداقتا، ھاكىم شوبە باج ئىدارىلىرىنىڭ مائاۋىن
باشلىقى بولۇپ قالاتتى ھەمدە بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلەرنىڭ
ھەممىسى خەنزۇلاردىن بولغاچقا، مىللىي ھاكىملارنىڭ نارازىـ
لىقىنى قوزغايتتى. يولداش ماۋزېمىن بۇنداق ئەھۋالنى تۈزىـ
تىش ئۈچۈن، ھەرقايسى ناھىيىلىك باج ئىدارىلىرىنىڭ
باشلىقلىرىنى مالىيە نازارىتى تەيىنلەشنى قارار قىلدى ھەم
قايتا-قايتا ئۇلارنى يەرلىك مىللىي ھاكىملارنى ھورمەت قىلىپ،
ئۇلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلاپ، ئىناقلىق بىلەن
ھەمكارلىشىپ، كىرىم پىلانىنى ئورۇنلاپ، زورۇر بولمىغان رەسـ
مىيەتلەرنى ئازايتىپ، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشكە ئاگاھلاندـ
دۇرغان ئىدى. شۇنداقلا، خىزمەتلەر داۋامىدا ئۈزلۈكسىز
تۈردە كادىرلارنى تەربىيىلىدى ۋە ئىشقا سالدى، ۋاھاكازا.
پىرسەن ئايرىش جەھەتتە مۇبادا ھەممىگە ئوخشاش تەلەپ
قويۇپ، پىرسەن ئايرىش ئادىتى بىراقلا ئەمەلدىن قالدۇرۇـ
ۋېتىلسە، كىردىگە تەسىر يېتىشى مۇمكىن ئىدى، شۇڭلاشقا
پىرسەن ئايرىش نىسبىتىنى يىلدىن-يىلغا ئازايتىش چارىسى

قوللۇنۇلدى. شۇ قېتىمقى خامچوت تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش خىزمىتى
ئارقىلىق كىرىم خىزمىتى تامامەن ئۆز يولىغا چۈشتى. باج
كىرىمى ئايمۇ-ئاي كۆپەيدى، چىقىم ئۈچۈن خامچوتتا ئاسا-
سەن پۇل ئاجرىتىپ بېرىلدى، بۇ تۈزۈم گەرچە بەزى
جەھەتلەردە دېگەندەك ئېنىق ۋە تەپسىلى بولمىسىمۇ، لېكىن،
ئىش ئومۇمەن ئالغاندا دەسلەپكى قەدەمدە ئۆز يولىغا چۈشۈ-
رۈلگەن ئىدى. شۇ قېتىم پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئومۇمى خامچوتىنى
تۈزگەن چاغدا، ئالدىنقى بىرقانچە يىللاردا پۇل پاخاللىشىپ
كەتكەچكە، ھەردەرىجىلىك خادىملارنىڭ ئەسلىدە بەلگىلەنگەن
مائاشى ئۇلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇشىنى قامدىشىغا يەتمەيتتى،
بولۇپمۇ قارا خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق مائاشى كونا پۇل ھې-
ساۋىدا ئاران 5 مىڭ سەر بولۇپ، بىر كىشىنىڭ 10 كۈنلۈك
تۇرمۇش خىراجىتىگىمۇ يەتمەيتتى. بالا-چاقىلىرىنى بېقىشتىن
تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن يولداش
ماۋزېمىن خادىملارنى قىسقارتىش، مائاشىنى كۆپەيتىشنى ئوتتۇ-
رىغا قويدى، مالىيە نازارىتى باشلامچىلىق بىلەن خادىملارنىڭ
يېرىمىنى قىسقارتتى، لېكىن باشقا نازارەتلەر بۇنىڭغا قوشۇ-
لىدىغانلىقىنى بىلدۈرمىدى. مۇزاكىرە قىلىش نەتىجىسىدە، ھەر
قايسى نازارەت، ئىدارىلار، ۋالى مەھكىمىلىرى، شۇنىڭدەك
ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەردىكى خادىملارنىڭ ئۈچتىن بىرىنى قىس-
قارتىش بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ناھىيىلەرنى
بىرلىك قىلىپ، بىرىنچى دەرىجىلىك ناھىيە ھاكىملىرىنىڭ
ئايلىق مائاشى 220 مىڭ سەر، 2-دەرىجىلىك ناھىيە ھاكىم-
لىرىنىڭ ئايلىق مائاشى 200 مىڭ سەر، 3-دەرىجىلىك
ناھىيە ھاكىملىرىنىڭ ئايلىق مائاشى 180 مىڭ سەر، ناھى-



يىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 1-دەرىجىلىك بولۇم ئەزالىرىنىڭ 90 مىڭ
سەر، 2-دەرىجىلىكلەرنىڭ 80 مىڭ سەر، 3-دەرىجىلىكلەرنىڭ
70 مىڭ سەردىن، بولۇم باشلىقلىرى ۋە كاتىپلارنىڭ ھەممىسى-
نىڭ 120 مىڭ سەردىن، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى قارا خىزمەتچىلەر-
نىڭ ئايلىق مائاشى 45 مىڭ سەردىن قىلىپ بەلگىلەندى. يەنە
جايلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇ جايلارنىڭ مائاشى
ئەھۋالغا قاراپ ئاشۇرۇلدى ياكى كېمەيتىلدى. ھەرقايسى مەمۇرى
مەھكىمىلەرنىڭ ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ مائاش
نىسبىتى ناھىيىلەرنىڭ مائاش نىسبىتىدىن ئازراق ئاشۇرۇلدى،
لېكىن تېخنىك خادىملارغا ئىمكان قەدەر ئېتىۋار بېرىلدى.
ئومۇمى خامچوت تۈزۈپ چىقىلغاندىن كېيىن، قىزىل رەقەمنىڭ يەنىلا
كۆپ ئىكەنلىكى سېزىلدى. شۇ چاغدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇ-
رۇش باشلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ياردەم بەرمەكچى بول-
غان ماددى ئەشيالارنى توشۇش ئۈچۈن، قۇمۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا
يول ئۈستىدە ترانسپورت شۆبە پونكىتى قۇرۇشقا، ئۈرۈمچى شەھە-
رىدە ترانسپورت باش پونكىتى قۇرۇشقا، ئىلىدىكى مەنزىرىلىك
جايلارغا بىرقانچە مېھمان كۈتۈش ئۆينى سېلىپ، مال توشۇ-
غۇچى خادىملارنى قايتىپ كەلگەندە كۈتۈۋېلىپ ئارام ئالدۇ-
رۇشقا توغرا كەلدى. بۇ خەلقارا يولنى پۇختىلاپ، ترانسپ-
پورتنىڭ راۋان ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن،
ئەسلىدىكى ئاددى يول ۋە ناچار كۆۋرۈكلەرنى رېمونت قىلىش ۋە
مۇستەھكەم قىلىشقا توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، تاشيول ئىدارىسى
قۇرۇلۇپ، ئەسلىدىكى ئاپتوموبىل ئىدارىسى كېڭەيتىلدى. نەن-
جىڭ ھۆكۈمىتى نۇرغۇن راسخوت ئەۋەتىپ بەردى، ئەۋەتكەن
پۇلنىڭ ھەممىسى فرانسىيە پۇلى ئىدى، لېكىن شىنجاڭدا كونا

پۇل خەجلىنىۋاتاتتى، گەرچە شۇ چاغلاردا فرانسىيە پۇلىنىڭ كۇرسى چۈشۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن كونا شىنجاڭ پۇلىغا قارىغاندا، ئۇ پۇلنىڭ كۇرسى يەنىلا يۇقۇرى ئىدى. نەنجىڭدىن ئېۋەتىپ بېرىلگەن راسخوتقا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن بىرقىسىم مال ئېلىپ شىنجاڭغا توشۇپ كېلىندى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ مالىيىسىدىكى قىزىل رەقەمنىڭ كوپ قىسمى قاپلىنىۋېلىندى، ئۇنىڭدىن كېيىن دائىم راسخوت ئېۋەتىپ تۇرۇلدى، بۇ، شىنجاڭ مالىيىسىگە ياردەم بېرىش رولىنى ئوينىدى.

1937 - يىلى خۇشۇكاڭ مالىيە باشقۇرغان مەزگىللەردە، 5 مىليون ئالتۇن رۇبلىلىق ئومۇمى قەرز پۇلىنى ئوز ئىچىگە ئالغان ھالدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن دوللارنى بىرلىك قىلغان يېڭى پۇل بېسىش ماشىنىسى ۋە بىر دوللارلىق پۇل باسما سىنىكىسى (بېتى) سېتىۋېلىنىپ، قورغاس ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگۈزۈلدى، سوۋېت تەرەپ ئادەم ئېۋەتىپ ھېلىقى ماشىنىنى قۇراشتۇرۇپ بەردى ۋە پۇل بېسىشقا يېتەكچىلىك قىلدى، يەنە بىر تۇركۇم ياش ئىشچىلار قوبۇل قىلىنىپ ئۇلارغا ماشىنا قۇراشتۇرۇش ۋە ئىشلىتىش تېخنىكىسى ئۈگىتىلدى. زاۋۇتنىڭ ئورنى ھازىرقى باسما زاۋۇتىنىڭ ئورنىدا ئىدى. بۇ زاۋۇت ئەسلىدە رەخت توقۇش زاۋۇتى بولۇپ، 1933 - يىلى ئەتىيازدا ئۇرۇمچى شەھرى چوڭ كوۋرۇكتە بولغان ئۇرۇشتا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىدى، شۇڭا خۇشۇكاڭ مۇشۇ بۇزۇلغان زاۋۇتتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، رۇەن گۋاڭدىڭنى زاۋۇتنى رېمونت قىلىشقا مەسئۇل قىلىپ ئېۋەتتى. ماشىنىلار يوتكەپ كېلىپ قۇراشتۇرۇلۇشقا باشلىغاندا، رۇەن گۋاڭدىڭ



زاۋۇتتا باشتىن - ئاخىر بۇ ئىشقا مەسئۇل بولدى. بۇ كېيىنكى چاغلاردا ماۋزېمىننىڭ پۇلنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كونا پۇلنى بىكار قىلىپ، دوللارنى بىرلىك قىلغان يېڭى پۇل تارقىتىشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى.

## 2. پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سەرنى دوللارغا ئۆزگەرتىش، پۇل چىقىرىش ئىدارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش

شىڭ شىسەي 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، شەرقتىن چىتەيگىچە، غەرپتىن ماناسقىچىلىكلا بولغان جايلارنى كونترول قىلغان ئىدى. كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدىن پايدىلىنىپ ماجۇڭيىڭنى مەغلۇپ قىلدى، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەندىن كېيىن، شىنجاڭ رايونى بىر قانچە ئەملى كۈچلەر دائىرىسىدە قالغان ئىدى: شىخونىڭ غەربىدىن ئىلىغىچە بولغان رايونلارنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىسى جاڭ زىخېڭ بېسىپ يېتىۋالدى، تۇرپان - پىچان تەرەپنى ماجۇڭيىڭ ئىشغال قىلىۋالدى، قۇمۇل ۋىلايىتىنى يولۋاس كونترول قىلدى، ئالتاي رايونىنى ئوسمان بېسىپ ياتتى، پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭ تېخىمۇ قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالغان ئىدى. 1935 - يىلىغا كەلگەندە شىڭ شىسەي باشقۇرىدىغان جايلار قەشقەرغىچە كېڭەيدى، قاغىلىق، گۇما ۋە خوتەن رايونىنى ماجۇڭيىڭ كونترول قىلاتتى، كېيىن ماجۇڭيىڭ سوۋېتكە كېتىدىغان چاغدا ئوز قوشۇنىنى ماخۇسەنگە

ئاپشۇرۇپ بەردى. بۇ چاغدا شىڭ شىسەي ھوكۇمرانلىقىدىكى جايلار شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ ۋە قەشقەر ۋىلايىتىگىچە كېڭەيدى. قالايمىقانچىلىق بولغان بۇ ئىككى يىلدا، ئۆلكىلىك ھوكۇمەت ۋەزىيەتنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن 50 سەرلىك قەغەز پۇل تارقىتىشقا تايانغاشقا پۇل پاخاللىشىپ، ماددى ئەشيالار ئازىيىپ، مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن ئىدى. ئۇ چاغلاردا قەشقەردە قەشقەر پۇلى خەجلىنەتتى، قەشقەر پۇلىنىڭ بىر سەرلىكى كونا پۇلنىڭ 18 سەرىگە تەڭ ئىدى؛ ئىلىدا يەنە ئىلى پۇلى خەجلىنەتتى، شۇڭا پۇل چىقىرىش تۈزۈمى ناھايىتى قالايمىقان ئىدى. ئىقتىسات گۇمران بولۇشقا يۈزلەنگەن ئەنە شۇنداق چاغلاردىمۇ، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى خۇشۇكاڭ، مائاۋىن نازىرى ۋاڭ يۈگلۈ تۇرغۇن چارىلارنى ئىزدەپ، بۇنداق خاراپ ۋەزىيەتنى تۇتۇپ تۇرغان ئىدى. 1936 ـ يىلىغا كەلگەندە مالىيە ئەھۋالى پەيدىن ـ پەي ياخشىلاندى. 1937 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ دىۋىزىيە قوماندانى ماھۇت مەغلۇپ بولۇپ ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى، ماخۇسەن بولسا يەنە پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ قەشقەر، ئاقسۇلارنى ئىشغال قىلىۋالدى، ئۇنىڭ ئالدىن يۈرەر قوشۇنلىرى كۇچارغىچە كەلدى. گەرچە بۇنىڭ ۋاقتى ئاران يۈز كۈن بولغان بولسىمۇ، لېكىن مالىيە يەنە بىر قېتىم قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. بەختكە يارىشا، خۇشۇكاڭ مالىيە باشقۇرغان چاغدىكى بىر بۆلۈك تايانچىلار تېخى بار بولغاچقا، ھەر ھالدا قىيىنچىلىقتىن ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مالىيە ئۆز يولىغا چۈشمىدى، يولداش ماۋزېمىن شىنجاڭ مالىيىسىنى باشقۇرغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن كونا



پۇلنىڭ ئىناۋىتى ناھايىتى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى، شۇڭا ئۇ شىڭ شىسەي 3 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىرغاندا، مۇشۇ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، غەزىنىدە ساقلىنىۋاتقان ئالتۇن، كۈمۈشنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىپ كورگەزمە قىلىپ، ۋەكىللەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇردى ھەمدە بۇنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، سەرنى دوللارغا ئۆزگەرتىپ، يېڭى پۇل تارقىتىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ۋەكىللەردىن ئۆز جايلىرىغا قايتقاندىن كېيىن بۇ ئىشنى خەلققە ئېيتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى، بارلىق تەييارلىق ئىشلىرى پۈتكەندىن كېيىن كوپ مىقداردا دوللارنى بىرلىك قىلغان يېڭى پۇل تارقىتىپ ئەسلىدىكى 50 سەرلىك كونا پۇل بىلەن قەشقەر پۇلىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. خەلقنى زىيان تارتقۇزماسلىق ئۈچۈن، پۇل تېگىشىش كۈنى ۋە تېگىشىش نىسبىتى بەلگىلەپ، كونا 2000 سەر پۇلغا يېڭى بىر دوللارلىق پۇل تېگىشىلىدىغان بولدى. شۇندىن كېيىن پۈتۈن شىنجاڭنىڭ پۇلى دوللار بىرلىكى بويىچە ھىساپلاندى. شۇ چاغدا مەن يەكەندە يېڭى بىر دوللارلىق پۇلغا 20 چوڭ نان ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى كورگەن ئىدىم. ئۇ چاغلاردا تىرانسپورتتا قىيىنچىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭغا دەسلەپتە 1 دوللارلىق ۋە 5 دوللارلىق پۇل ئېلىپ بېرىلىپ، 1 تىيىن، 5 تىيىنلىك ئۇششاق پۇل ئېلىپ بېرىلمىگەچكە، شەھەر ئاھالىسى پۇل خەجلەشتە (پارچىلاشقا) ئامال بولماي نان ئارقىلىق پۇل پارچىلاشنى يولغا قويدى. يېڭى پۇلنىڭ كۇرسىسى (قىممىتى) مۇقىم، ئىشلىتىشكە ئوڭاي بولغانلىقتىن خەلقنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بۇ ۋاقىت ــ شىنجاڭ مالىيىسى قالايمىقانچىلىقتىن بىرلىككە كەلگەن بىر ۋاقىت بولدى.

1939 ـ يىلى قىشتا مەن جەنۇبىي شىنجاڭدىن قايتىپ كېلىپ، يولداش ماۋزېمىن بىلەن بىللە مالىيە نازارىتىدە ئىشلىدىم. تا 1942 ـ يىلى مەن شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قاماپ قويۇلغانغا قەدەر، ئايلىق مۇئاشىم 80 دوللار (بولۇم باشلىقى دەرىجىلىك) ئىدى. بۇ ھال يولداش ماۋزېمىن مالىيە باشقۇرغان مەزگىللەردە پۇلنىڭ قىممىتى ئىزچىل تۇردە مۇقىم بولۇپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 3. مائاش دەرىجىسىنى بېكىتىش، كىرىم ـ چىقىم ئومۇمىي خامچوتىنى 2 ـ قېتىم تەڭشەش

ۋاقىت چەكلىمىسى ۋە شەرت ـ شارائىت پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن ۋە مەسىلىلەر ئەتراپلىق ئويلىنىلمىغانلىقتىن، ئالدىنقى قېتىم تۈزۈلگەن خامچوت ئىجرا قىلىنغاندا ئاز بولمىغان مەسىلىلەر كۆرۈلدى، مەسىلەن، خەلق ئىشلىرى نازارىتى، مالىيە نازارىتى، تەمىرات نازارىتى، مائارىپ نازارىتى قاتارلىق ئۆلكە دەرىجىلىك ئورۇنلار ۋە ۋالىي مەھكىمىلىرى، شۇنىڭدەك ناھىيە دەرىجىلىك بەزى ئورۇنلاردىكى كادىرلارنىڭ دەرىجىسى، خىزمىتى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن مائاشىدا پەرق ناھايىتى چوڭ ئىدى. بۇنى ئاساسەن ئايرىم رەھبەرلەرنىڭ شەخسلەرگە بولغان كۆز قارىشى بويىچە مائاشىنى خالىغانچە ئۆستۈرۈشى ياكى ئازايتىۋېتىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. كادىرلارنى ئىشلىتىشتە، كىم رەھبەر بولسا، شۇنىڭ گېپى گەپ بولاتتى، ئۇلار كىشىلەرنى مائاش ئارقىلىق جەلپ قىلىپ، ئۆز ئادەملىرىنى ئۆستۈرەتتى، مائاشىنى ئازايتىۋېتىشنى



ۋاستە قىلىپ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغانلارنى چەتكە قاقاتتى. قىسقىسى، شۇ مەزگىللەردە ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىشقا ئېتىۋار بېرىدىغان، قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشقا سەل قارايدىغان ئىستىل ئېغىر ھالدا مەۋجۇت ئىدى، شۇنىڭدەك كادىرلار ئارىسىدىمۇ كېلىشەلمەسە ئىشلەيدىغان، كېلىشەلمىسە كېتىدىغان ئىدىيە مەۋجۇت ئىدى. شۇڭلاشقا ، شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتا ئەمەلدارلارنى قالايمىقان ئۆستۈرىدىغان، قالايمىقان بىكار قىلىۋېتىدىغان ئەھۋال ۋە داۋالغۇش ۋەزىيىتى پەيدا بولغان ئىدى. يولداش ماۋزېمىن يۇقىرقى ناچار ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قارار چىقىرىپ، بىزنىڭ بوغالتىر بولۇمىمىزگە ۋە غەزىنە بولۇمىنىڭ باشلىقى چېن چىيەنگە ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ مائاش دەرىجىسى جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقىشنى، ئىمكان قەدەر ئۆلچەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تاپشۇردى.

مائاش دەرىجىسى جەدۋىلى توغرىسىدا: ئۆلكە دەرىجىلىك، ۋالىي مەھكىمە دەرىجىلىك ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىنى ئۆلچەم قىلىپ، بۇ ئۈچ دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرگە قاراشلىق سىرتقى ئورۇنلار ۋە ھۆكۈمەتلەر قارمىقىدىكى ئورۇنلار، مەسىلەن، باج ئىدارىسى، مالىيە ـ سودا، جامائەت خەۋپسىزلىكى، دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق ئورۇنلىرى ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپ، پوچتا قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مائاشىنى دەرىجىگە سېلىپ بەلگىلىك مائاش بەلگىلەش، تېخنىك خادىملار ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەسلىدىكى مائاش تەمىناتىنى ساقلاپ قېلىش، مائاشى بەك تۆۋەن بولغانلىرىنىڭ مائاش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، يۇقۇرىراق بولۇپ كەتكەنلىرىنىڭكىنى تۆۋەنلىتىۋەتمەسلىك، شۇ ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى تۇرمۇشىنى قامدىيا ـ

لىغىدەك كىرىمگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنى تۇرمۇش غېمىدىن خالاس قىلىپ، خىزمەت ئورۇنلىرىدا خاتىرجەم ئىشلەيدىغان قىلىش، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ كادىرلارنى خالىغىنىچە ئۇستۇرۇشىگە، چۈشۈرۈۋېتىشىگە ۋە مائاشىنى خالىغانچە ئۇستۇرۇش ئازايتىۋېتىشىگە رۇخسەت قىلماسلىق بەلگىلەندى. يۇقۇرقى بەلگىلىمە بويىچە بىز مائاش دەرىجىسى توغرىسىدىكى بىر تەپسىلى سېلىشتۇرما جەدۋەلنى تۈزۈپ چىقىپ يولداش ماۋزېمىن-نىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللىدۇق، ماۋزېمىن تەكشۈرۈپ بولغاندىن كې-يىن، يەنە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ تەستىقلىغاندىن كېيىن، ئالدىنقى قېتىمدىكى خامچوت تۈزۈش پىرىنسىپى ۋە يېڭى مائاش ئۆلچىمى بويىچە خامچوت تۈزۈلدى. ئىككىنچىدىن، يولداش ماۋزېمىن ئوتتۇرىغا قويغان ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، باج مەنبەلىرىنى ئېچىپ ئىشلەپچىقىرىش خادىملىرىنى كۆپەيتىپ، غەيرى ئىشلەپ-چىقىرىش خاراكتېرىدىكى خادىملارنى ئازايتىش كېرەك، دىگەن يوليورۇققا بىنائەن، كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ، مەسىلەن، سودا شىركە-تى، ئالتاي ئالتۇن كېنى ئىدارىسى، مايتاغ نېفىت كېنى ۋە دېخان-چىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئېھتى-ياجى ئىمكانىيىتىنىڭ بىرىچە قاندۇرۇلدى. ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش ئۈچۈن، دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋى (ھازىرقى شىنجاڭ داشۆ قىزىل بىناسى) سېلىش ئۈچۈن، ئاساسى قورۇلۇش چىقىمى ئاجرىتىلدى، خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، دوختۇرخانا ئۈسكۈنىلىرى كۆپەيتىلدى ۋە رېنتگېن ئاپاراتى ئىمپورت قىلىندى. باشقا تىرانسپورت چىقىمى ئاۋئاتسىيە تەلىم - تەربىيە ئەترىتى خىراجىتى ۋە بەزى



چوڭ تىپتىكى يىغىنلارنىڭ چىقىملىرى خامچوتقا كىرگۈزۈلدى. ھەربى خىراجەت ئۈچۈن يەنىلا ئۆتكەن قېتىمدىكى چارە بويىچە، دۇبەن مەھكىمىسى جىڭلى باشقارمىسى ۋە ئاشلىق، كىيىم - كېچەك باشقارمىسى خامچوت تۈزگەندىن كېيىن، خامچوتتىكى ئومۇمى سان ئۆلكە خامچوتىغا كىرگۈزۈلۈپ، قەرەلگە بولۇپ پۇل ئاجرىتىپ بېرىلدى. مالىيە نازارىتى قارمىقىدىكى پۇل چىقىرىش ئىدارىسىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئاددى بولغاچقا، ئەسلىدە بار خادىملىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ باشقا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، زاۋۇتتىكى ئىشچىلار باسما زاۋۇتىغا (ھازىرقى چوڭ كوۋرۇك ئەتراپىدىكى باسما زاۋۇتى) ئەھۋالغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ھەمدە كېيىنكى چاغلاردا خەجلەنگەن دوللارنى بىرلىك قىلغان يېڭى پۇلنى بېسىش ۋەزىپىسىگە باسما زاۋۇت مەسئۇل قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، بەزى زۆرۈر بولمىغان قوشۇمچە ئاپارات-لار قىسقارتىلىپ، چىقىم كۆپ مىقداردا تېجەپ قېلىندى.

پۇلنىڭ قىممىتى مۇقىملاشتۇرۇلغان، باج كىرىمى ئاشۇرۇلغانلىقتىن، يېڭىدىن پۇل بېسىشقىمۇ كۆپ ئېھتىياج قالمىغاچقا، باسما زاۋۇتنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىك كىتاۋى قاتارلىق باسما بۇيۇملارنى قوشۇمچە بېسىش قارار قىلىندى، بۇنىڭ-دىن قىلغان كىرىم ئارقىلىق بۇ زاۋۇت ئاساسى جەھەتتىن ئۆز-ئۆزىنى قامدىدى، يېتىشمىگەن قىسمىغا مالىيە نازارىتى قوشۇمچە ياردەم پۇلى بەردى. ياردەم بېرىلگەن پۇل ئەسلىدىكى پۇل چىقىرىش ئىدارىسىنىڭ ئومۇمى چىقىمىنىڭ ئوندىن بىرىگىلا توغرا كەلدى. مۇشۇنداق تەرتىپكە سېلىشلار ئارقىلىق بۇرۇن-قىدەك قالايمىقان پۇل تارقىتىش، پۇل پاخاللىقى قاتارلىق

ھادىسىلەر بىراقلا تۈگىتىلدى. يېڭى بېسىلغان پۇل يېتىشمەي قېلىپ، تولۇقلاشقا توغرا كەلگەندە، يولداش ماۋ زېمىننىڭ بىۋاستە تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلدى ھەمدە يېڭى پۇل قىممىتىنىڭ ئاخىرغىچە مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۆلكىنىڭ ھەرئايلىق پۇل تارقىتىش پىلانى ئاز بولۇشقا يول قويۇلىدىكى، ئېشىپ كېتىشكە يول قويۇلمايدۇ، دېگەن پىرىنسىپ بويىچە تۈزۈلىدىغان بولدى. بۇرۇنقى پۇل چىقىرىش ئىدارىسى تاش مەتبە تېخنىكىسى ئارقىلىق پۇل باسىدىغان بولغاچقا، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن، ئادەم كۆپ ئىدى. شۇڭلاشقا، پۇل بېسىش، نومۇر سېلىش، تامغا بېسىش قاتارلىق رەسمىيەتلەرنى ئىگەللەش ئۈچۈن نۇرغۇن نازارەتچىلەرنى ئېۋەتىشكە توغرا كېلەتتى، پۇل ئاشۇنداق بىر قانچە رەسمىيەتلەر ئارقىلىق ئاندىن غەزىنىگە كىرگۈزۈلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇ چاغدا مالىيە نازارىتىدە بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىش ئۈچۈن پۇل بولۇمى (ۋاقىتلىق بولۇم باشلىقى جاڭ تۈگجىز ئىدى) تەسىس قىلىندى. يولداش ماۋ زېمىن پۇل چىقىرىش ئىدارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى ۋە خادىملارنى قىسقارتىپ مائاشىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن خادىملار قىسقارتىلىپلا قالماي، بەلكى نۇرغۇن چىقىم تېجەپ قېلىندى. خادىملارنى قىسقارتىش ئۇسۇلى: خىزمەت ئىشلەيمەن دېگەنلەرنى قايتىدىن خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش، خىزمەت ئىشلەشنى خالىمىغانلارغا ئۈچ ئايلىق مائاش بېرىش، تىرىكچىلىك يولىنى ئۆزى تېپىشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇ چاغلاردا شىنجاڭدا ئىختىساسلىق خادىملار بىر قەدەر ئاز ئىدى. لېكىن، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ خىزمىتى پەيدىن - پەي قانات يايدۇرۇلغاچقا، خادىملارغا بولغان



ئېھتىياج كۆپ ئىدى، شۇڭلاشقا گەرچە بەزى خادىملار، قىسقارتىلىۋەتكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا خىزمەت تاپالايتتى، ئىشسىزلىق ھادىسىسى كۆرۈلمەيتتى.

## 4. مالىيە كەسپىي مەكتىۋى ئېچىپ، مالىيە خادىملىرىنى تەربىيىلەش

1938 - يىلى يولداش ماۋ زېمىن مالىيە نازارىتىنىڭ مۇدىر كاتىۋى نامۇيىڭنى مالىيە كەسپىي مەكتىۋى ئېچىش تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە ئاجراتتى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ئىككى سىنىپقا 40 تىن 80 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، ئەسلىدە بار ئۆيلەر مەكتەپ ئۆيى قىلىندى، مەكتەپنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۈپىتىگە قاتتىق تەلەپ قويۇلدى. بىر مەزگىل تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلار ئەسلىدىكى سەۋىيىسىگە قاراپ، "ئا" سىنىپ، "ب" سىنىپ دەپ ئىككى سىنىپقا ئايرىلدى. دەسلەپكى مەزگىللەردە نامۇيىڭ مەكتەپكە ئىلمىي مۇدىر بولدى، كېيىن ئۇ سىرتقا خىزمەتكە يۆتكىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئىلمىي مۇدىرلىققا سەي گۋاڭخۇا تەيىنلەندى. يولداش ماۋ زېمىن شۇ چاغدىكى مالىيە ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، پۈتكۈل مالىيىگە مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەردىن دەرس ئۆتتى. ئەسلىدىكى پىلان بويىچە "ئا" سىنىپ بىر يىلدا، "ب" سىنىپ ئىككى يىلدا ئوقۇش پۈتتۈرمەكچى ئىدى، مالىيىگە ئادەم جىددىي ئېھتىياجلىق بولغاچقا "ئا" سىنىپ بىر يىلدا، "ب" سىنىپ مۇددەتتىن بۇرۇن بىر يېرىم يىلدا ئوقۇش پۈتتۈردى، "ئا" سىنىپنىڭ

ئوقۇغۇچىلىرى مەركىزىي ترانسپورت ھەيئىتى بەش پونكىتى ۋە شوبە پونكىتلىرىغا تەقسىم قىلىندى ھەم مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق باشقا ئورۇنلارغىمۇ بىر قىسمى يوتكەپ بېرىلدى. ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيەلەرنىڭ باج خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈنمۇ بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. "ب" سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى جەنۇبىي شىنجاڭغا ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ناھىيەلىك باج ئىدارىلىرىنىڭ مائاۋىن باشلىقى قىلىپ ئېۋەتىلدى.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئېچىلغاندا، شىڭ شىسەي قاتناشتى ھەم سوز قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭغا خىزمەتكە ماڭىدىغان چاغدا، شىڭ شىسەي ئۇلارنى دۇبەن مەھكىمىسىگە يىغىپ زىياپەت بەردى ۋە نۇرغۇن يولىيورۇقلارنى كورسەتتى. بۇ ئوقۇغۇچىلار شۇ چاغلاردىلا ئەمەس كېيىنكى چاغلاردىمۇ شىنجاڭ مالىيىسى ئۈچۈن ياخشى رول ئوينىدى.

يولداش ماۋ زېمىن ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئوتكەندە بولسۇن ياكى كېيىنكى چاغلاردا خىزمەتچى خادىملارغا نۇتۇق سوزلىگەندە بولسۇن، ھامان ئىستاتىستىكا خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيتتى. ئۇ: ئىستاتىستىكا خادىملىرى بەزى سانلارنى جەملەش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، ئىستاتىستىكا ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ، مەسىلىلەرنى بايقىشى، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشى، مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە ھەل قىلىشى لازىم دەيتتى، شۇنىڭدەك يەنە ئىستاتىستىكا خىزمىتىنىڭ ۋاقتىدا بولۇشىنى تەكىتلەيتتى، شۇڭلاشقا ئۇ مالىيە خىزمىتىنى باشقۇرغان مەزگىللەردە ئالاھىدە مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ، پۈتۈن



شىنجاڭنىڭ مالىيە ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى سانلىق ماتېرىياللارنى توپلاتقۇزغان ئىدى. مەسىلەن، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىنىڭ غەللە-پاراق، چارۋىچىلىق بېجى، ھەر خىل باج كىرىمىگە ئائىت كونكرېت رەقەملەر، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدە ئەمەلىي بار بولغان ئات، كالا، قوي، توگە، ئىشەكلەرنىڭ كونكرېت سانى، ئەمەلىي تېرىلغۇ يەرنىڭ مو سانى، ئاساسلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى، ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، تۇرمۇشقا كېرەكلىك ئاساسلىق ماللارنىڭ باھا ئەھۋالى، ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ كىرىمى، مۇلۇك بېجى كىرىمى، تاشقى سودىدىكى ئىمپورت ۋە ئېكسپورت ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭغا ئائىت كونكرېت سانلار، ھەر يىللىق كىرىم-چىقىم خامچوتى ۋە نەخچوتى سانلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى مالىيە ھەيئىتى مەسئۇل بولۇپ جەملەيتتى، شۇ چاغدا يولداش ماۋ زېمىن مالىيە ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ئىدى، جىڭلى باشقارمىسى، ئاشلىق، كىيىم-كېچەك تەمىنات باشقارمىسى، قۇرۇلۇش باشقارمىسى ۋە بانكا قاتارلىق ئورۇنلاردىكى رەھبىرىي كادىرلار مالىيە ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى، مەن مۇدىر كاتىپ ئىدىم، مالىيە نازارىتىنىڭ يەنە بىر گۈزەتكۈچىسى خۇي ۋېنكەي مېنىڭ ياردەمچىم ئىدى، شۇڭلاشقا يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى مەن ئوزەم مالىيە نازارىتىنىڭ ھەر قايسى بولۇملىرىدىكى ئىستاتىستىكا خادىملىرىدىن ئېلىپ جەملەيتتىم. شۇندىن كېيىن ماۋ زېمىن خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا يوتكەلدى، بانكىنىڭ باشلىقى

ساڭ گۇفېڭ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. بىر قېتىم ساڭ گۇفېڭ مەندىن: "يولداش ماۋزېمىننىڭ بىر كىچىك خاتىرە دەپتىرى بار ئىكەن، ئۇنىڭدا پۈتۈن شىنجاڭغا ئائىت ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن. مېنىڭچە بۇ خاتىرە ناھايىتى ياخشى خاتىرە ئىكەن. بۇلارنى كىم خاتىرىلەپ بەرگەنلىكىنى بىلەمسىز؟" دەپ سورىدى. مەن شۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە بىر خاتىرىنى ئېلىپ: "مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خاتىرىمىكەن؟" دەپ سورىدىم. ئۇ: "ھەئە. بۇمۇ يولداش ماۋزېمىن قالدۇرۇپ كەتكەن خاتىرىمۇ؟" دېدى. مەن: "ياق، بۇ مېنىڭ خاتىرەم، ئۇ خاتىرىسىنى ئۆزى ئەكەتكەن. سىزگە لازىم بولسا بۇ خاتىرىنى سىز ئەپقېلىڭ، مەندە ماتېرىيال بار، كۆپىيىمۇ بار، ئۆزەم يەنە بىرنى كۆچۈرۈۋالاي" دېدىم؛ ئۇ خۇرسەن بولۇپ "بەك ياخشى ئىش بولدى" دېدى. مەن: "بىزنىڭ ئۇسۇلىمىز شۇنداق ئىدىكى ھەر قېتىمقى ئىستاتىستىكا ماتېرىياللىرى كۆپەيگەن ھامان، مەن ئالدى بىلەن ئۇنى دەپتىرىمگە خاتىرىلەپ، ماۋزېمىنگە تاپشۇرۇپ بېرەتتىم، ئۇنىڭ دەپتىرىنى ئېلىپ ھېلىقى ماتېرىياللارنى خاتىرىلەپ بېرەتتىم، ئالماشتۇرۇپ تۇرغاچقا ماتېرىياللارنى كۆرۈپ تۇرۇش تەسىرگە ئۇچرىمايتتى» دېدىم. ساڭ گۇفېڭ: "بۇ ئۇسۇل ناھايىتى ياخشى ئىكەن، بىزمۇ داۋاملىق مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە ئىش قىلايلى" دېدى. 1942 - يىلى ساڭ گۇفېڭ بىلەن مەن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغانلىقتىن بۇ ئۇسۇل داۋاملاشتۇرۇلمىدى. يولداش ماۋزېمىن ئىستاتىستىكا ماتېرىياللىرىغا ئەھمىيەت بەرگەچكە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مالىيە ئەھۋالىنى خۇددى



قولىدەك بىلەتتى، شۇڭلاشقا ئۇ مالىيە باشقۇرغان مەزگىللەردە مالىيىدىكى زور مەسىلىلەر پىلانلىق ھالدا بىر تەرەپ قىلىنىپ، مالىيە كەسپى بويىچە بىر قاتار ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، شىنجاڭنىڭ قالايمىقان ۋە زىيان كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان مالىيەسى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇلۇپ، قەدەممۇ - قەدەم توغرا يولغا چۈشۈرۈلدى، بۇنىڭدا ئىستاتىستىكا ماتېرىياللىرىغا ئەھمىيەت بېرىش — پايدىلىق شەرتلەرنىڭ بىرى ئىدى.

## 5. ھەربىي ئاشلىق تەمىناتىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، ئۈزۈل - كېسىل ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش

1940 - يىلى كۈزدە مەن مالىيە نازارىتىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىقىدىن مالىيە ھەيئىتىنىڭ مۇدىر كاتىپلىقىغا يۆتكەلدىم. ئەسلىدىكى پىلاندا بىر قىسىم قابىل تايانچىلار ئاجرىتىلىپ، تەشكىلى ئاپپاراتلار تولۇقلىنىپ، مالىيە تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتى كۈچەيتىلمەكچى ئىدى، نەتىجىدە بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمىدى. ئادەم كۈچى جەھەتتە، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىكى ھېلىقى ھەيئەتنىڭ ئەزالىقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن باشقا، ئەمەلىي خىزمەتنى مەن ۋە يولداش ماۋزېمىن ئىككىمىزلا ئىشلىدۇق. ئۇ ماڭا بىر ماتېرىيالنى كۆرسەتتى، ماتېرىيالنىڭ مەزمۇنى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەربىي قىسىملارنىڭ ئوزۇقلىنىش ئەھۋالى ۋە كونكرېت سانلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: "بۇ ھەربىيگە ئائىت مۇتلەق مەخپىي ھۆججەت، بۇنى ماڭا دۇبەن بەردى، ئۆزىڭىز چىڭ ساقلاپ، ھەربىي قىسىملارنىڭ تەمىناتىنىڭ ئەھۋالىنى مۇشۇ بو-

يىچە ئىگەللەك، مەن سىزگە ئىشىنىمەن، بۇنى سىز ماڭا ئوب-
دان ساقلاپ بېرىڭ. ھەر قېتىم كورۇپ بولغاندىن كېيىن پە-
چەتلىۋېتىڭ. ھەربى قىسىملارنىڭ تەمىناتىنى مۇزاكىرە قىلغان-
دا، مۇزاكىرە ھەربى مەسىلىلەرگە تاقالسا، ئۇلارغا قىسمەن
سانلارنى ئېغىزدىلا دەپ بېرىڭكى، ماتېرىيالنى كورسەتمەڭ.
شۇنىڭدەك، ھەربى مەخپىيەتلىكنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىشنى ئا-
گاھلاندۇرۇش كېرەك. ھازىر ئاشلىق، كىيىم-كېچەك باشقا ر-
ىسىنىڭ باشلىقى دائىم ئالماشتۇرۇلۇۋاتىدۇ، بولۇپمۇ ھازىرقى
باشلىقى بىر گالۋاڭ نېمە، ھېچنىمىنى بىلمەيدۇ، خامچوتنى
كوپەيتىشنىلا، پۇلنى پاتىراق ئېلىشنىلا بىلىدۇ. راست گەپنى
ئېيتسام، بەلگىلەنگەن ھەربى خامچوتنى ئۇ، كورمىدى، شۇڭا
ھەدىسىلا پۇل تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىشنى يەنىلا ئىككىمىز ئىش-
لەيلى دەپ ئويلاۋاتىمەن. تەلىيىمىزگە يارىشا قولىمىزدا پۇ-
تۇن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىردە پاراق ئۇ-
چۇن ئېلىنغان بۇغداي، گۈرۈچ ۋە قارا ئاشلىق، شۇنىڭدەك ھازىر
نەخ بار چارۋا — قوي، بارلىق باج كىرىمى سانى قاتارلىقلارغا
ئائىت كونكرېت ماتېرىياللار ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېر-
ياللار بار، ھازىر مۇشۇ ماتېرىياللارغا ئاساسەن بۇرۇن بىز ھەربى
قىسىملارنى ئاشلىق، يەم-خەشەك بىلەن تەمىنلىگەن ئەھۋاللارنى
ۋە سىز قەشقەردە باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان چاغدا
قەشقەردە تۇرۇشلۇق ھەربىلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئىگەللىگەن
ئەھۋاللارنى بىرلەشتۇرۇپ، ھەربى تەمىنات ھەيئىتىنىڭ مۇدىر
ھەيئىتى سالاھىيىتىڭىز بىلەن ئىشلەۋەسىڭىز بولىدۇ. ئۇ چاغلاردا
ھەربى تەمىنات ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى قەشقەر گارنىزون سىلىڭبۇسە-
نىڭ سەنەۋجاڭى جياڭ يۇيفېن ئىدى، كونىشەر ناھىيىسى بە-



لەن يېڭىشەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىرى ۋە بانكا باشلىقلىرى
بۇ ھەيئەتنىڭ ئەزاسى ئىدى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كونكرېت
سانلارنىڭ ھەممىسىنى سىز بىلەن بانكا باشلىقى فەن جۇيى
ئىككىڭلار ئىشلىگەن ئىكەنسىلەر، يەنە كېلىپ سىز يېڭىشەر، يەكەن
قاتارلىق ناھىيىلەردە ھاكىم بولغان. سىز شىنجاڭلىق، جەنۇبى
شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپلا قالماستىن، شىمالى
شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنىمۇ مەندىن كوپ بىلىسىز. مېنىڭ پىكرىم
مۇنداق: ھەربى قىسىملارنىڭ جايلاردا ئورۇنلىشىش سانى،
بۇرۇن بىز ھەربى قىسىملارنى ئاشلىق، يەم-خەشەك بىلەن
تەمىنلىگەن بەزى ئەھۋاللار ۋە ئومۇمى پرىنسىپقا ئاساسەن، بىر
تۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەتراپلىق ئويلىنىپ، تەمىنلەشنىڭ
بىر چارىسىنى يېزىپ چىققاندىن كېيىن ئىككىمىز يەنە مۇزا-
كىرىلىشىپ قارار قىلايلى" دېدى. مېنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە،
شۇ چاغدا يولداش ماۋزېمىننىڭ يولىيۇرىغا بىنائەن، تەمى-
نات پىلانى تۇزۇپ چىقتىم، ئۇنى ماۋزېمىن تولۇقلىغان ۋە
ئوزگەرتىش كىرگۈزگەندىن كېيىن، ھەم چوڭقۇر مۇزاكىرە قىل-
ىپ بېكىتىپ چىققاندىن كېيىن، ئاندىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا
ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا ئۇقتۇرۇش قىلدۇق.
بېكىتىلگەن ھەربى تەمىنات چارىسى مۇنداق ئىدى: 1 - ھەر
قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە تۇرۇشلۇق ھەربىلەرگە بېرىلىدىغان
ئۇن ئۇچۇن، ھەربى قىسىم ئاي بويىچە ھوججەت يېزىش، شۇ
جايدىكى باج ئىدارىسى بىر دەن بۇغداينى 90 جىڭ ئۇنغا،
بىر يېرىم جىڭ بۇغداينى بىر جىڭ تۇت سەر گۈرۈچكە
سۇندۇرۇپ بۇغداي بېرىش، جەنۇبى شىنجاڭدىكى ھەربى ئات-
لارغا بىردەك كومە قوناق، شىمالى شىنجاڭدىكى ھەربى ئات-

لارغا ئاققوناق بېرىش، قىزىل قوناقنى ھىساپلاش ئۆلچىمى قىلىش، ئەگەر جايلاردا قىزىل قوناققا سۇندۇرۇپ ئاققوناق ياكى نوقۇت بەرگەن بولسا، تەمىنلىنىدىغان سانىنى ئۆزگەرتمەسلىك، باھا پەرقىنى ئاشلىق، كىيىم - كېچەك باشقارمىسى بەلگىلىمە بويىچە سۇندۇرۇپ ھىساپلاش، كېمىيىپ قالغان قىسمىنى ئاشلىق، كىيىم - كېچەك باشقارمىسى مالىيە نازارىتىنىڭ بىر ياقلىق قىلىشىغا يوللاش. شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆممە قوناق چىقىدىغان ناھىيىلەردە كۆممە قوناق بېرىش، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە بىر جىڭ قوناقنى ئىككى جىڭ سۇلۇغا سۇندۇرۇپ سۇلۇ بېرىش؛ 2 - ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك باج ئىدارىلىرى غەللە - پاراق ئالغاندا، ھەربىلەرگە كېرەكلىك ئاشلىق ۋە ھەربىي ئاتلارغا كېرەكلىك يەم - خەشەكلەرنى ئېھتىياج بويىچە ئېلىش، يېتىشمىگەن قىسمىنى ئاشلىق، كىيىم - كېچەك باشقارمىسى ناھىيىلەر بىلەن بىرلىكتە شۇ جايدىن سېتىۋېلىش؛ 3 - ناھىيىلەردە تۇرۇشلۇق ھەربىلەرنى شۇ ناھىيىلەردىن ئېلىنغان نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەپ كەتكىلى بولمىغاندا، خوشنا ناھىيىلەردىن يۆتكەپ تەمىنلەش، يەنىلا يېتىشمىسە، سېتىۋېلىش؛ 4 - ئاشلىق، كىيىم - كېچەك باشقارمىسى پىلان تۈزۈش، بۇ پىلاننى مالىيە ھەيئىتى تەكشۈرۈپ بېكىتكەندىن كېيىن مالىيە نازارىتى پىلان بويىچە قەرەلگە بۆلۈپ پۇل ئاجرىتىپ بېرىش. ئۈرۈمچى ۋىلايىتىدىكى ناھىيىلەردىن قىزىل قوناق، تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئۈچ ناھىيىدىن ئاققوناق سېتىۋالغاندا، ئاشلىق، كىيىم - كېچەك باشقارمىسى ھەرقايسى ناھىيىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئالدى بىلەن شۇ ناھىيىلەردىكى ئاققوناق تېرىلغان يەر كۆلىمىنى ئېنىقلاپ،



ھەم يىغىپ ئېلىشقا بولىدىغان ھوسۇلنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، ئاندىن سېتىۋېلىنىدىغان قارا ئاشلىقنىڭ سانىنى بەلگىلەش، بۇنى مالىيە ھەيئىتى تەكشۈرۈپ بېكىتكەندىن كېيىن ئاندىن سېتىۋېلىش. باھا ئۈچۈن پۇل قوشۇپ بېرىشكە توغرا كەلسە، مالىيە ھەيئىتىنى مالىيە نازارىتىنىڭ قەرەلگە بۆلۈپ پۇل ئاجرىتىپ بېرىشىگە ئۇقتۇرۇش قىلىش. ئاشلىق، كىيىم - كېچەك باشقارمىسى باھا ئۈچۈن ئاجرىتىپ بېرىلگەن مەخسۇس پۇلنى مەخسۇس ئىشقا ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىش؛ 5 - پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەربىلەر ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ تەمىناتى سانىنى ھەربىي ئاشلىق تەمىناتىغا كىرگۈزۈپ بىرلىكتە ئۆتىلىنىش، ھەربىلەرنىڭ گۆش ئىستىمال قىلىش مەسىلىسىنى بەلگىلەنگەندىكى ئۆلچەم بويىچە (ھەر بىر كىشى ھەر كۈنى 2 سەر قوي گۆشى يېيىش) باج ئىدارىلىرى ھەر يىلى ئالىدىغان باج بىلەن بىرلىكتە قوي ئېلىپ ھەل قىلىش، پۈتۈن يىللىق گۆش تەمىناتى ئۈچۈن قىسىملارغا قوي بېرىش، قوينى قىسىملار ئۆزى بېقىش ياكى باشقىچە ئورۇنلاشتۇرۇش؛ 6 - ۋىلايەت، ناھىيىلەردە تۇرۇشلۇق قىسىملار كۆمۈر يوق جايلاردا تۇرغان بولسا، يەنىلا بۇرۇنقى چارە بويىچە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا قىسىملارنىڭ تاماق ئېتىش ۋە ئىسسىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئوتۇننى مۇۋاپىق ھالدا باھا بويىچە ئالدىن پۇل بېرىپ دېھقانلاردىن سېتىۋېلىش. كۆمۈر چىقىدىغان جايلاردا پىلان بويىچە خامچوتقا كىرگۈزۈپ، قىسىملار ئۆزى كۆمۈر سېتىۋېلىپ، ئۆزى توشۇش، ئاتلارغا كېرەكلىك ئوت - سامانني بىدىنى ئۆلچەم قىلىپ ھىساپلاش، ئىشلەپچىقىرىلىغان بىدە چەكلىك بولۇپ، بىدە

بىلەن تەمىنلەپ كەتكىلى بولمىسا، قوناق شېخى، سامان بې-
رىش، بۇنى بۇرۇنقى چارە بويىچە قىسىملار بىلەن ناھىيىلىك
ھۆكۈمەت مۇزاكىرە قىلىپ تەمىنلەش؛ 7 - چېگرىدىكى قىسىم-
لارغا كېرەكلىك ئوزۇق - تۈلۈك، ئوتۇن - سامىنىنى، بۇرۇنقى
چارە بويىچە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەسئۇل بولۇپ تەمىنلەش،
باج ئىدارىسى ئاشلىق، يەم - خەشەك بىلەن تەمىنلەش. تې-
رانسپورت مەسىلىسىنى ھەربىي قىسىملار تۇرۇشلۇق ناھىيىلەر
بىر تۇتاش ھەل قىلىش، ئەگەر چېگرا ئىشلەپچىقىرىش رايون-
لىرىغا يېقىن بولسا، شۇ رايونلاردىن ئۆزلىرى سېتىۋېلىش
ئارقىلىق ترانسپورت كۈچىنى تېجەش؛ 8 - قىش پەسلى
يېتىپ كەلگەندە، قاتتىق قار يېغىپ، تاغ يوللىرى ئېتىلىپ
قېلىش ئېھتىمالى بولسا، ئىمكانىيەت يار بەرسە، قىشلىق
ئاشلىق، يەم - خەشەك، ئوتۇن - سامىنى تاغ يولى ئېتىلىپ
قېلىشتىن بۇرۇن تولۇق توشۇۋېلىش، جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆپ-
رەك ئىشەك بىلەن توشۇلىدۇ. ھادىسە يۈز بېرىپ يامان تە-
سىر پەيدا قىلىشتىن ساقلىنىش ۋە يۈك توشۇغۇچى دېخانلار-
نىڭ ئىسسىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك
ھۆكۈمەت يۈك توشۇغۇچى دېخانلارنىڭ يول ئۈستىدىكى يا-
تاق، تاماق مەسىلىسىنى بىر تۇتاش ئويلىشىش؛ 9 - يۇقۇرقى
چارىلارنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى
ئاشلىق، كىيىم - كېچەك باشقارمىسى ئاشلىق، يەم - خەشەك
بولۇمىدىكى مەسئۇل كادىرلار دائىم مالىيە ھەيئىتى ئىشخانى-
سى بىلەن ئالاقىلىشىپ ۋاقتىدا ھەل قىلىش. زور مەسىلىلەر
توغرىسىدا كونكرېت پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇش، ئۇنى مالىيە
ھەيئىتى بىلەن ئاشلىق، كىيىم - كېچەك باشقارمىسى تۇتاش



ھەل قىلىش؛ 10 - ۋىلايەت، ناھىيىلەردە بولۇنۇپ تۇرغان قى-
سىملار يوتكەلسە ياكى كۆپەيتىلسە، مالىيە ھەيئىتى بىلەن
ئاشلىق، كىيىم - كېچەك باشقارمىسى تەمىنلەش مەسىلىسى توغرى-
سىدا، ئىمكان قەدەر ئالدىن پىلان تۈزۈپ، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ
يۇقۇرقى چارىلاردىن پايدىلىنىپ ئىجرا قىلىشىنى ئۇقتۇرۇش.

يۇقۇرقى چارىلار يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاشلىق،
كىيىم - كېچەك باشقارمىسى ئاشلىق، يەم - خەشەك بولۇمىنىڭ
باشلىغى يولداش لىڭ شاۋخۇانى دائىم مەن بىلەن ئالاقىلى-
شىپ تۇرۇشقا بەلگىلىدى. بۇ يولداش كۆپ يىللاردىن بېرى
ھەربىي تەمىنات خىزمىتىنى بېجىرىپ كۆپ تەجرىبىگە ئىگە بول-
غانلىقتىن، ئالاقىدار ناھىيە، ئىدارىلارنىڭ ئەھۋالىنى پىش-
شىق بىلەتتى، ئۆزىمۇ ئالاقىدار تۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپ-
لىغان، كەسپكە كامىل، چارە - تەدبىرلىك ئىدى. شۇڭا بۇ چارە
يولغا قويۇلغان مەزگىللەردە ئىش ئوڭۇشلۇق بولدى. كېيىن،
گەرچە يولداش ماۋزېمىن خەلق ئىشلىرى نازارىتىگە يوتكۈلۈپ
كەتكەن ۋە مەنمۇ شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قاماپ قويۇلغان بول-
سىمۇ لىڭ شاۋخۇا ئاشلىق، كىيىم - كېچەك باشقارمىسىنىڭ
باشلىقلىقىغا ئۈستۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، پۈتۈن شىنجاڭدىكى
ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ ھەربىي تەمىنات ئەھۋالى
ئىزچىل ھالدا نورمال بولۇپ كەلدى. بۇ بىر باسقۇچتا، پۈتۈن
شىنجاڭدىكى ھەربىي قىسىملارنىڭ تەمىناتىغا دەخلى يەتمىگەن-
لىكى ۋەجىدىن ۋەزىيەت مۇقىم بولدى، بۇنى يولداش ماۋزې-
مىنىڭ مالىيە ۋە ھەربىي تەمىنات خىزمىتىگە ئەستايىدىل
مەسئۇل بولۇپ، ئەتراپلىق چارە قوللانغانلىقىدىن ئايرىپ
قاراشقا بولمايدۇ.

## 6. پۈتۈن شىنجاڭدا قىسىملارنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى

1933 ـ يىلى شېڭ شىسەي شىنجاڭنى ئىدارە قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا قىسىملار ناھايىتى كۆپىيىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۆز قوشۇنلىرىدىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلگەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پىدائىي قوشۇن ۋە جىن شۇرېن قوشۇنىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان قوشۇن، شۇنىڭدەك ماۋتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مىللىي قوشۇنى بار ئىدى. 1940 ـ يىلى شىنجاڭ پەيدىن ـ پەي بىرلىككە كەلگەن ۋە ۋەزىيەت بىر قەدەر تىنچ بولغان ئەھۋال ئاستىدا، كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، پۈتۈن شىنجاڭدىكى قىسىملاردا ئاران ئۈچ مىڭ ئادەم قالدى. ھەربىي مەكتەپنىڭ ئىككى قارارلىق كۇرسىدا بىرلا ۋاقىتتا تەربىيە كۆرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوشقاندىمۇ يەنىلا 4 مىڭ كىشىگە يەتمەيتتى. قومۇلدىكى 8 ـ پولكنىڭ ئادەم سانى ئېنىق بولمىغاچقا ئىشتاتقا كىرگۈزۈلمىگەندىن باشقا، ئۈرۈمچى شەھىرىدە بىر مىخانىكىلاشقان بىرىگادا (لۈي) بار ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ ئىنىسى شېڭ شىچى بىرىگادا لۈيجاڭى ئىدى. باشقا قىسىملار پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ئاساسلىق ناھىيىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. جۇڭگو-سوۋېت چېگرىسىدا چېگرا قىسىملىرى يوق ئىدى. قومۇلدىكى 8 ـ پولك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورال ـ جابدۇقلىرى بىلەن قوراللانغان بولۇپ، تەمىنات جەھەتتە قانچىلىك چىقىم قىلسا شۇنچىلىك بېرىلەتتى، پۈتۈن 8 ـ پولكقا نېمە لازىم بولسا شۇ جايىنىڭ ئۆزىدە تەمىنلىنىپ، 8 ـ پولكتىن ھوج-



جەت ئېلىناتتى، باھا پۇلى ۋە ترانسپورت پۇلى 5 مىليون ئالتۇن رۇبلىلىق قەرز پۇلىغا ھېساپ قىلىناتتى. چەرچەندە بىر پولك ئەسكەر بولۇپ، ئۇ شېڭ شىسەينىڭ بىۋاستە قاراشلىق قوشۇنى ئىدى. بۇ ئىككى پولك ئاساسلىغى گەنسۇ، چىڭخەيدىكى ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ شىنجاڭغا بېسىپ كىرىشىدىن مۇداپىئە قىلاتتى. شۇ چاغدىكى ھەربىي قىسىملارنىڭ كۆپۈنچىسى ئاتلىق ئەسكەر ئىدى، قومۇلدىكى 8 ـ پولكتىن باشقا ھەربىي قوشۇننىڭ چىقىمى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي چىقىم خامچوتىنىڭ تەخمىنەن 25 ـ 30 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى، بۇ چىقىم، جۈملىدىن قوشۇن قارىمىغىدىكى ئورۇنلارنىڭ چىقىمى ۋە دۇبەن مەھكىمىسى رەھبەرلىكىدىكى بارلىق ھەربىي ئۈسكۈنە ھەم بارلىق ھەربىي ئورۇنلارنىڭ چىقىمى توغرىسىدىكى تەپسىلىي سانىنى دۇبەن مەھكىمىسى جىڭلى باشقارمىسى بىر تۇتاش ئىگىلەيتتى ۋە چىقىم قىلاتتى، بەزى ئاز مىقداردىكى كىرىمگە جىڭلى باشقارمىسى ئىگىدارلىق قىلىپ، مالىيە نازارىتىگە تاپشۇرمايتتى.

## 7. ئۈچ يىللىق پىلاننى تۈزۈش ۋە غەزىنە تۈزۈمى ئورنىتىشقا تەييارلىق قىلىش

يېڭى پۇل تارقىتىلىپ پۇل قىممىتى مۇقىملاشقان، مال باھاسى نورماللاشقان، كىرىم پەيدىن ـ پەي ئاشقان، چىقىم خامچوت بويىچە قىلىنغان، دېخانچىلىق ـ چارۋىچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنغان ۋە ئىقتىسادىي تارماقلارنىڭ خىزمىتى توغرا يولغا چۈشكەن بىر ياسقۇچتا، يولداش ماۋزېمىن شىنجاڭنىڭ

3 يىللىق قۇرۇلۇشى توغرىسىدا يېڭى پىلاننى ئوتتۇرىغا قويدى. 1939 ـ يىلدىن 1942 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، شۇ چاغدىكى ئەھۋاللار ۋە بەزى ئىستاتىستىكا ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، مالىيە نازارىتىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرىدىكى بەزى تايانچىلار ۋە مالىيە نازارىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە، دەسلەپكى قەدەمدە 3 يىللىق قۇرۇلۇش توغرىسىدا بىر پىلان تۈزۈپ چىقتى. پىلان تۈزۈش ئىشى 1938 ـ يىلى قىشتا باش ـ لانغان ئىدى. مەن 1940 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، بوغالتىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۈستۈمگە ئالغان چېغىمدا، مەنمۇ بۇ خىزمەتكە قاتناشتىم. گەرچە بۇ 3 يىللىق پىلان ئاشكارا ئېلان قىلىنىپ ئىجرا قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر يىلى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي چىقىم خامچوتى تۈزۈلگەندە، بۇ پىلان ئاساس قىلىنىپ، شۇ چاغدىكى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ خامچوت سانى تولۇقلاندى ياكى ئۆزگەرتىلدى. ئۇ چاغلاردا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك باج ئىدارىلىرىنىڭ بارلىق كىرىمى ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مال ـ مۈلۈك بېجى كىرىمى، شۇنىڭدەك تەمرات نازارىتىغا قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ كىرىمى قاتارلىق كىرىملەرنىڭ ھەممىسى بانكىغا تاپشۇرۇلاتتى، ھەممە چىقىملارنى مالىيە نازارىتى بانكىغا شۇ بويىچە چىقىم قىلىشنى ئۇقتۇرۇش قىلاتتى. باشقا ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇنلارغا قاراشلىق تارماقلارنىڭ چىقىمى ئۈچۈن بېرىلىدىغان پۇلنى مالىيە نازا ـ رىتى خامچوت بويىچە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ ۋاكالىتەن ئېلىپ تارقىتىپ بېرىشىگە بېرەتتى، بانكىدا ساق ـ لانغان پۇللارغا ئوسۇم ھېساپلانمىسىمۇ، لېكىن، بانكا، مالىيە نازارى ـ



تىگە ۋاكالىتەن ئاجرىتىپ بېرىدىغان ھەرتۈرلۈك خىراجەتلەر ئۈچۈن، مالىيە نازارىتىدىن 5 پىرسەن رەسمىيەت پۇلى ئالاتتى. ئۇ چاغدا، ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە چوڭ ناھىيىلەردىلا تارماق بانكا بار ئىدى، كۆپلىگەن ناھىيىلەرنىڭ چىقىمىنى يەرلىك باج ئىدارىلىرى ئاجرىتىپ بېرەتتى. باج ئىدارىلىرى بانكىغا پۇل تاپشۇرغاندا، ئۆزلىرى ۋاكالىتەن بەرگەن بارلىق پۇلنى بانكىنىڭ دەپتىرىگە ئاغدۇرۇپ، كىرىم قىلاتتى ياكى چىقىم قىلاتتى. لېكىن، مۇنداق چىقىملارنى باش بانكا بىرلەشتۈرۈپ ئاشلىق ئومۇمىي چىقىم ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ئوخشاشلا رەسمىيەت ھەققى ئالاتتى. شۇنىڭ بىلەن بانكا ئۆز كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن بولماستىن، ئەمەلىيەتتە مالىيە نازارى ـ تىنىڭ بىر ۋاكالەت تارماق ئورنى بوپقېلىشتەك ئەھۋال شەكىللەندى. شۇڭلاشقا، يولداش ماۋزېمىن بانكا باشلىقى ساك گوفېڭغا: ”بىز ئۆزىمىز غەزىنە تۈزۈمى ئورنىتىشىمىز، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى شۆبە باج ئىدارىلىرىنى غەزىنىنىڭ تارماق ئورنى قىلىپ، يەرلىكنىڭ بارلىق خىراجەت رەسمىيەت ـ لىرىنى بېجىرىپ، ئۇششۇق ساقلانغان پۇلنى يېقىن ئەتراپتىكى بانكىنىڭ غەزىنىگە تاپشۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان قىلىشىمىز كېرەك. ئۆلكىلىك غەزىنە بانكىنىڭ قەرەلسىز ئامانەت قويغۇ ـ چىسى بولۇشى لازىم. مۇنداق قىلغاندا، ھەم پۇل ئۆتكۈزۈش ـ ئۆتكۈزۈۋېلىش رەسمىيىتىنى ئازايتقىلى بولىدۇ، ھەم بانكىمىز مۇنداق قەرەلسىز ئامانەت قويغۇچىغا ئازراق ئوسۇم بېرەلەيدۇ. ئاساسلىقى، بانكىغا 5 پىرسەن رەسمىيەت پۇلى تۆلىمەيمىز“ دېگەن ئىدى. ساك گوفېڭ: ”مۇنداق قىلساق، بىزنىڭ تارماق بانكىلىرىمىز ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ ئۇخلايدۇ“ دېگەندە، ماۋ ـ

زېمىن: "ئۇخلامسىلەر ـ ئۇخلىمامسىلەر، ئۇ سىلەرنىڭ ئىشىڭلار، مېنىڭ ئۇنى سۈرۈشتۈرۈشكە ھەققىم يوق، لېكىن، بانكا بولمىغاندىن كېيىن، بانكا كەسىپى بولىشى كېرەك، سىلەرنىڭ ياردەمچىڭلار چاۋزىڭگۇاڭ بانكا مۇتەخەسسىسى، ئۇ كوپ ئىشلارنى بىلىدۇ، مۇبادا پۈتۈن شىنجاڭدىكى شەخسى سودا دۇكانلىرىنىڭ كۈندۈلۈك تىجارەت كىرىمىنى بانكىغا جەلىپ قىلالىساق، بۇ سان ئاز سان ئەمەس، بايلارنىڭ بانكىدىكى ئامانىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ئېقىپ يۈرگەن پۇللارنىڭ ھەممىسىنى بانكىغا جەلىپ قىلالىساق مېنىڭچە، ھەر ئايدا يېڭىدىن پۇل تارقاتمىساقمۇ، ئوخشاشلا كۈن ئۆتكۈزەلەيمىز. دېمەك، بانكا بىلەن مالىيە نازارىتى قولنى ـ قولغا تۇتۇشۇپ ھەمكارلاشىدىغان بولسا، شىنجاڭنىڭ مالىيە ـ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى ئىستىقبالىغا ئىگە بولىدۇ" دېسە، ساڭ گوفېڭ: "سىز غەزىنە تۈزۈمى ئورناتماي تۇرۇڭ، مەن چاۋزىڭگۇاڭ بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ كورەي، سىز مەندەك بىر بانكا باشلىغىنىڭ ھۆلىنى كولىماڭ!" دېگەن ئىدى.

1941 ـ يىلى كۈزدە، يولداش ماۋزېمىن خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا يۆتكەلدى، ساڭ گوفېڭ قوشۇمچە مالىيە نازارىتىنىڭ مۇۋەققەت نازىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى، ئۇ كىشى قوش ۋەزىپە ئاتقۇرغانلىقى ئۈچۈن، غەزىنە تۈزۈمى ئورنىتىشنى ئويلاپمۇ باقمىدى. غەزىنە تۈزۈمىنى يولداش ماۋزېمىن ئۆزى بىۋاستە تۈزۈپ چىققان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى ئىنقىلاۋى قۇربان ماۋزېمىن قۇربان بولغاندىن كېيىن، يۇقۇرقى 3 يىللىق پىلان ۋە غەزىنە تۈزۈمى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىدى، مەرھۇم ئارمان بىلەن كەتتى. ۋاھالەنكى، ھېلىقى پىلان ۋە غەزىنە تۈزۈمىنىڭ كۆپىيىشىمۇ يوقىلىپ كېتىپ، كېيىنكىلەرنىڭ ئېكىسكۇرسىيە قىلىشى



ۋە ئۆگىنىشى ئۈچۈن مەرھۇمنىڭ خاتىرە كورگەزمىسىگە قويۇلماي قالدى، بۇمۇ بىر ئەپسۇسلىنارلىق ئىش.

## 8. ئوي ـ مۈلۈك، يەر ئىگىدارلىق كىنىشكىسى تارقىتىش ۋە ھوكۇمەت مۈلۈكى كىرىمىنى تەرتىپكە سېلىش

1933 ـ يىلىنىڭ باھارى، شىڭ شىسەي شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشقا باشلىغان، پۈتۈن شىنجاڭ مالىمانچىلىق ئىچىدە تۇرغان بىر مەزگىل ئىدى، بولۇپمۇ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە چوڭ كوۋرۈكتە توپىلاڭ، سەنپەنكو تەرەپتە ئوغرى پەيدا بولغانلىقتىن ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ دەرۋازىلىرى دائىم تاقىلىپ قالاتتى، جەنۇبى دەرۋازا بىلەن شىمالى دەرۋازا گايىدا ئېچىلىپ، گايىدا تاقىلىپ قالاتتى، بەزىدە يالغۇزلا شىمالى دەرۋازا ئېچىلىپ كىشىلەرنىڭ كىرىپ ـ چىقىشىغا رۇخسەت قىلىناتتى. ئۇ چاغلاردا نەنسەن تەرەپنى ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ما چۈەنلۇ، قۇمۇلنى يولۋاس ئىگەللىۋالغان، ئالتاي تەرەپنى شەرىپقان بىلەن ئوسمان بېسىۋالغان، پۈتۈن ئىلى رايونىنى جاڭ زېخىڭ بولۇۋالغان، تارباغاتاي تەرەپنى ما خىيىڭ ئىگەللىۋالغان ئىدى، تۇرپان، پىچان، توقسۇن تەرەپلەرنى ما جوڭيىڭ باشقۇراتتى، كۇچاردا تومۇر زورلۇق ـ زۇمبۇلۇق قىلغان بولسا، قەشقەر تەرەپنى غوجانىياز بىلەن مامۇت ئىگەللەپ ياتاتتى، لېكىن يېڭىشەر ناھىيىسىنى ما جەنساڭ ئىگەللىگەن، خوتەن، يەكەن تەرەپلەرنى شامەنسۇر قولغا ئېلىۋالغان ئىدى. ما جوڭيىڭ ئۈرۈمچىگە

ھۇجۇم قىلغاندا، جاڭ زىخىڭ شىخونى ئىشغال قىلىپ، ماناسقا قاراپ ئىلگىرلەۋاتاتتى، بۇ چاغدا شىڭ شىسەي ئەڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ چەتنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئالدى بىلەن ئىلى قوشۇنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، جاڭ زىخىڭنى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى، ماجۇڭيىڭمۇ جاڭ زىخىڭغا ياردەم بەرمەستىن، ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنىپ، ماجەنساڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ، خوتەنگىچە بېرىپ، قاغىلىق قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى. تۇمۇر بىلەن شامەنسۇر ئىلگىرى - ئاخىرى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ يەنىلا غوجا نىياز ھاجى بىلەن ماھۇتنىڭ كونتروللىقىدا ئىدى، كېيىن شىڭ شىسەي جەنۇبىي شىنجاڭدىكى غوجا نىياز ھاجى، شىمالىي شىنجاڭدىكى شەرىپقان قاتارلىقلار بىلەن ئۆتكۈزگەن تېچلىق سوھبەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئىگەللىگەن جايلارنى بارا - بارا كېڭەيتتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كېلىش ۋەزىيىتىگە يۈزلەندى. ئۇدا 4 يىل قالايمىقانچىلىقلار بولغان مەزگىللەردە سودا كاساتلاشقان، يېزىلار ۋەيران بولغان، بولۇپمۇ پومىششىك - زومىگەرلەرنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى تۈپەيلىدىن، خەلق ھايات كۆچۈرەلمەيدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپتە ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستانچىلارمۇ باش - كۆزىنى تاراپ ئوتتۇرىغا چىققان ۋە ئۇدا بىر قانچە يىل ئۇرۇش بولغاچقا، پۈتكۈل جىن شۇرېن دەۋرىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىشلىگەن بەزى خەنزۇ ھاكىم ۋە خەنزۇ خىزمەتچى خادىملار قىرىلىپ كەتكەن



ئىدى. شىڭ شىسەي ھوقۇق ئىگەللىگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەردە ئارقا - ئارقىدىن ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇپ، دېھقانلاردىن شەخسىي كىرىمىنىڭ 40 تىن بىرى "ئۇشرە - زاكات" قىلىپ ئېلىنىدى. نامىدا بۇ پۇل مەكتەپ ئېچىشقا ئىشلىتىلىدۇ دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە سودا ۋە ھايانكەشلىككە ئىشلىتىلدى، يەنە كېلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغۇل - قىزلىرى مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىدىغان، ئايال شەرىئەت بويىچە ئوغۇللارغا قارىغاندا بىر ھەسسە ئاز مىراس ئالىدىغان كونا قائىدە - يوسۇنلىرى بولغاچقا، مۇشۇنداق ئەھۋال تۈپەيلىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدا يەرلەر تولا بۆلۈنۈپ، كىچىك - كىچىك كاندەك يەرلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى، تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ بەزى يەرلىرى ئاران يېرىم مۇ، ھەتتا 2 فۇڭ كېلەتتى، ھالبۇكى پومىششىك - زومىگەرلەرنىڭ بىر قانچە ئون مۇدىن ئارتىپ بىرنەچچە يۈز مۇ، بىرنەچچە مىڭ مۇغىچە ھەتتا 10 مىڭ مۇدىن ئارتۇق يېرى بارلارمۇ بار ئىدى. بەزى پومىششىكلارنىڭ ئۆزىمۇ قانچىلىك يېرى بارلىقىنى بىلمەيتتى. مەسىلەن، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە ئوسمان دىگەن بىر پومىششىك بولۇپ، ئۈچ يەردە تېرىلغۇ يەرلىرى، بىر يەردە توغراق ئورمانلىقى، يەنە باغ ۋە ئۆي - ئىمارەتلىرى، شۇنىڭدەك قومۇشلۇقى ۋە بىر تالاي بىنەم يېرى بار ئىدى، كېيىن ئوسمان جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قولغا ئېلىنغاندا، ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى چوڭ بايلاردىن بولۇپ، شەھەردە سودا دۇكانلىرى، يېزىدا تېرىلغۇ يەرلىرى بولغاچقا، ئوسماننى

كېپىلگە ئالماقچى بولدى. شۇ چاغلاردا قەشقەردە ھەربىلەر كۆپ بولۇپ، گازارما يېتىشمەيتتى. شۇڭا، ئوسمان ئۆز گۇنايى ئۈچۈن، كونىشەھەر ۋە يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىدە مەلۇم ساندا گازارما سېلىپ بەرمەكچى بولدى. مەمۇرى باشلىق ۋاڭ باۋچېيەن بۇنىڭغا ماقۇل بولدى ۋە دەرھال كېپىل ئارقىلىق ئوسماننى قويۇپ بەردى. قانچىلىك گازارما سېلىپ بېرىشنى ئوسمان ئۆزى بەلگىلەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئورمانلىقى ۋە ھويلا-ئاراملىرىنىڭ ئالدى-كەينىدە نۇرغۇن تېرەكلىرى بولغاچقا، بىر تەرەپتىن كېسىپ، بىر تەرەپتىن يېڭىشەھەر، كونىشەھەر ناھىيىلىرىگە تۇشۇغاچقا كىشىلەر ئوسمان راستىنلا ھۆكۈمەتكە گازارما سېلىپ بېرىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ قارىغان. ئەمما كېپىل بولغۇچىلار ئوبدان نارازەت قىلمىغانلىقتىن شۇ پۇرسەتتە ئوسمان ھىندىستانغا قاچقان. بۇ ئىش بىلىنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بارلىق مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش قارار قىلىنىپ، كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ھەمدۇللا، يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى سۇڭ-شياۋپۇ ئىككىسى كەنت باشلىقلىرى بىلەن بىرگە ئوسماننىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى ئېنىقلاپ مۇسادىرە قىلىشقا چىققان. ئۇلار ئوسماننىڭ ئۆي-مۈلۈكلىرى، چارۋىلىرى ۋە بارلىق ماللىرىنى مۇسادىرە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى ھاكىم ئۈچ كۈن ئاتلىق ئايلىنىپ يۈرۈپمۇ ئۇنىڭ ئۈچ پەردىكى تارقاق يەرلىرىنى كۆرۈپ بولالمىغان، شۇڭا ھەممىسىنى كۆرسەكمۇ ئېنىق سانىنى بىلگىلى بولمايدىكەن، ھەممىسى مۇسادىرە قىلىنغاندىكىن بولدى ئەمەسمۇ دەپ، يۇقۇرىغا تەخمىنەن 30 مىڭ مۇ تېرىلغۇ يېرى، 50 مىڭ مۇ ئوزلەشتۈرگىلى بولىدىغان بىنام يېرى بار ئىكەن، دەپ مەلۇم قىلغان. يەنە مەسىلەن،



ماناس ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شى يىڭجۈنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ داشىزى، شاۋشىزى كوچىلىرىدا ئۆي-ئىمارەت زېمىنلىرى ۋە ماناستا نۇرغۇن ئۆي-ئىمارەت، مال-مۈلۈكلىرى ۋە يەرلىرى بولغاندىن باشقا، پۈتۈن شىخەنزىدىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تەئەللۇق ئىدى. يەنە مەسىلەن، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئوسماننىڭ شۇنچىۋالا يېرى تۇرۇغلۇق ھەر يىلى دۆلەتكە ئاران يۈز نەچچە جىڭ پاراق تاپشۇرىدىكەن. چۈنكى ئۇ يەرلىرىنى پارچە بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، كەمبەغەل دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىپ، ھوسۇلنىڭ 40 پىرسەنتىنى يەر ئىگىسى، 60 پىرسەنتىنى ئىجارىكەش دېھقانلار ئالىدىغان، ئۇرۇق، ئالۋاڭ-ياساق، دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان غەللە-پاراق بىلەن يەر ئىگىسىنىڭ كارى بولمايدىغان قىلىپ خەت توختام قىلىشقان ئىكەن. بۇ توختام بويىچە ئەھۋالنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ھەر يىلى كۈزدە ئالغان ھوسۇلنىڭ 40 پىرسەنتىنى بىر ئازمۇ كېمەيتمەي، تەخىرسىز تولۇق ئالغان. مۇبادا ئىجارىكەش دېھقان ئىجارىنى ئۆز قەرەلىدە تولۇق تاپشۇرمىسا، يەر ئىگىسى يەرنى ئېلىۋېلىپ باشقا ئادەمگە ئىجارىگە بېرىشكە ھوقۇقلۇق ئىدى. بۇنداق ئەھۋالغا يولۇققان ئىجارىچىلارنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى شۇ ئاندىلا ئېغىر چىلىقتا قالاتتى. ئىجارىچىلار گەرچە ھەر يىلى 60 پىرسەن ھوسۇلغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن دۆلەتكە غەللە-پاراق تاپشۇرغان ۋە ئۇرۇقلۇق قالدۇرغاندىن باشقا، يەنە ئالۋاڭ-ياساق ۋە ئۆزىنىڭ يىللىق كىرىمىدىن 40 تە بىر ئۈلۈش بويىچە ”ئۇشرە - زاكات“ تۆلىگەچكە، ھەر يىلى ئۆزىگە قېپقالغان ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى باقالمايتتى. شۇڭا، ئائىلىلىرى

يىپ ئىگىرىپ ماتا توقۇپ، ئەرلىرى ئوتتۇنچىلىق قىلىپ ياكى
ئازراق مال - چارۋا، ئۆدەك - توخۇ بېقىپ سېتىپ، كۈن
كەچۈرەتتى. يەر ئىگىلىرى بولسا غەللە - پاراق تاپشۇرمايتتى،
ئالۋاڭ - ياساققا ماڭمايتتى، ھەممە سېلىق نامرات دېھقان
لارنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنەتتى. توپىلاڭ بولغان يىللاردا مە
لىتارىستلارغا كېرەكلىك ئوت - سامانلارنىمۇ نامرات دېھقان
لار بېرەتتى. پومىشچىكلارنىڭ كارى بولمايتتى. ئەمەلدارلار
مەھكىمىلىرى بۇنداق ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولسىمۇ، ھېچكىم
بۇنىڭغا ئارىلاشمايتتى. باشقا ئەھۋاللار، مەسىلەن، خەنزۇلارنىڭ
بۇتخانىسى، ئىسلام دىنى مەچىتلىرىنىڭ ۋەقپە ئەھۋالىمۇ
شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتەتتى. شىمالى شىنجاڭدا توپىلاڭچىلىق
بولغاندا، خەنزۇلار قىرىلىپ تۈگىگەنلىكتىن، بۇتخانا مۈلۈكلىرى
بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى
ئاھالىلار ۋە يۈزلىگىرەك ئادەملەر ئۆزى بىر ھوججەت
يېزىپ، ئازراق پۇل خەجلەپ، ئاخۇنغا موھۇر باستۇرۇپلا،
ئۆزىمىنىڭ مۈلكى دېگەن ھوججەتنى ياساپ چىقىرىپ، ھوكۇمەت
تەرەپىنىڭ نۇرغۇن ئوتلاق، قومۇشلۇق، ئورمان قاتارلىق مۈلۈك
لىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان ئىدى. يولداش ماۋزېمىن بۇ
ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ھوكۇمەت مۈلكى
بولۇمىنىڭ باشلىغى يېپى شىجيونى كونكىرىت تەدبىر قوللۇ
نۇپ، يۇقۇرقىدەك نا مۇۋاپىق ئەھۋاللارنى تۈزىتىشكە بەلگە
لىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتە بەرگەن يوليورۇقلىرى مۇنداق ئىدى:
ئا. يەر توغرىسىدا: 1 - سېپتە قىلىپ يەر ئىگىدارلىق
كىنىشكىسى بېرىپ، خۇسۇسى مۈلۈك ئىسپاتى
قىلىپ تارقىتىپ، ئازراق ھەق ئېلىش، كېيىنچە بىر



قىسىم كۆلىمىك باج بېلىتى بېسىپ، قوشۇپ ھەق ئېلىپ، ئۇنى
ئىگىدارلىق كىنىشكىسىگە چاپلاش؛ 2 - مۈلۈك گۇۋاھنامىسىنىڭ
گىراپىسىغا يېزىلغان ئۆي - مۈلۈك ۋە يەرنىڭ شىمال، جەنۇپ،
شەرق، غەرپ تەرەپلىرىدىكى يەرلەر ۋە ئۆي - ئىمارەت زىمىنلىرى
كونكىرىت سانى ۋە باھاسىنى ئىگىدارلىق كىنىشكىسىگە ئېنىق
يېزىش؛ 3 - ئۆي - مۈلۈكنى باشقىلارغا بەرگەندە ۋە ئېلىپ،
ساتقاندا، ساتقان ۋاقىت ۋە بەرگەن ۋاقىتنى، گۇۋاھچىلارنىڭ
ئىسىم فامىلىسىنى ۋە مەنبەسىنىمۇ ئىگىدارلىق كىنىشكىسىگە
يېزىش؛ 4 - ئۆي سانى، ئىشلىتىش مۇددىتى، يەرلەرنىڭ تۈرلىرى،
مەسىلەن، بىنام يەر، سۇلۇق يەر ياكى ئوتلاق، كول، ئورمان،
قومۇشلۇق قاتارلىقلارنى ئېنىق يېزىش؛ 5 - ھەر قېتىم مال-
مۈلۈكنى باشقىلارغا بەرگەندە ياكى ئېلىم - سېتىم قىلغاندا،
مۈلۈك بېجى تاپشۇرغان چاغدا، تەكشۈرۈشكە قولايلىق بولسۇن
ئۈچۈن يېڭى ھوججەتنى ئىگىدارلىق كىنىشكىسىنىڭ ئارقىسىغا
چاپلاش، كونا ھوججەتنىمۇ كىنىشكىسىنىڭ ئارقىسىغا چاپلاپ
ساقلاش؛ 6 - ئۆي - مۈلۈكنى ياتىدىغان ئۆي ياكى دۇكان ئۆي
دەپ ئايرىم يېزىش ھەمدە خىشتىن سېلىنغان ياكى خام كې
سەكتىن سېلىنغانلىقىنى ئېنىق ئەسكەرتىش (ئادەتتىكى
ئات ئېغىلى ياكى سامانلىقنى تىزىملىماسلىق). ب. ھوكۇمەت
مۈلكى توغرىسىدا: 1 - مەچىت، بۇتخانا مۈلۈكلىرىنىڭ قانۇن-
لۇق رەسمىيىتى بولسا، ئىگىدارلىق كىنىشكىسى بېرىپ، مەچىت
باشقۇرغۇچى ياكى بۇتخانا باشقۇرغۇچىنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇ-
رۇپ بېرىش؛ 2 - ئورمانلىق، قومۇشلۇق، ئوتلاق، كول قاتارلىق-
لارنىڭ قانۇنلۇق رەسمىيىتى بولسا، ھوكۇمەت مۈلكىنى ئىگەللىۋال-
مىغانلىقى، باج تاپشۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئىسپات بولسا،

ئۇنى شەخسنىڭ مۈلكى دەپ قاراش، مۇنداق ئىنساپ بولمىسا، ھەممىنى بىردەك ھۆكۈمەت ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزىۋېلىپ، يەرلىك باج ئىدارىلىرىنىڭ مەسئۇل بولۇپ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش.

پۈتۈن شىنجاڭدا ئىگىدارلىق كىنىشكىسىنى ئالماشتۇرۇپ تارقىتىش خىزمىتىنى مۇنداق بىر قانچە باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش: 1 – ئىگىدارلىق كىنىشكىسى ئەھۋالىنى ئايرىلاپ تەكشۈرۈش، كىنىشكە ئالمىغانلار كۆرۈلسە، دەرھال تولۇقلاپ تارقىتىپ بېرىش. مۈلۈك بېجى تاپشۇرمىغۇچىلاردىن مۈلۈك بېجىنى تولۇقلاپ ئېلىش، جېرىمانە قويماسلىق، باجنى تولۇقلاپ تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىگىدارلىق كىنىشكىسى بېرىش، بۇ خىزمەتنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يولغا قويۇش؛ 2 – مالىيە نازارىتى مەخسۇس ئادەم بېكىتىپ خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، نوقتىلىق ھالدا ئومۇمىي يۈزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىملاش، يەر قىسمىنى تىزىملىغاندا، ئەمەلىي يەر سانىنى ۋە بۇرۇن غەللە – پاراق تاپشۇرغان يەر سانىنى سېلىشتۇرۇپ چىقىش، لېكىن، بۇ چاغدا ئوشۇق چىققان يەردىن قوشۇپ پاراق ئالماسلىق، ئۆي قىسمىنى تىزىملىغاندا، ئايرىم – ئايرىم ھالدا ئۆزى تۇرۇشلۇق ئۆي بىلەن ئىجارىگە بەرگەن ئۆي ۋە ئۇنىڭ ئىجارىسىنى ياكى مەچىت، بۇتخانا ئۆيلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ۋە ئىجارە ھەققى باھاسىنىلا تىزىملاش؛ 3 – پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تىزىملاش، تەكشۈرۈش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، غەللە – پاراق ئېلىشنى ئەمەلىي سان بويىچە ئېلىش مەسىلىسىنى ئاندىن مۇزاكىرە قىلىپ ئويلىشىش، چۈنكى، شۇ چاغلاردىكى غەللە – پاراق ئېلىش ئۆلچىمى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بەلگىلىگەن سان بويىچە بولغان ئىدى.



شۇنىڭدىن كېيىنكى 20 نەچچە يىلدا يەر سانىدا كۆپىيىش – ئازىيىش بولغان بولسا، كۆپەيگەن قىسمىدىن غەللە – پاراق ئېلىش، بۇرۇنقى قىسمىنى تولۇقلاپ ئالماسلىق، ئەگەر سۇ، قۇم بېسىپ كەتكەن يەرلەردىن غەللە – پاراق ئېلىنغان بولسا، ئۇنى دەرھال ئەمەلدىن قالدۇرۇش، بۇرۇن بوغۇلۇپ قالغان باج قەرزىنى سۈرۈشتە قىلماسلىق؛ 4 – چوڭ پومىشچىكلارنىڭ كۆپ مىقداردا يەر ئىگىلىۋېلىش، باشقىلارغا يەر ئىجارە بېرىش ئەھۋالىنى ئۈزۈل – كېسىل ئېنىقلاش. ئەگەر يېرى تۇرۇقلۇق غەللە – پاراق تاپشۇرمىغان بولسا، 40 پىرسەن ئىجارە ئالغان بولسا، ئېنىق تىزىملاپ، كېيىنچە بىر تۇتاش مۇزاكىرە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش. قىسقىسى، بۇ قېتىمقى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، پۈتۈن شىنجاڭدىكى خۇسۇسى ئۆي-مۈلۈك ئەھۋالى دەسلەپكى قەدەمدە ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپلا قالماستىن، زۆرۈر تېپىلغاندا خەلقنىڭ ئۆي – جاي شارائىتىنى ياخشىلاش ئىمكانىيىتى يارىتىلاتتى. ئەڭ ئاساسلىقى، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىنىڭ ئەمەلىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ۋە پومىشچىك، باي دېھقانلارنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى، مەچىت، بۇتخانا مۈلكى ۋە ۋەخپى يەر كۆلىمى، شۇنىڭدەك كەمبەغەل، يالانما دېھقانلار ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، نىسبەت سانغا ئىگە بولۇپ، يەر تېرىغۇچىلارنىڭ يېرى بولۇشى كېرەك، دىگەن تەدبىرنى يولغا قويۇشقا ئاساس سېلىنغان ئىدى. قىسقىسى، شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون ھەم ئەھۋال مۇرەككەپ بولغاچقا، توسالغۇلارنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يولداش ماۋزېمىن بىر تەرەپتىن بېجىرىش، بىر تەرەپتىن مۇزاكىرە قىلىش، بىر تەرەپ-

تىن يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، بۇ ۋەزىيەتنى ھۆكۈمەتنىڭ مۈلۈك باشقۇرۇش بولۇمىنىڭ ئورۇنلىشىغا تاپشۇرغان ئىدى. ئىگىدارلىق كىنىشكىسى تارقىتىشتا، كېرەكلىك بولغان كىنىشكە سانىنى ۋىلايەت، ناھىيىلەر ئالدىن مەلۇم قىلىشنى، مالىيە نازارىتى بىر تۇتاش بېسىپ تارقىتىشنى، ۋىلايەت، ناھىيىلەر ئۆي ئىگىلىرى ۋە دىخانلارغا تارقىتىپ بېرىشنى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەر شۇ خىلدىكى كىنىشكىنى ئىگىدارلىق كىنىشكىسى قىلىشنى قارار قىلدى. لېكىن، بولۇم باشلىقى پېي شىجيۇ چىتئېگە قۇرۇلۇش زايومى سېتىشقا كېتىۋاتقاندا، لىۋداۋاندا ماشىنا ھادىسىسى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بولغان بولۇم باشلىقى قابىلىيەتسىز ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يولداش ماۋزېمىن 1941 - يىلى كۈزدە خەلق ئىشلىرى نازارىتىگە يوتكىلىپ كەتكەچكە، يۇقۇرقى پىلانلار ئىزچىللاشتۇرۇلمىدى. بۇ يولداش ماۋزېمىننى ئەپسۇسلاندۇرغان بىر ئىش ئىدى.

## 9 . ھۆكۈمەت چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلقنىڭ گوش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش

شىڭ شىسەي ھاكىمىيەتنى ئىگىللىگەندىن كېيىن، تىيانشان تېغى بويلىرىدىكى نەنسەنىنىڭ شەرقىدىن قۇمۇلغىچە، غەربىدىن ئىلىغىچە بولغان جايلاردىكى قازاق ۋە خوېزۇلار ماجۇڭيىڭ، ماجۇڭلۇ ۋە غوجا نىياز ھاجىلارنىڭ كوپ قېتىملىق پاراكەندىچىلىگى تۇپەيلىدىن تۇرمۇشتا قىيىنلىشىپ، سەرسان - سەرگەردان بولۇپ كەتتى. توپىلاڭلار تىنجىتىلغاندىن كېيىن، گەرچە ھال سوراش ئەترىتى تەشكىللەپ ھال سوراش ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كوپ ساندىكىلىرى چارۋىچىلىققا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولغاچقا، توپىلاڭچى قوشۇنلار ئۇلارنىڭ مال - چارۋىلىرىنى بۇلاپ يەپ تۈگەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈرۈمچى شەھىرىنى قوي گوشى بىلەن تەمىنلەشتە ئاساسلىقى نەنسەن تەرەپلەردىكى چارۋىچىلارغا تايىنىدىغان بولغاچقا، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن ئۈرۈمچىنى تەمىنلەشكە گوش يېتىشمەي قالدى. ھايانكەشلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، گوشنىڭ باھاسىنى ئەتتىگەندە بىر خىل، كەچتە بىر خىل قىلىۋېلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ئېغىر ھالدا تەسىر يەتكۈزدى. يولداش ماۋزېمىن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دەرھال تەدبىر قوللىنىپ شىمالى شىنجاڭدا چارۋىچىلىق بېجى ئۈچۈن كوپلەپ قوي ئالدى، نەنسەن رايونىدا شەرقتىن فۇكاڭغىچە، غەربتىن ماناسقىچە بولغان جايلاردا ئوتلاق جاي ئايرىپ، بىر تەرەپتىن چارۋىچىلارغا يار - يولەك بولۇپ، ئەسلىدىكى ھالەتنى پەيدىن - پەي ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەت باشقۇرغان چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇپ، ئۇنى يوقلىقتىن بارلىققا كەلتۈرۈپ، كىچىكلىكتىن چوڭايتىپ، ئاخىرىدا 6 باشقۇرۇش رايونىغا تەرەققى قىلدۇرۇپ، ھەر بىر باشقۇرۇش رايونىغا بىردىن باشقۇرغۇچى قويدى. ھەر بىر باشقۇرۇش رايونىدا قانچە قوتان (بىر قوتاندا 500 قوي بولىدۇ) قوي باشقۇرۇش، جايلاردىكى ئوتلاق ئەھۋالىغا قاراپ

بەلگىلەنگەچكە هوكۇمەت قويى 200 مىڭغا يېقىنلاشتى. شەرقى ئۆلانبايدا 1 - شوبە چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇلۇپ، ئىستىمال قىلىش ئۈچۈن، بىر بولۇك قوي بۇ يەرگە توپلاندى. شۇ چاغدا، ئۈرۈمچىنىڭ غەربى چوڭ دەرۋازىسى (داشىمېن) نىڭ سىرتىدا، ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ بويىدا قۇشخانا بار ئىدى. ھەر كۈنلىگى هوكۇمەت ياكى شەخسلەر سويىدىغان قويلار سائەت 8 دىن بۇرۇن مۇشۇ قۇشخانىغا كەلتۈرۈلەتتى. سودا شېركىتى بۇ ماللارنىڭ تېرىسىنى سېتىۋالاتتى، باج ئىدارى- سى قان بېجى ئالاتتى، ماللار سويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر قۇشخانىنى تازىلايتتى. قۇشخا- نىدا ھەر كۈنلىگى 500 چە قوي سويۇلاتتى، شەخسلەر بىلەن ئاشپۇزۇللار سويغان قويلارنىڭ سانى كوپ بولمايتتى. مۇبادا شۇ كۈنى شەخسلەر قويىنى ئازراق سويسا، ئەتىسى هوكۇمەت باشقۇرغان چارۋىچىلىق فېرمىسى ئەھۋالغا قاراپ كوپرەك قوي ھەيدەپ كېلىپ سوياتتى. ئەكسىچە شەخسلەر بىلەن ئاشپۇزۇللار كوپرەك قوي سويسا، هوكۇمەت باشقۇرغان قوي فېرمىسى قويىنى ئازراق سوياتتى - دە شۇ ئارقىلىق بازارنى گوش بىلەن تەمىن- لەش نورماللاشتۇرۇلاتتى.

هوكۇمەت باشقۇرغان چارۋىچىلىق فېرمىسى دەسلەپكى قۇرۇلغان چاغلاردا، ئىشلىتىلگەن چارۋىچىلارنىڭ نىيىتى ئوخ- شاش خالىس ئەمەس ئىدى، ئايرىم نىيىتى بۇزۇق چارۋىچىلار چوڭ مالنى كىچىك مالغا، ئورۇق مالنى سېمىز مالغا ئالماش- تۇرۇۋالاتتى، ھەتتا بورە يەپ كەتتى، دەپ ئۆزى يەۋالاتتى ياكى سېتىۋېتەتتى. يولداش ماۋزېمىن بۇنداق ئەھۋالغا قارىتا، ۋاق- تىدىلا هوكۇمەت باشقۇرغان چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ كېڭەي-



تىلگەن يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا، ياخشى نەتىجە قازانغان، يازدا نەپسانىيەتچىلىك قىلمىغانلارنى مۇكاپات بۇيۇملىرى ۋە تەق- دىرنامە تارقىتىپ مۇكاپاتلىدى ھەم ئۇلارغا زىياپەت بەردى. خىيانەت قىلىپ قانۇنغا بويسۇنمىغان چارۋىچىلارنى يولداش ماۋزېمىن ئۆزى بىۋاستە قوبۇل قىلىپ مۇڭدىشىپ، ئىدىيىۋى تەربىيە بەردى، شۇنىڭ بىلەن خىيانەت قىلغان، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بەزى چارۋىچىلار تەربىيە ئارقىلىق، كوز يېشى قىلىپ گۇنايىغا توۋە قىلدى، گۇنايىغا تۆۋە قىلغانلار زىياپەتكە قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلىنىپ، شۇ ئاندىلا كونا خامان سورۇل- مايدىغانلىقى، يەنە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ خىيانەت قىلغانلار بولسا، قانۇن بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقى جاكا- لاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇنداق چارۋىچىلار قانۇنغا رىئايە قىلىپ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئوبدان ئورۇنلىدى. يولداش ماۋزېمىن 1941 - يىلى كۈزدە خەلق ئىشلىرى نازارىتىغا يوتكىلىپ كەت- تى، هوكۇمەت باشقۇرغان چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ باشلىقى نامويىڭ ئات مىنىشكە كامىل بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قويلار- نىڭ قىشلىق قوتانلارغا كىرگۈزۈلۈشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق ئىشلىرىنى ئوبدان ئىشلىمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، 2 - يىلى ھاۋا كىلىماتى نورمال بولماي، باھار بالدۇر كېلىپ، چار- ۋىچىلار مۇددەتتىن بۇرۇن يازلىق ئوتلاققا كوچۈرۈلۈپ كەتتى، نەتىجىدە ئۇشتۇمتۇت سوغۇق ھاۋا ئېقىمى كىرىپ بوران ئارد- لاش قار يېغىپ كېتىپ، قويلار قوتان - قوتان بويىچە توڭلاپ ئولۇپ كېتىپ غايەت زور چىقىم بولدى. مالىيە نازارىتىنىڭ شۇ چاغدىكى نازىرى ساڭ گو فېڭ بۇ ھەقتە فېرما باشلىقى نامو-

يىگىتنى سوراق قىلغاندا، ناموينىڭ كەيپچىلىكتە ساك گوفېڭ
بىلەن تاكاللىشىپ قېلىپ سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويدى. شۇ
نىڭدىن كېيىن ساك گوفېڭ پىچاقتا يارىغىدەك قويلارنى سويۇ
بازارنى تەمىنلىدى، بەك ئورۇق ماللارنى ئەرزان باھا
ئەتراپتىكى چارۋىچىلارغا سېتىۋەتتى ـ دە، ھۆكۈمەت باشقۇرغا
چارۋىچىلىق فېرمىسىنى قىرقىپ تاشلاپ، ئۇنىڭدىكى خىزمەتچ
خادىملارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى.

## 10. قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىش

پۇل تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، مال باھا
مۇقىملىشىپ، خەلق تۇرمۇش جەھەتتە پەيدىن ـ پەي خاتىرج
بولدى. يولداش ماۋزېمىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يەنى
راۋاجلاندۇرۇپ، باج مەنبەلىرىنى كۆپەيتىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇ
ئۈچۈن قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىشنى، زايومنىڭ دەسمايىس
بىلەن ئۇسۇمىنى 10 يىلدا قايتۇرۇپ بولۇشنى پىلانلاي
شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى 4 مىليون ئاھالىسى بويىچە ھېساپلا
4 مىليون يۈەنلىك قۇرۇلۇش زايومى تارقاتماقچى بولغا
بولسىمۇ، ئۇ چاغدا بازار ئاۋاتلاشقان، مال باھاسى مۇقىملاش
قانلىقتىن پىلاننى 5 مىليون يۈەنلىك زايوم تارقىتىشقا ئۆزگەرتى
بۇ خىزمەت پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا ئېلىپ بېرىلغاچق
قابىل كادىرلار ئاجىز ھالقىلارغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتىلگەچك
شۇڭلاشقىلا ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى مەسئۇل رەھبەرل
بۇ خىزمەتكە ئەھمىيەت بەرگەچكە، قۇرۇلۇش زايومى تارقىتى
نورمىدىن ئاشۇرۇلۇپ، 5 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئورۇنلاندى



زايوم تارقاتقاندا، ھەر مىللەت خەلقى يولداش ماۋزېمىنـ
شۇنىڭ مالىيە خىزمىتىنى باشقۇرۇشى ئارقىسىدا، مالىيە ئىشلىرى
ئىشەنچلىك ۋە كاپالەتكە ئىگە بولدى، دەپ قاراپ، ناھايىتى
قىزغىنلىق بىلەن زايوم سېتىۋالدى. مەسىلەن، ماباۋلياڭ دەپ
ئاتىلىدىغان بىر ئاپتوموبىل سودىگىرى سوۋېتتە ياسالغان
بىر گاز ماشىنىنى 3500 يۈەنگە سۇندۇرۇپ، بۇ پۇلغا زايوم
سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلغاندا، يولداش ماۋزېمىن ئۆزى ئۇ-
نىڭغا: "ھۆكۈمەت زايومنى نەق پۇلغا سېتىشنى قارار قىلغان.
ئەڭ ياخشىسى ئاپتوموبىلنى ئۆزىڭىز سېتىۋېتىپ، پۇلىغا زايوم
سېتىۋېلىڭ" دەپ چۈشەنچە بەرگەن ھەمدە ئۇنى مۇكاپات-
لىغان. نەتىجىدە ماباۋلياڭ ئاپتوموبىلنى سېتىۋېتىپ پۇلىغا
نۇرغۇن زايوم سېتىۋالدى.

زايوم تارقىتىلىشتىن بۇرۇن، كىشىلەر ئىلى ۋىلايىتى
بىرقەدەر باي ھەم شىمالىي شىنجاڭ بويىچە زايوم سېتىۋېلىش-
تا 1 ـ ئورۇندا تۇرۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغان ئىدى.
لېكىن يولداش ماۋزېمىن جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاھالە كۆپ،
ئادەم مۇھىم ئامىل، مەسىلەن، قەشقەردىن ئالغاندا، خەلق
ئاممىسى ھەركەتكە كەلتۈرۈلسە، قەشقەر 1 ـ ئورۇندا بولۇشى
مۇمكىن، دەپ قارىدى ھەمدە يولداش ماۋزېمىن گەۋدىلىك
ھالدا مۇنداق كۆرسەتتى: بىز زايوم تارقىتىپ پۇل توپلاپلا
قالماستىن، مۇھىمى زايوم تارقىتىش ئارقىلىق ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ دۆلەت ۋە يەرلىك قۇرۇلۇشقا بولغان قىزغىنلىقىنى
ئىلگىرى سۈرۈشىمىز ۋە بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلىشىمىز
كېرەك، شۇڭلاشقا بىز باي ئائىلىلەرنىڭ كۆپلەپ زايوم سېتىـ
ۋېلىشىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ قالماستىن، بەلكى ئادەتتىكى

پۇخرالاردىن كوپلىگەن ئائىلىلەرنىڭ ئاز مىقداردا زايوم سېتىۋ
لىشىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. بۇ ھەم سىياس
ئەھمىيەتكە، ھەم ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ئىگە. زايوم تارقىتى
لىپ بولغاندا، راست دىگەندەك قەشقەر 1 ـ ئورۇندا، ئىل
بولسا 2 ـ ئورۇندا تۇردى. بۇمۇ يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئامم
ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ۋە سىياسىي جەھەتتە يىراقنى كو
رىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

زايوم تارقىتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئوڭۇشلۇق بولدى
ئومۇمى يېتەكچىلىك جەھەتتە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ رەھبەرلى
قىلىشىغا تايانغان ئىدى. بەزى كونكرېت ئىشلارنى مە
بېجىردىم. نامدا بۇ ئىشقا مالىيە ھەيئىتى رىياسەتچىلى
قىلدى دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمىلى خىزمەتلەرنى
ئىككىمىز ئۈستىمىزگە ئالغان ئىدۇق. گەرچە مالىيە نازارىتىدىك
بەزى بولۇم باشلىقلىرى ئاجرىتىلىپ بۇ ئىشقا ياردەملەشتۈرۈلگە
بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق خىزمىتى بولغاچقا
كونكرېت خىزمەت داۋامىدا ئۇلارنىڭ ھىچقانچە پايدىسى تەگمىدى
مەسىلەن، ھوكۇمەت مۇلۇكلىرىنى باشقۇرۇش بولۇمىنىڭ باشلى
پېي شىجيۇ (چىتەيلىك) ئەسلىدە چىتەيدە مەكتەپ مۇدىر
بولغان چاغلاردا، ئۇ يەردە ئىناۋىتى يۇقۇرى ئىدى، شۇڭا
چىتەيدە زايوم تارقىتىشقا مەسئول بولۇشقا ئەۋەتىلدى، ھەم
ئۇ شىڭ شىسەينىڭ ”12 ـ ئاپرېل“ يىغىنىدا بۇ ھەقتە تەشۋ
قىلماقچى ئىدى . لېكىن ئۇ چىتەيگە كېتىۋېتىپ، كېچى
قاتتىق بوراندا قېلىپ، ماشىنا ھادىسىسى بىلەن ئولدى.
چاغدىكى قۇرۇلۇش ھەيئىتى جىيەنچۇەنزى جىلغىسىدا ئۇنىڭ
ئاتاپ پىششىق كىسەكتىن بىر قەۋرە تۇرغۇزۇپ، ماتەم مۇرا



سىمى ئاچتى. ئۇنىڭ قەۋرىسى ھېلىمۇ بار. پېي شىجيۇ ھوكۇمەت
ئىشى بىلەن يول ئۈستىدە ئولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن چىتەي
تەرەپتە زايوم تارقىتىش ۋەزىپىسى دىگەندەك ئورۇنلانمىدى.
بۇ ئىشمۇ يولداش ماۋزېدۇڭنى ئەپسۇسلاندۇرغان ئىدى.

قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىش ۋەزىپىسى ئوڭۇشلۇق
ھالدا نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنلانغان بولسىمۇ، لېكىن،
شىڭ شىسەينىڭ دىكتاتۇرلىقى ئاستىدا يولداش ماۋزېدۇڭ
خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا يوتكۇلۇپ مالىيە
جەھەتتىكى پىكىرلىرىدە چىڭ تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغاچقا،
زايوم تارقىتىشتىن توپلانغان كىرىم تۆۋەندىكى ئىشلارغا
ئىشلىتىلدى : 1 ـ ئالتاي، كوكتوقاي تەرەپلەردىكى ئوسمان
نىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇش چىقىمىغا؛ 2 ـ شۇ چاغدا سوۋېت
ئىتتىپاقى ئېلىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى
ئۈچۈن ياردەم بەرگەن ماددى ئەشيالارنىڭ كىراسىنى تولەشكە
ئىشلىتىلدى . (شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى بەرگەن ماددى
ئەشيالار قورغاستىن كىرگۈزۈلۈپ، قۇمۇل ئارقىلىق يەنئەنگە
يەتكۈزۈلۈپ 8 ـ ئارمىيەنىڭ ئىشلىتىشىگە ئوتكۈزۈپ بېرىلەتتى،
بۇ ماددى ئەشيالارنى قوغداپ توشۇش، توشۇغۇچىلارنى كۈتۈ
ۋېلىشقا كەتكەن چىقىملارغا جياڭ جيېشى ھوكۇمىتى ئىگە بول
مايتتى، يەنئەن تەرەپ ئىگە بولاي دىسە قۇدرىتى يەتمەيتتى،
شۇڭا بۇ خىراجەتنى شىنجاڭنىڭ ئوزى چىقىم قىلىشقا مەجبۇر
بولغاندا شىڭ شىسەي بۇ چىقىمنى زايوم كىرىمىدىن چىقىم
قىلىشقا يوليۇرۇق بەرگەن ئىدى)؛ 3 ـ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
نەنجىڭ ھوكۇمىتىگە بەرگەن ياردىمى ئۈچۈن تولىنىدىغان
پۇلنىڭ قىممىتى تۆۋەنلەپ كېتىشتىن كورۈلگەن زىياننى

تولەشكە ئىشلىتىلدى. چۈنكى شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى نەنجىڭ ھوكۇمىتىگە ياردەم بەرگەن ماددى ئەشيالارنىڭ ھەممىسىگە پۇل تولەپ تولدۇرىلاتتى. شىنجاڭدا ئەسلىدە كونا پۇل خەجلىنەتتى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن كېيىن فرانسىيە پۇلى خەجلىنىشكە باشلىدى، فرانسىيە پۇلىنىڭ قىممىتى شىنجاڭنىڭ كونا پۇلىنىڭ قىممىتىدىن يۇقۇرى ئىدى، لېكىن، شىنجاڭدا يېڭى پۇل تارقىتىلغاندىن كېيىن يېڭى پۇلنىڭ قىممىتى فرانسىيە پۇلىنىڭ قىممىتىدىن يۇقۇرى بولدى فرانسىيە پۇلىنىڭ كۇرسى ئۇچقاندەك چۈشۈپ كەتتى. شۇڭا شىنجاڭ جياڭ جيېشىگە ياردەم بېرىلگەن ماددى ئەشيالارنى توشۇش خىراجىتىنى ئالدى بىلەن شىنجاڭنىڭ يېڭى پۇلى بىلەن تولەپ تۇراتتى، نەنجىڭدىن ئەۋەتىپ بېرىلگەن فرانسىيە پۇلى شىنجاڭغا يېتىپ كەلگىچە ئۇزۇن ۋاقىت ئوتۇپ كېتىپ پۇل يېتىپ كەلگەندە، ئەسلىدىكى فرانسىيە پۇلىنىڭ قىممىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى يېڭى پۇلىنىڭ قىممىتى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور پەرق بولاتتى. فرانسىيە پۇلىغا ئىچكىرىدىن مال ئېلىپ، شىنجاڭغا توشۇپ كەلگەندىمۇ ناھايىتى زور زىيان بولاتتى. شىڭ شىسەي يۇقۇرىدا ئېيتىلغان كام پۇلنى قۇرۇلۇش زايومى پۇلىدىن چىقىم قىلىشقا مەجبۇر بولدى؛ 4 - شۇ چاغدا جياڭ جيېشى شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق خوشنا دولەتلەر بىلەن ئىناق ئوتۇش قاتارلىق بەلگىلىمىلەرنى ئوز ئىچىگە ئالغان 6 سىياسەتنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىر قەدەر ياخشى بىر تەرەپ قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دولەتنىڭ بېشىغا كۈن كەلدى دېگەننى بانا قىلىپ قايتا - قايتا تېلې-



گىراما ئەۋەتىپ، شىڭ شىسەيدىن ئامال قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر قىسىم بېنزىن ياكى ئايروپىلان يېغى سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. شىڭ شىسەي ماقۇل كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بۇ ماللارنى سېتىۋالماقچى بولغاندا، سوۋېت تەرەپ يەرلىك مال تولەڭلار دەپ تۇرىۋالدى، شۇ چاغدا شىنجاڭدا يەرلىك مال جايلاردىن نەخ پۇلغا سېتىۋېلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ماي پۇلىغا ھېساپلاپ ئوتكۈزۈلەتتى، نەنجىڭدىن ئەۋەتىپ بېرىلگەن فرانسىيە پۇلى يېتىپ كەلگەندە، ۋاقىت ئوتۇپ كېتىش ۋە كۇرسىسى توۋەنلەپ كېتىش سەۋەبىدىن، شىنجاڭ ناھايىتى نۇرغۇن زىيان تارتتى، بۇنداق چىقىم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى كىرىمىدىن چىقىم قىلىندى.

گەرچە يولداش ماۋ زېمىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە شىنجاڭدا 5 مىليون 500 يۈەنلىك زايوم پۇلى توپلانغان بولسىمۇ، لېكىن، يۇقۇرىقىدەك ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن، شۇنچىۋالا كوپ پۇلنىڭ كوپ قىسمى غەيرى قۇرۇلۇش چىقىملىرىغا ئىشلىتىلدى، ئازغىنە قىسمىلا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلدى. يولداش ماۋ زېمىننىڭ ئۇمىدى يەردە قالدى، ماۋ زېمىن بۇ ئىش ئۈچۈن ئۇ دۇنيادىمۇ غەزەپلىنىپ ياتقان بولۇشى مۇمكىن.

## 11. فرانسىيە پۇلىنى ئىشلىتىشنى رەت قىلىش

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا بەرگەن ماددى ئەشيالار قورغاستىن كىرگۈزۈلۈپ، قۇمۇل ئارقىلىق ئىچكىرىگە ئاپىرىپ بېرىلەتتى، خەلقارا تىرانسپورت كىراسىنى شىنجاڭ تولەيتتى، ئاندىن نەنجىڭ

ھوكۇمىتى بۇ چىقىم ئۈچۈن قەرەلگە بولۇپ فرانسىيە پۇلى ئەۋەتىپ بېرەتتى. دەسلەپكى چاغلاردا، شىنجاڭدا كونا پۇل (سەرنى بىرلىك قىلغان) خەجلىنەتتى. پۇلنىڭ قىممىتى جەھەتتە فرانسىيە پۇلىنىڭ قىممىتى يۇقۇرىراق ئىدى. لېكىن كونا پۇل دوللارنى بىرلىك قىلغان يېڭى پۇلغا ئالماشتۇرۇلغاندىن كېيىن (يېڭى بىر دوللار 2 مىڭ سەرلىك كونا پۇلغا تېگىشىلەتتى)، يېڭى پۇلنىڭ قىممىتى فرانسىيە پۇلىنىڭ قىممىتىدىن كوپ يۇقۇرىلاپ كەتتى، بولۇپمۇ فرانسىيە پۇلى ھەدەپ تارقىتىلىۋەرگەچكە، بۇ پۇلنىڭ قىممىتى كۈندە تۆۋەنلەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن فرانسىيە پۇلى شىنجاڭدا خەجلەنمەيتتى، شۇڭا، بۇ پۇلغا شىئەن، لەنجۇ قاتارلىق جايلاردىن مال ئېلىپ شىنجاڭغا توشۇپ كېلىنەتتى، مۇنداق قىلغاندا، گەنسۇ، شەنشى ئۆلكىلىرى مال باھاسىغا تەسىر يەتكۈزدى دەپ پۇلنىڭ ئورنىغا مال توشۇشنى چەكلەش توغرىسىدا جياڭ جيېشىغا تېلېگىرامما يوللىدى. ئۇنىڭدىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ئاۋىئاتسىيە خادىملىرىنى تەربىيىلەپ بېرىش ئۈچۈن ئىلىدا ئاۋىئاتسىيە خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش مەكتىۋى قۇرغان ئىدى. ئىچكىرىدىن كوپلىگەن ئاۋىئاتسىيە خادىملىرى شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا مال كوپ، باھاسى ئەرزان ئىكەنلىگىنى، ئىچكىرىگە ئاپىرىپ ساتسا پايدا ئالغىلى بولىدىغانلىغىنى ھەم شىنجاڭدا فرانسىيە پۇلى خەجلەنمەيدىغانلىغىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىچكىرىدىن ئامېرىكا تاماكىسى ئەكېلىپ، مالغا ئالماشتۇرۇپ نۇرغۇن پايدا ئالغىلى تۇردى. شىنجاڭ دائىرىلىرى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، تاماكىدىن



ئېلىنىدىغان باجنى كوپەيتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭغا يېڭىدىن كەلگەن ياكى ئىچكىرىگە قايتىدىغان ئاۋىئاتسىيە خادىملىرىنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدە قانچىلىك يېڭى پۇل خەجلەيدىغانلىغى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقاردى.

بەلگىلەنگەن نورما ئىچىدە بىر دوللار فرانسىيە پۇلىغا بىر دوللار يېڭى پۇل تېگىشىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئوشۇق پۇلنى تېگىشىپ بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاۋىئاتسىيە خادىملىرىنىڭ مال ئېلىشى چەكلەندى. بۇ ئاۋىئاتسىيە خادىملىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىغىنى قوزغىدى. ئۇلار نەنجىڭغا بېرىپ، قانداقتۇ: شىنجاڭ جۇڭگونىڭ زېمىنى تۇرۇپ نىمە ئۈچۈن دولەت پۇلى بولغان فرانسىيە پۇلىنى ئىشلەتمەيدۇ، بۇ پۇل پۈتۈن جۇڭگودا ئېقىۋاتسا، نىمە ئۈچۈن شىنجاڭدا ئاقمايدۇ، شىنجاڭ نىمە ئۈچۈن مۇستەقىل بولىۋالىدۇ؟ دەپ پىتنە چىقاردى. شۇڭا جياڭ جيېشى: شىنجاڭ جۇڭگونىڭ زېمىنى، شىنجاڭ ئومۇمىلىققا ئېتىۋار بېرىپ فرانسىيە پۇلى خەجلىشى لازىم ھەمدە فرانسىيە پۇلى خەجلەش ۋاقتىنى مەركەزگە تېلېگىرامما ئارقىلىق خەۋەر قىلىش لازىم، دېگەن مەزمۇندا تېلېگىرامما ئەۋەتتى. شىڭ شىسەي بۇ تېلېگىراممىنى ماۋزېمىن بىلەن ساڭ گۇفېڭ ئىككى يولداشقا بېرىپ، كېڭىشىپ بېقىڭلار دېدى، ساڭ گۇفېڭ ماۋزېمىنغا: "بۇ ئويۇننى قانداق ئوينايمىز؟ مەندە قىلچە ئامال يوق، مەن يازاي، سىز دەڭ" دېدى. يولداش ماۋزېمىن ئويلىنىپ مۇنداق دېدى: "(1) شىنجاڭ كوپ مىللەتلىك رايون، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇچە خەتنى بىلمەيدۇ، بولۇپمۇ دېخانلار ۋە چەت جايلاردىكى چارۋىچىلار خەنزۇچە خەتنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ، شۇڭا شىنجاڭنىڭ يېڭى پۇلى ئۈستىگە ئۇيغۇرچە، موڭغۇلچە يېزىق-

لار بېسىلغان، فرانسىيە پۇلىغا خەنزۇچە خەت بېسىلغان،
پۇلنىڭ خىلىلىرىمۇ كوپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇنى ئاسان
پەرق ئېتەلمەيدۇ، بەزى يامان كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىپ بۇنىڭدىن
پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن ساقلىنىش تەس، مۇنداق بولغاندا،
خەلق زىيان تارتىپلا قالماستىن، بازارلارمۇ ئاسانلا قالايمى-
قانلىشىدۇ. شۇنىڭدەك، جاھانگىرلار يالغاندىن فرانسىيە پۇلى
ياساپ، راست بىلەن يالغاننى ئارىلاشتۇرىۋەتسە، بۇنىڭدىن
پەيدا بولىدىغان بالايى-ئاپەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.
(2) ھازىرقى ئەھۋالدا شىنجاڭ پۇلىنىڭ قىممىتى خېلى مۇقىم،
ھالبۇكى فرانسىيە پۇلىنىڭ كۇرسى ھەدەپ چۈشۈپ كېتى-
ۋاتىدۇ، ئەگەر شىنجاڭدا فرانسىيە پۇلى خەجلەنسە، شىنجاڭ پۇلىمۇ
ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ياكى كۇرسى چۈشۈپ كېتىدۇ،
ھەتتا شۇ نىسبەت بويىچە ھىساپلانسا، شىنجاڭنىڭ مالىيە،
پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى ناھايىتى زور قىيىنچىلىققا دۇچ كې-
لىدۇ. بۇنداق ئەھۋال مەركەزگە پايدىسىز، شىنجاڭنىڭ ئىشلەپ-
چىقىرىشىغا پايدىسىز، يەنە كېلىپ مەلۇم ئەھۋال ئاستىدا،
شىنجاڭنىڭ يېڭى پۇلىغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مال سېتىۋال-
غىلى بولىدۇ، مۇبادا، فرانسىيە پۇلى خەجلەنسە بۇنداق شەرت-
شارائىت قولدىن كېتىدۇ. (3) شىنجاڭ ترانسپورت ھەققى
ئۈچۈن تولىگەن پۇل ۋە مەركەزگە ۋاكالىتەن بىر قانچە قې-
تىم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالغان بىنزىن ۋە ئايروپىلان يې-
غى ئۈچۈن تولىگەن چىقىم ئىچىدە يەرلىك ماللار ئارقىلىق
تولىگەنلىرىمۇ، يېڭى پۇل ئارقىلىق تولىگەنلىرىمۇ بار، لېكىن
مەركەز بۇ پۇل ئۈچۈن ھەممىسىگە فرانسىيە پۇلى بەردى،
گەرچە بۇ ئىككى خىل پۇلنىڭ قىممىتىدە پەرق بولسىمۇ،



شىنجاڭ ئومۇملىققا ئېتىۋار بېرىپ، قىيىنچىلىققا چىداپ زى-
ياننى ئۈستىگە ئېلىپ كەلدى. شىنجاڭدا ئاران 4 مىليون
ئاھالە بار، مۇبادا پۇل قىممىتىدە تېخىمۇ زور بېسىمغا ئۇچ-
رىسا، ئۇنىڭغا زادى چىداشلىق بېرەلمەيدۇ. (4) مۇندىن كې-
يىن شىنجاڭدا يەنىلا يېڭى پۇل ئىشلىتىلىسىمۇ ياكى فرانسىيە پۇلى
خەجلەشكە ئۆزگەرتىلىسىمۇ، پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش
ياكى پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشتا مەسىلە يۈز بېرىدۇ.
فرانسىيە پۇلىنىڭ قىممىتى كۈنسايىن تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقان
ئەھۋال ئاستىدا، ئەگەر فرانسىيە پۇلى خەجلەنسە، پۈتۈن شىن-
جاڭنىڭ كىرىم-چىقىم خامچوتىدا مۇقەررەر يوسۇندا قىزىل رە-
قەم پەيدا بولىدۇ، بۇنى مەركەز تولۇقلاپ بېرەمدۇ-قانداق؟
يۇقۇرقىلارغا ئاساسەن بىزنىڭ پىكرىمىز مۇنداق: ۋاقتىنچە
ھازىرقى ھالەتنى ساقلاپ قېلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قار-
شى ئۇرۇش غەلىبە قازىنىپ، پۇلنىڭ قىممىتى مۇقىملاشقاندىن
كېيىن، ئاندىن بىر تۇتاش ھەل قىلىش لازىم". ساڭ گوفېڭ
يۇقۇرقى مەزمۇنلار بويىچە تېلېگىراممىا كوپىيىسى تۈزۈپ ئۆزى
دۇبەن مەھكىمىسىگە ئاپىرىپ بەردى، شىڭ شىسەي ئۇنى كو-
رۇپ قوشۇلغاندىن كېيىن، نەنجىڭ ھوكۇمىتىگە يوللاپ، شىن-
جاڭدا ۋاقتىنچە يېڭى پۇل خەجلەپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.
يولداش ماۋزېمىن پۈتۈن ئولكىنىڭ مالىيە، ئىقتىسات، پۇل
مۇئامىلە ئىشلىرى قاتارلىق ھەر قايسى جەھەتلەردە ئومۇمى-
لىققا ئېتىۋار بېرىپ، ئەتراپلىق ئويلىنىپ پىلان تۈزگەنلىگى،
پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش روھى كۈچلۈك بولغانلىغى ئۈچۈن،
گومىنداڭ شىنجاڭغا كىرىشتىن بۇرۇن، شىنجاڭ ئولكىسىنىڭ
مالىيىسىدە ئانچە جىق قىزىل رەقەم كورۈلمىدى، پۇل مۇئامىلىسى-

دە ۋە پۇلىنىڭ قىممىتىدە قالايمىقانچىلىق كورۇلمىدى، خەلق تۇرمۇشى مۇقىم بولدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى يولداش ماۋ زېمىننىڭ دولەتكە، خەلققە مەسئۇل بولۇش روھىغا مەنسۇپ.

## 12. شەھەر قۇرۇلۇشى ھەيئىتى تەسىس قىلىنىشنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە

مالىيە نازارىتىنىڭ بۇرۇنقى نازىرى چېن دېلىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنگولۇ كوچىسىدا بىر قورا جايى بولۇپ، چېن دېلى شىڭ شىسەيگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، بۇ جايىنى شىڭ شىسەينىڭ قېيناتىسى چيۇ زۇڭجۇنگە بېرىۋەتكەن ئىدى. بۇ جاينىڭ ئارقىسىدا بىر پارچە بوش يەر ۋە بىر قىسىم دەل-دەرەخ بار ئىدى. چيۇ زۇڭجۇن ھېلىقى بوش يەرگە گۈل تېرىتقۇزدى. ياز كۈنلىرى كەچقۇرۇندا كوپلىگەن ئەر-ئاياللار بۇ يەرگە كېلىپ تاماشا قىلاتتى. چيۇ زۇڭجۇننىڭ قوسىقىغا جىن كىرىپ، قۇرۇلۇش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ چىشۇننىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا: "سىز مالىيە نازارىتى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقسىڭىز، مالىيە نازارىتى بىر ئاز پۇل ئاجراتسا، خەقلەرنىڭ تاماشا قىلىشى ئۈچۈن، بىر قىسىم ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ بىر باغچا ياسىساق" دېگەن. ئەمەلىيەتتە، ھېلىقى بوش يەر چيۇزۇڭجۇننىڭ ئىمارەت پاسىلى ئىچىدە بولۇپ، باغچا پۈتكەندىن كېيىن ئارقا ئىشىكنى ئېتىپلا شەخسى باغچىسى قىلىۋالماقچى بولغان ئىدى. يولداش ماۋزېمىن ئۇنىڭ بۇ ئويۇنىنى بىلىپ قېلىپ، ۋاڭ چىشۇنگە: "بۇ يەر بەك كىچىك، تەرەققىيات ئىستىقبالى يوق، بىز خەلققە تاماشا قىلدىغان جاي قۇرۇپ بېرەمىز دېسەك، شىگۇڭيۈەن (غەربى باغچا) نى كېڭەيتەيلى" دېدى. كېيىن ۋاڭ چىشۇن مالىيە تەپتىش ھەيئىتىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكەلدى، ئۇنىڭ ئىش بېجىرىدىغان جايىنىڭ كىچىكلىكىدىن بېشى قېتىپ تۇرغاندا چيۇزۇڭجۇن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋاڭ چىشۇنگە: "مەن قورو-جايىمنى سىلەرگە ئىشخانا قىلىشقا بەرسەم، سىلەر ئۇنىڭ ئورنىغا نۇرباققا ئۆي سېلىپ بەرسەڭلار، تېگىشسەك" دەيدۇ، ۋاڭ چىشۇن بۇ ئەھۋالنى يولداش ماۋزېمىنغا مەلۇم قىلغاندا، ماۋزېمىن: "ئەگەر چيۇزۇڭجۇن ئۆيىنى بەرمەكچى بولسا، ئۆيىنى باھاغا سۇندۇرۇپ سېتىۋالسا بولىدۇ، ئۇنىڭ پۇلىغا ئۆزى ئۆي سالسۇن. ئەگەر سىلەر ئۆي سېلىپ بېرىپ، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرىمىز دېسەڭلەر، ئومۇمنىڭكى بىلەن خۇسۇسنىڭكى ئارىلىشىپ كېتىدۇ، بۇنى ھېساۋاتقا كىرگۈزمەك تەس" دېدى.

چيۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ قۇرغان تۇزاقلىرىنىڭ كارغا كەلمىگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، شىڭ شىسەيگە ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى جايلارنى، يەنى ھازىرقى خۇاڭخې كوچىسى، چاڭجياڭ كوچىسى، چيەنتاڭجياڭ كوچىسى ۋە غەربىي شىمالى كوچا قاتارلىق جايلاردىكى بوش يەرلەرنى ئوچاستكىلارغا ئايرىپ، نومۇر سېلىپ، شەھەر ئاھالىسىغا سېتىپ بېرىش، ئۆزىمۇ بۇ يەرگە ئۆي سېلىش، بۇنىڭدىن كىرگەن كىرىمنى شەھەر قۇرۇلۇشى چىقىمىغا ئىشلىتىش توغرىسىدا بىر يازما تەكلىپ سۇنغان. شىڭ شىسەي بۇنىڭغا قوشۇلغاندىن كېيىن، مالىيە نازارىتىگە ئۇقتۇرۇش قىلدى، يولداش ماۋزېمىن بۇنىڭغا نىسبەتەن مۇنداق قاراشتا بولدى:

بىزنىڭ مالىيە نازارىتىمىزنىڭ فاكچىنى — بىرتۇتاش كىرىم قىلىپ، بىرتۇتاش چىقىم قىلىش، يۇقۇرقى يەرلەرنى ئۇچاستكىلارغا ئايرىپ، نومۇر سېلىپ، شەھەر ئاھالىسىغا سېتىپ بېرىشكە بولىدۇ. لېكىن يەر ساتقان پۇلنى بىر تۇتاش بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن مالىيە نازارىتىگە تاپشۇرۇش كېرەك. شەھەر قۇرۇلۇشىنى قانداق ئېلىپ بېرىشقا كەلسەك، ئۇ ھەقتە پىلان تۈزۈپ مالىيە - ئىقتىسات ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، مالىيە نازارىتى پىلاندىكى ئېھتىياجلىق پۇل سانى بويىچە پۇل ئاجرىتىپ بېرىشى لازىم. شىڭ شىسەي ماۋزېمىننىڭ بۇ پىكرىگە قوشۇلۇپ بۇرۇنقى يەر سېتىش توغرىسىدىكى تەستىقنى بىكار قىلدى. چيۇ قېرى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قاتتىق ئاچچىغلىنىپ، ماۋزېمىن مەن بىلەن قېرىشىۋاتىدۇ دەپ قاراپ جىق چىچاڭشىغان ئىدى. كېيىن شىڭ شىسەي ۋېي يافەننى شەھەر قۇرۇلۇشى ھەيئىتىنىڭ باش ئىنژېنېرى بولۇپ، پىلانلاش - لايىھىلەش ئېلىپ بېرىشقا، يولداش ماۋزېمىننى شەھەر مەمۇرى قۇرۇلۇشى ھەيئىتىنىڭ مۇدىر ھەيئەتلىكىگە، مالىيە نازارىتىنىڭ كۆزەتكۈچىسى ۋاڭ زۈڭچىننى كاتىپلىققا، سەي-ۋېنيىڭنى گەنسۇلىككە تەيىنلىدى. يولداش ماۋزېمىن ياشلاردىن 20 نەچچە نەپەر بالا قوبۇل قىلىپ، ئولچەش كۇرسى ئېچىپ، ئۇلارنى بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش، بىر تەرەپتىن ئەمىلىي پىراكتىكا قىلىپ لايىھىلەش ئېلىپ بېرىشقا ئۇيۇشتۇردى. ۋېي يافەن ئاساسلىق ئەسلىھەلەر، مەسىلەن، ئەسلىدىكى چوڭ كوۋرۇكتىن باشقا، يەنە ئوتتۇرا كوۋرۇك ۋە 3 - كوۋرۇكنى سېلىپ شەھەر رايونى بىلەن دەريانىڭ غەربىدىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى



قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش؛ بىرقانچە ئاساسلىق غوللۇق يوللارنى، مەسىلەن، خۇاڭخې كوچىسى، ياڭزىجياڭ كوچىسى چيەنتاڭجياڭ كوچىسى ۋە غەربىي شىمالىي كوچا قاتارلىق كوچا - يوللارنى ياساش؛ ئوتتۇرا كوۋرۇكتىن شەھەر رايونىغا كىرىش ئۈچۈن جۇڭسەن كوچىسىنى، 3 - كوۋرۇكتىن شەھەر رايونىغا كىرىش ئۈچۈن ئىتتىپاق يولىنى ياساش، شەھەر رايونىدا ئەسلىدە بار بولغان كوچىلار، مەسىلەن، ھازىرقى ئازاتلىق يولىنىڭ غەرپ تەرىپىدىكى خۇسۇسىي سودا دۇكانلىرىنى پەيدىن - پەي ئولچەمگە لايىقلاشتۇرۇپ، رەتلەش قىلىش، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن شەھەر رايونىدا قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش، يوللارنى رەتلەش قىلىش، شەھەر قىياپىتىنى رەتكە سېلىش، تەدرىجى ھالدا ئۈرۈمچى شەھىرىنى زامانىۋى پايتەخت شەھەرلىرى سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش توغرىسىدا بىر پىلان تۈزدى.

شۇ چاغدا ئولچەش (گېئولوگىيە) كۇرسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى نەخ مەيداندا ئولچەش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تېز ئالغا باستى، خىزمەتنىڭ ئۈنۈمى يۇقۇرى بولدى، ئۇلار كوچا - يوللارنى پىلانلىغاندىن تاشقىرى، يەنە بىر مۇنچىلىغان ئۆيلەرنى پىلانلاپ ھەر بىر ئۆينىڭ باھاسىنى بەلگىلەپ چىقتى، بۇ ئۆيلەرنى شەھەر ئاھالىسىغا سېتىپ كىرىمى دۆلەت غەزىنىسىگە تاپشۇرۇلدى. قىسقىسى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى پىلانىدا تا بۈگۈنگىچە قەدەر باش ئىنژېنېر ۋېي يافەننىڭ لايىھىسى ئاساس قىلىنىۋاتىدۇ. كېيىن شەھەر قۇرۇلۇشى ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا دۇڭ لياڭ تەيىنلىنىپ، خىزمەتلەرگە ياردەملەشتى. يولداش ماۋزېمىن بۇ ھەيئەتنىڭ مۇدىرلىقىدىن ئىستىپا بەردى، ئۇلكىلىك ھوكۇ-

مەت ۋاڭ لىشىنى مۇدىر ھەيئەتلىكىگە تەيىنلىدى. بىز
ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ بۇرۇنقى قالاق قىياپىتىنى ئەسلەپ،
ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلغاندىن
كېيىنكى چاغلاردىكى قىياپىتىگە نەزەر سالساق، ئىختىيارسىز
ھالدا يولداش ماۋزېدوڭنى قاتتىق سېغىنىمىز.

## 13. جاپا - مۇشەققەتلىك ۋە ئاددى - ساددىلىق بىلەن ئۆتكەن تۇرمۇش

يولداش ماۋزېدوڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، گەرچە
ئۆلكىلىك نازارەتلەرنىڭ نازىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان
بولسىمۇ، لېكىن شەخسى تۇرمۇش جەھەتتە ئاددى - ساددا
بولدى، ئىستىل جەھەتتە كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ، باشتىن
ئاخىر يۇكسەك دەرىجىدىكى پارتىيىۋىلىكنى ساقلاپ كەلدى.
تۆۋەندە ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىر قانچە ئۇشىشاق - چۈشەك
ئىشلىرىنى مىسالغا كەلتۈرىمىز، بۇنىڭدىن يولداش ماۋزېدو
نىڭ ئاددى - ساددا ۋە جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇش
كەچۈرىدىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ:

يولداش ماۋزېدوڭ يولداش چېن تەنچيۇ بىلەن تو
قىلغاندا، تويى مۇراسىمى شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ
غەربىي بىناسىدا ئۆتكۈزۈلدى. شىڭ شىسەي تويىنى تەبرىكلەپ
"يېڭى ئائىلە قۇرۇپ، يېڭى شىنجاڭ قۇرايلى" دېگەن بېغىش
لىما يېزىلغان بىر جۈپ تاۋار لىنتە تەقدىم قىلدى. شى
شىسەي تويى مۇراسىمىغا قاتناشمىغانلىقى ئۈچۈن، ۋاڭ باۋچيە
ئۇنىڭ نامىدىن سۆز قىلدى، تويى مۇراسىمى ناھايىتى ئادد



ئۆتكۈزۈلدى. لېكىن نۇرغۇن يولداشلار ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى
ماۋزېمىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تويىنى تەبرىكلىدى، ئۆي بەك تار
بولغانلىقتىن، مېھمانلار ئۆدۈللۈق كېلىپ ئۆدۈللۈق كېتىپ تۇردى،
پەقەت مېڭىيىمىڭ، ماۋ دۇن، جاڭ جۇڭشى،چېن تەنچيۇلار كەتمىدى،
تويى زىياپىتى بېرىلمىدى، پەقەت خۇڭچۇنيۈەن ئاشخانىسىدىن ئازراق
سەي سېتىۋېلىپ، مېھمانلارنى ئاددىيلا مېھمان قىلدى. يېڭى
ئۆي جاھازلىرىغا كەلسەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى يوت-
قان - كۆرپىلىرىنى ئىشلەتتى، يېڭى كىيىم - كېچەكمۇ سېتىۋال-
مىدى، ئۆي ئىچىدە شىرە، كىتاب جازىسى ۋە 4 دانە سوۋېت
ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن ئورۇندۇق، بىر دانە كارۋات قو-
يۇلغاندىن تاشقىرى باشقا جاھازلار يوق ئىدى. تويى مۇرا-
سىمى ئۆتكۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، جاڭ يۈەنفېڭ ماڭا: "مەن
ئۇلارغا تاماق ئېتىپ بېرىدىغانغا بىر ئادەم تېپىپ بېرەي
دېۋاتىمەن، ئۇلارنىڭ ئۆيى مالىيە نازارىتىگە بىر ئاز يىراق
بولغانلىقتىن ئىشخانىدىكى قارا خىزمەتچى جاڭ دېشىڭ بوۋاي-
نى ھەر كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئوت قالاش، كۆكتات
سېتىۋېلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشقا ئەۋەتەيمىكىن دەۋا-
تىمەن، سىزنىڭچە قانداق؟" دېدى. ئۇنىڭ پىكرى ماڭا بەك
ياقتى، چۈنكى ئۇلار ھەر كۈنى ناھايىتى جاپالىق ئىش-
لەيتتى، ھەتتا ئاخشاملىرى مەجلىسلەرگە قاتنىشىپ، ئۆي ئىش-
لىرىنى قىلىشقا يېتىشەلمەيتتى. بىز بۇ پىكرىمىزنى يولداش
ماۋزېمىنگە ئېيتتۇق، ئۇ: "ياق، بولمايدۇ، بىزنىڭ ھەر قايسى
نازارەتلىرىمىزنىڭ خامچوتىدا نازىرلارغا ئاشپەز ۋە ئائىلە
خىزمەتچىسى بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنمىگەن، بۈگۈنكى كۈندە،
بۇ ئىشنى مەن باشلاپ بەرسەم قانداق بولىدۇ." دېدى. بىز:

"ئاشپەز ئالمىسىڭىز مەيلى، لېكىن، ھەر كۈنى ئۇششاق-چۈششەك نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىشقا سىلەر يېتىشەلمەيسىلەر، ئۇرۇمچىدە كەچ بازار بولمىسا، ئىشتىن چۈشۈپ ئالىمىز دىسەڭلار، قەيەردىن ئالىسىلەر، جاڭ دېشىڭمۇ قوشۇلدى، ئۇ سىزنىڭ ئىشخانىڭىزنىڭ ئادىمى، ھېچقانچە چىقىم كەتمەيدۇ، بۇ نىمىشكە بولمايدىكەن؟" دىدۇق. ئاخىرى ئۇ مەجبۇرى ماقۇل بولدى. كېيىن ئۇ كېتىدىغان چېغىدا ئۆزىنىڭ بىر كەمچەت قۇلاقچىسىنى جاڭ دېشىڭغا ئىش ھەققى ۋە خاتىرە ئۈچۈن بەردى. مەن ئۇنىڭ مالىيە نازارىتىگە كېلىپ-كەتكىچە بولغان جەريانىدا بىرەر قۇرمۇ يېڭى كىيىم كەيگەنلىگىنى كۆرمىدىم، ئۇ دائىم بىر قۇرلا سارجا كاستۇم-بۇرۇلكا ۋە پەلتۇ كىيەتتى. ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، تاماقنى ئۆزلىرى ئېتەتتى، تاماقمۇ بەك ئاددى ئىدى.

يولداش ماۋزېمىن مالىيە نازارىتىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۈچەي كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ داۋالاندى. ئەمما كېسەل سەللىمازا ساقايمىغاچقا، گايىدا قوساق ئاغرىقى تۇتۇپ قالاتتى. شۇڭا شىڭ شىسەينىڭ قوشۇئۇشى ئارقىلىق شىمگوغا چىقىپ دەم ئالدى. ئۇلارغا بىر ئوچاق كېرەك بولۇپ قالغاندا، جاڭ يۈەنفېڭ مالىيە نازارىتىدىن چىقىم قىلىپ، بىر كىرسىن ئوچىقى ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. يولداش ماۋزېمىن ئۇنىڭغا ئۇنىماي: "مەن شەخسى دەم ئېلىۋاتسام، نىمە ئۈچۈن ھۆكۈمەت ماڭا ئوچاق ئېلىپ بېرىدىكەن؟" دەپ تۇرىۋالدى. نەتىجىدە مەن ئۆيۈمدىكى كىرسىن ئوچاقنى ئۇلارغا بەرگەن ئىدىم، ئۇ قوبۇل قىلدى.

بىر قېتىم، مالىيە نازارىتىنىڭ كاتىۋى جېڭ جېنشېڭ قۇمۇلغا خىزمەتكە بېرىپ، قايتىدىغان چاغدا ئايرۇپىلانغا ئولتۇرۇپ قايتىدۇ. ئۇ يولداش ماۋزېمىننىڭ كېسەللىگىنى بىلىپ ئاتايىن قۇمۇلدىن بىر چىلەك تىرىك بېلىق ئالغاچ كېلىپ، ئۇنىڭغا بېرىدۇ. يولداش ماۋزېمىن بۇ بېلىقنى ئالغاندىن كېيىن، بىزگە: "بۈگۈن سىلەر ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن شىمگوغا كېلىڭلار، مەن سىلەرگە بېلىق سەي قورۇپ بېرىمەن" دىدى. ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، بىز بىر نەچچىمىز باردۇق. بىز جەمى 7 كىشى بولۇپ، تاماقنى ھەممىمىز قول تەۋرىتىپ ئەتتۇق، بىرلا كىرسىن ئوچاق بولغاچقا تاماقنى بەك كەچ يەپ بولدۇق، دىمەك كۆپچىلىك ھەممىمىز بىر ۋاخ مەزە قىلىپ شەنيۇ بېلىقى يىدۇق. كىم بىلسۇن، ئەتىسى ئەتىگەندە شىڭ شىسەي يولداش ماۋزېمىننىڭ شىمگودا دەم ئېلىشىغا رۇخسەت قىلماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، دەرھال قايتىپ كېلىپ شەھەر ئىچىدىن مۇۋاپىق بىر جاي تېپىپ شۇ يەردە تۇرسۇن، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يولداش ماۋزېمىن شىمگودىن قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. يولداش ماۋزېمىننى ئوبدان ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن، چېن چيەن بىلەن ئىككىمىز شەھەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە چېپىپ يۈرۈپ ئۆي ئىزدىدۇق، پەقەت ليۇۋېنلۇڭنىڭ بېغى بىر قەدەر مۇۋاپىق بولسىمۇ، بىراق بۇ باغدا سۇ قىس ئىكەن ھەم بەك چەت بولغاچقا، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلغىلىمۇ بولمايتتى. يولداش ماۋزېمىن بىزنىڭ ئۆي تېپىشىمىزغا ئۇنىمىدى ھەمدە بىر تەرەپتىن ئۆيدە دەم ئېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلەۋېرىمەن دەپ تۇرىۋالدى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتمەيلا شىڭ شىسەي بۇيرۇق بىلەن يولداش ماۋزېمىننى مالىيە نازارىتىدىن يۆتكىۋەتتى. بۇنداق ئۇشتۇمتۇت ۋە سىرلىق ئەھۋال توغرىسىدا، مەن باشقىلاردىن ئىشپيونلار-

نىڭ بىزنى يولداش ماۋزېدۇڭ بىلەن شىمىگودا مەخپى مەج-
لىس ئاچتى، دەپ بەرگەن مەخپى ئاخباراتىغا ئاساسەن يۇ-
قۇرىدىكى قارارنى چىقارغانلىقىنى ئاڭلىدىم، بۇ، ئەمەلىيەتتە
شىڭ شىسەيىنىڭ ئىنقىلاپقا ئاسىيلىق قىلىشقا باشلىغانلىقىنىڭ
بىر خىل ئالامىتى ئىدى. ھازىرمۇ بىز ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى
ئىنقىلاۋىي قۇربانلار قەۋرىستانلىقىدىكى يولداش ماۋ زېمىن
كۆرگەزمەخانىسىدا مەن يولداش ماۋ زېمىنغا ئارىيەت بەرگەن
ھېلىقى كونا كىرسىن ئوچاقنى كورەلەيمىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە
دۇخاۋىدىن يۆپۆق يېپىلغان بولۇپ، بۇ كىشىلەرنىڭ ئىنقىلاۋىي
قۇربانىنى سېغىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەرنى
قەدىرلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 14. خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا يۆتكۈلۈش

يولداش ماۋ زېمىن خەلق ئىشلىرى نازارىتىغا يۆتكىۋې-
تىلگەندىن كېيىن، مەن يوقلاپ باردىم. ئۇ، ماڭا: "مەن خەلق ئىشلىرى
بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولدۇم، لېكىن، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ
ناھىيىلىرىدىكى خەلق ئىشلىرى ئەھۋالىنى بىلمەيمەن، سىزنىڭ
ئىككى قېتىم ھاكىم بولغانلىقىڭىز ھەم شىنجاڭلىق ئىكەنلىكىڭىز
ناھىيىلەرنىڭ خەلق ئىشلىرى ئەھۋالىنى بىلىدىغانلىقىڭىز ئېسىمگە
چۈشۈپ، ئەسلىدە سىزنى يۆتكەپ كېلىپ، خىزمەتلەرگە ياردەم-
لەشتۈرمەكچى ئىدىم. لېكىن ئاكىڭىز لىۋ دېمىن قولغا ئېلىنغان
چاغدا، سىزنىڭمۇ قولغا ئېلىنىپ كېتىش ئېھتىماللىقىڭىز بار
ئىدى. شۇڭا شىڭ دۇبەن مەندىن سىزنى سورىغان چاغدا، مەن



سىزگە كېپىل بولۇپ، سىزنى مالىيە نازارىتى ئائىلىلىكلەر قورو-
سىغا كوچۇرۇپ كېلىپ، سىزگە مەن بىۋاستە قارايدىغان بولغاچ-
قا بۇگۈنگىچە ئامان قالدىڭىز. بىز بىر قېتىم شەنيۇ بېلىقى
يەپ زىيان تارتتۇق، باشقىلار بىزدىن گۇمان قىلدى. شۇڭا
سىزنى خەلق ئىشلىرى نازارىتىگە يۆتكەپ كېلىشكە مۇمكىن
بولمىدى. ئەڭ ياخشىسى مۇندىن كېيىن مېنىڭ قېشىمغا ئاز
كېلىڭ ياكى كەلمەڭ. ساق گوفېڭ ياخشى ئادەم، سىز ئۇلارغا
ياردەملىشىپ، ئۇلار ئىشقا ئاشۇرۇپ كېتەلمىگەن تەدبىرلەرنى
ئىمكان قەدەر ئاخىرىغىچە ئىزچىللاشتۇرۇڭ. شىنجاڭنىڭ
ئىستىقبالى پارلاق، بىز شىنجاڭ خەلقىگە ئازدۇر-كۆپتۇر
ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ئۇستىگە سىز
شىنجاڭلىق" دىدى، شۇندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ نەسىھىتىگە ئاسا-
سەن، قايتا ئۇنى يوقلاپ بارمىدىم.

ئۇ خەلق ئىشلىرى نازارىتىگە بارغاندىن كېيىن، ئالدى
بىلەن ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى ئاساسىي قاتلام باشلىقلىرىنى،
مەسىلەن، رايون باشلىقلىرىنى خەلق سايلىمى ئارقىلىق سايلاپ
چىقتى. شۇ چاغلاردا خەلق ئىشلىرى نازارىتى سەھىيە تارماق-
لىرىنىمۇ باشقۇراتتى، سەھىيە خادىملىرى كەمچىل ئىدى.
ۋىلايەتلەردە دوختۇرخانا، بولغاندىن تاشقىرى ناھىيىلەر-
دىكى دوختۇرخانىلاردا داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى يوق دىيەرلىك
ئىدى. خەلقنىڭ ئاغرىق-سىلاقلىرىنى ئاساسەن شەخسى تىۋىپلار
داۋالايتتى، بەزى كىچىك ناھىيىلەردە ھەتتا تىۋىپ، ۋە دورى-
گەرلەرمۇ يوق ئىدى. يولداش ماۋ زېمىن داۋالاش، ساقلىقنى
ساقلاش خىزمىتىنى ياخشى يولغا قويۇش ئۈچۈن، ئالدى بى-
لەن تىببى خادىملارنى تەربىيىلەش كېرەك دەپ قاراپ، تىب-

بى خادىملارنى تېز تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچى شەھىرىدە قىسقا مۇددەتلىك تىببى كۇرس ئاچتى. بۇ كۇرسقا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن دوختۇر ليۇ دېجۇننى ئوقۇتـ قۇچىلىققا بەلگىلىدى. گەرچە يولداش ماۋ زېمىننىڭ خەلق ئىشلىرى نازارىتىدە ئىشلىگەن ۋاقتى ئۇزۇن بولمىسىمۇ، لېكىن، بۇ قىسقا مۇددەتلىك كۇرس يىلدىن ـ يىلغا كېڭەيتىلدى، تا بۈگۈنكى كۈندىمۇ شىنجاڭدىكى ھەر قايسى دوختۇرخانىلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان خادىملارنىڭ بىر مۇنچىلىرى شۇ چاغدىكى تىببى كۇرسنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدىكى، ئەنە شۇ كۇرسنىڭ ئېچىلىشى شىنجاڭنىڭ كېيىنكى چاغلار- دىكى تىببى ئىشلىرى ئۈچۈن ئوبدان ئاساس يارىتىپ بەرگەن ئىدى.

## 15. يولداش ماۋ زېمىننىڭ لى رۇڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

شىڭ شىسەي دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ تۇنجى رەئىسى ليۇۋېنلۇڭ ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن دەۋرىدە مائارىپ نازىرى ئىدى. لېكىن ئۇ بېيجىڭ، تيەنجىن، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەر لەردە ناھايىتى زور كولەمدە سودىگەرچىلىك قىلاتتى، كاپىتالى مۇ كوپ ئىدى، ئۇ ھەقىقەتەن پۇل تېپىشقا ماھىر تىجارەت ئەمەلدارى ئىدى، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى "تىجارەتچى نازىر" دەپ ئاتىشاتتى. كېيىن شىڭ شىسەي ئۇنى قاماققا ئېلىپ، بارلىق مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىۋالدى. شىنجاڭنىڭ 2 ـ رەئىسى جۇرۇيچىش جىن شۇرېننىڭ قۇدىسى ئىدى، ما جۇڭيىڭ قۇمۇل



تەرەپلەرنى ئىشغال قىلىۋالغاندا، جۇرۇيچىش قۇمۇلدا دىۋىزىيە قوماندانى ئىدى، شىڭ شىسەي ئالدىنقى سەپ باش قوماند- انلىقىغا تەيىنلەنگەندە، جۇرۇيچىش بىلەن ناھايىتى ئىناق دوست بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ليۇ ۋېنلۇڭنىڭ ئورنىغا رەئىس- لىككە تەيىنلىدى، لېكىن ئۇ، ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ ئۇزۇن ئوتمەيلا ئولدى. شۇڭا، شىڭ شىسەي ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى لى رۇڭنى شىنجاڭ ئولكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى.

لى رۇڭ باركوللۇق بولۇپ، ليۇشياۋ لى بىلەن ساۋاقداش ھەم بىر يۇرتلۇق ئىدى. لى رۇڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئوتمەيلا، خوتەندە سەرسان بولۇپ يۈرگەن ليۇ شياۋلىنى ئۈرۈم- چىگە يوتكەپ كېلىپ، شىنجاڭ ئولكىسىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلىدى. شۇ چاغلاردا يولداش ماۋ زېمىن لى رۇڭ بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ ئۇيان ـ بۇياننىڭ پاراڭنى سېلىشاتتى، ئاساسلىقى ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن دەۋرىدىكى خەلق تۇرمۇشى- غا بولغان كوز قاراشلىرىنى ئالماشتۇرۇشاتتى. لى رۇڭ بۇ ھەقتە بىلگەنلىرىنى ئەيپىقالماي، تەپسىلى سوزلەپ بېرەتتى. شۇڭا يولداش ماۋ زېمىن لى رۇڭنى شۇ چاغدىكى ئالى دەرىجە- لىك ئەمەلدارلارنىڭ بىر قەدەر ياخشىراقى دەپ ھىساپلاپ، ئۇنى كوڭلى تۈز ئادەم، دەپ ماختاپ قوياتتى، ئۇ باشقىلارغا: بەزىلەر لى رۇڭنى "سامان تاغىرى" دەيدۇ، بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، دىگەن ئىدى. لى رۇڭ: شىنجاڭنىڭ مالىيەسىنى بۇرۇن خۇشۇكاڭ باشقۇردى، ھازىر ماۋ زېمىن باشقۇرىۋاتىدۇ، ۋاھالەن- كى تەجرىبە ۋە بارلىق مالىيە تەدبىرلىرى جەھەتتە، ماۋ زېمىن يىراقنى كورىدۇ، مەسئۇل بولۇشقا جۈرئەت قىلالايدۇ، شۇڭا خۇشۇكاڭدىن ياخشى، دەپ ھىساپلايتتى. شۇڭا لى رۇڭ

باش كاتىپ ليۇ شياۋلىغا يولداش ماۋ زېدۇڭ قوللانغان
مالىيىگە ئائىت بارلىق چارە ۋە تەدبىرلەرنى زور كۈچ بىلەن
قوللاشنى ئېيتقان ھەمدە: "شىنجاڭدا يولداش ماۋ زېدۇڭدەك
مۇنداق بىر كىشىنىڭ مالىيىنى باشقۇرغانلىقى شىنجاڭ خەلقى-
نىڭ بەختى" دېگەن ئىدى. لى رۇڭ كېسەل سەۋەبى بىلەن
ۋاپات بولغاندا، يولداش ماۋ زېدۇڭ باشچىلىقىدا دەرھال
قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە مالىيە
نازارىتىدىكى يولداشلار بىرلا قورۇ ئىچىدە بولغاچقا، يىغىن
چاقىرىلغان چاغلاردا يولداش ماۋ زېدۇڭ ئۆزى بىۋاستە قاتناش-
قان ۋە پرىنسىپلارنى بەلگىلىگەندىن تاشقىرى ئالاقىدار
ئىشلارنى قىلىشقا دائىم مېنى ئەۋەتەتتى. شۇ چاغدا تەزىيە
زالى مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان: رەئىس لى رۇڭنىڭ تاۋۇتى
ئالدىدا، رەئىس ماۋزېدۇڭ بىلەن يولداش جۇدېنىڭ تەزىيە
بېغىشلىمىسى بار ئىدى، شىڭ شىسەينىڭ تەزىيە بېغىشلىمىسىمۇ
بار ئىدى، ئۇندىن قالسا، ھەر قايسى نازارەتلەر، ئىدارىلار،
8 - ئارمىيە ئىش باشقارمىسى ۋە ئالاقىدار تەشكىلاتلارنىڭ
تەزىيە بېغىشلىمىسى بار ئىدى. 7 كۈنلۈك پىلان بويىچە،
ھەر قايسى ئورۇنلارغا بەلگىلەنگەن كۈندە كوللېكتىپ ھالدا
تەزىيە بىلدۈرۈش توغرىسىدا ئايرىم - ئايرىم ئۇقتۇرۇش
چۈشۈرۈلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە
تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدىكىلەرمۇ كېلىپ تەزىيە بىلدۈردى.
بۇرۇن ياڭ زېڭشىنىڭ ماتەم مۇراسىمى شاڭدىياۋ بۇتخانىسىدا
40 كۈن ئېچىلغاچقا، لى رۇڭنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى
ياڭ زېڭشىنغا ماتەم تۇتۇش قائىدىسى بويىچە، ھېچ بولمىغان-
دا 3 ھەپتە، يەنى 21 كۈن ماتەم تۇتۇش كېرەك دەپ چىڭ



تۇرۇۋالدى، يولداش ماۋزېدۇڭ قايتا - قايتا نەسىھەت قىلىپ
ئۇلارنى قايىل قىلغاچقا، ماتەم مۇراسىمى ئاران 7 كۈن
ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن يولداش ماۋزېدۇڭ مەندىن: "رەئىس
لى رۇڭ بىرقانچە قېتىم ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە، خەلق تۇرمۇشى
ئۇنداق ياخشى ئىدى، بۇنداق ياخشى ئىدى دېگەن ئىدى،
راستىنلا شۇنداقمىدى؟" دەپ سورىدى، مەن: "ئاساسەن
توغرا، مەسىلەن، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەمىناتىنى ئا-
لىدىغان بولساق، بىز 1924 - يىلى ئوقۇش باشلىغاندا،
ھەر ئايدا ھۆكۈمەت تاماق ئۈچۈن 7 سەر ئۆلكە پۇلى بېرەتتى،
ئۇندىن باشقا يەنە 2 سەر ياردەم پۇلى بېرەتتى، بىر سەر
چىراق يېغى، قەغەز - قەلەم پۇلى بېرەتتى، ھەر كۈنلىكى
ئەتىگەندە 4 خىل سەي (ئىككى خىلى گۆشلۈك، ئىككى خىلى
گۆشسىز)، چۈشتە 6 خىل سەي (3 خىلى گۆشلۈك، ئۈچ خىلى گۆش-
سىز) كەچتە سۇيۇق ئاش بېرىلەتتى، يەكشەنبە كۈنى ئىككى
ۋاخ تاماق بېرىلەتتى، ئەتىگەندە لەغمەن، كەچقۇرۇنلىقى پولو
بېرىلەتتى، ھەر پەيشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىنكى تاماقتا
بېرىلگەن سەيدە ئىككى دانە ۋەنزە (قىيما گۆش) ۋە جاسا
بولۇشى لازىم ئىدى. 1928 - يىلىغا كەلگەندە يەنە 2 سەر
كۆپەيتىپ بېرىلدى، تاماق راسخوتى 9 سەر بولدى،
سەيلىنىڭ سۈپىتى يەنە ئۆستى. قانۇن مەكتىۋى ئوقۇغۇچىلىرى-
نىڭ ئايلىق تاماق راسخوتى ئۆلكە پۇلىغا 12 سەر بولۇپ،
ئۇندىن باشقا يەنە 12 سەر ياردەم بېرىلەتتى، بۇ شۇ چاغدىكى
پۇل قىممىتىنىڭ مۇقىملىقىنى، مال باھاسىنىڭ مۇقىم
ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ چاغدا خەلق

ئىشچان بولسىلا، ئادەتتە تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە ئىدى، بىراق ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا مۇنداق ئېتىۋار بېرىشىدە ئۆزىنىڭ مۇددىئاسى بار ئىدى، مۇنداق تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلار ئۇلارغا تېخىمۇ ئوبدان ئىتائەت قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىنىمۇ مۇستەھكەملىنەتتى" دېدىم. يولداش ماۋزېمىن مۇنداق دېدى: "بۇرۇنقى ئەھۋال شۇنداق بولغان ئىكەن، بىز تېخىمۇ تىرىشىپ شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان يولغا قويۇپ، ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ياخشىلىساق، ئاندىن جايىدا ئىش قىلغان بولىمىز".

## 16. يولداش ماۋزېمىننىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى ۋە بۇ ھەقتە ئاڭلىغانلىرىم

1942 - يىلى 5 - ئايلاردا قورچاق ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى يىڭچى مالىيە نازارىتىگە كېلىپ، ساڭ گوفېڭغا: "دۇبەن سىزنى ئات سېتىۋېلىش ھەيئىتىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ، ئات سېتىۋېلىش ئىشلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرسۇن دېدى" دېدى، ساڭ گوفېڭ دەرھال ئالاقىدار خادىملارنىڭ مالىيە نازارىتىگە يىغىنغا كېلىشىنى ئۇقتۇردى. لى يىڭچى تېلېفون ئارقىلىق شىڭ دۇبەنگە: "يىغىن ئېچىلىپ بولدى" دەپ دوكلات قىلدى. شىڭ دۇبەن: "تېلېفوننى نازىر ساڭ گوفېڭغا بەرگىن" دېدى. ساڭ گوفېڭ تېلېفوننى قولىغا ئالغاندا، شىڭ شىسەي ئۇنىڭ دەرھال دۇبەن مەھكىمىسىگە كېلىشىنى ئېيتتى. شۇندىن ئېتىۋارەن ساڭ گوفېڭنى كور-



مىدۇق، ئۇنىڭ ئورنىغا پېڭ جىيۇەن مالىيە نازىرى بولدى. مەن پېڭ جىيۇەن مالىيە نازارىتىگە كېلىپ 10 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قولغا ئېلىندىم. يولداش ماۋزېمىن شۇ يىلى 9 - ئايلاردا قولغا ئېلىنىپتۇ. مەن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، 2 - تۈرمىگە قامالدىم، ماۋزېمىنمۇ 2 - تۈرمىگە قامىلىپ، مېڭ شاۋدەي بىلەن بىللە بىر كامېردا يېتىپتۇ. مەن بىلەن ماۋزېمىن ئىككىمىز قايسىمىزنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتۇق ھەم باشتىن - ئاياق دىدار كۆرۈشەلمىدۇق. ماۋزېمىن مېڭ شاۋدەي بىلەن 20 نەچچە كۈنلا بىرگە بولغاندىن كېيىن باشقا جايغا يۆتكەپ كېتىپتۇ. ماۋزېمىن مېڭنىڭ ئالدىدا مېڭ شاۋدەيگە: "مەن رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئىنىسى" دەپتۇ. مەن بۇنى كېيىن ئۇقتۇم، بىز بۇرۇن ماۋزېمىننىڭ 8 - ئارمىيە خادىمى ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتۇق، لونەيتاڭ بىلەن گاۋدېڭباڭ ئىككىسىمۇ 2 - تۈرمىگە قامالغان ئىدى. لونەيتاڭنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، يولداش ماۋزېمىن 1943 - يىلى 3 - ئايدا ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، ئۇلار تۈرمىدە تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنى ئېچىپتۇ. لېكىن، يولداش لى يۇشياڭنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ تۈرمىسىدە ساڭ گوفېڭ، ماۋزېمىن، چېن تەنچيۇ 3 يولداشنى كۆرۈپتۇ. يولداش چېن تەنچيۇ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، چېن تەنچيۇ سوراق قىلىنغاندا، تىز پۈكمەي، دۈشمەننى راسا تىللىغانلىقى ئۈچۈن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. ماۋزېمىن سوراقتا زاكۇنلىشىپ، قەيسەر تۇرغاچقا كوپ قېتىم سوراق قىلىنىپ، كوپ قېتىم ئۇرۇپ زەخمىلەندۈرگەنلىكتىن ئاخىرىدا ھوشىدىن كېتىپ، تەرىتىنى تۇتالمايدىغان بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ساڭ گوفېڭمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە

ئىكەن، لى يۈشياڭ تۈرمىدىن چىقىشتىن بۇرۇن،
ساڭ گوفېڭ ئۈنىڭغا: "بەلكىم سىزنىڭ چىقىپ كېتىشى-
ڭىزدە مەسىلە چوڭ بولماسلىقى مۇمكىن، بىز تۈرمىدىن
تىرىك چىقىپ كېتەلمەيدىغان بولدۇق، ئەگەر سىز
تۈرمىدىن چىقىپ كېتەلىسىڭىز، مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىپ، ئەھ-
ۋالىمنى ئېيتىپ قويۇڭ" دەپتۇ. لى يۈشياڭ تۈرمىدىن چىق-
قاندىن كېيىن ساڭ گوفېڭنىڭ ئۆيىگە ئىككى قېتىم بارغان.

شىڭ شىسەينىڭ سوزى بويىچە بولغاندا، ئاتالمىش
«12 - ئاپرېل» سۈيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسىنى ساڭ گوفېڭ،
ماۋزېمىن باشچىلىقىدا ھەر قايسى نازارەت، ئىدارىلاردىكى
بەزى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلار، ھەربىي ئەمەلدارلاردىن
ھەربىي مەسلىھەتچى رادوف باشچىلىقىدا لىيەندىن يۇقۇرى
ھەربىي ئەمەلدارلار قوزغىماقچى بولغانىمىش. ئۇ قانداقتۇ
بۇ سۈيىقەستلىك پىلان قۇرغۇچىلار شىڭ شىچىنىڭ خوتۇنى
چېن شيۇيىڭنىڭ شىڭ شىچىنى ئولتۇرۇۋېتىلگەندىن پايدىلان-
غان، رادوفنىڭ چېن شيۇيىڭ بىلەن ناتوغرا مۇناسىۋىتى بار،
ئۇ چېيۇ زۇگجۇنىنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى ماشياۋ ئارقىلىق چېيۇ-
زۇگجۇنىنىڭ كىچىك خوتۇنى بىلەن ئالاقە باغلاپ چېيۇ قېرىنى
ئولتۇرمەكچى بولدى دېگەنگە ئوخشاش پەسكەش گەپلەرنى
تارقاتتى. مەن 1942 - يىلى 6 - ئايدا قولغا ئېلىنىپ تۈرمى-
غا تاشلانغاندا، 2 - تۈرمىنىڭ 14 - كامېرىدا ياتتىم، شۇ كا-
مېردا جاۋچيۇ دەيدىغان بىر شەرقى شىماللىق يولداش بار
ئىدى. ئۇ مەندىن بىر ھەپتە بۇرۇن قولغا ئېلىنغان ئىكەن،
مەن تۈرمىگە كىرىپ بىر كۈن ئۆتەر - ئۆتمەيلا، ئۇنى سوراققا
ئېلىپ چىقتى. ئۇ كاتولىك دىنى چىركاۋىدا سوراق قىلىن-



غان بولۇپ، 3 كۈندىن كېيىن ئەكېلىپ قويدى. مەن
ئۈنىڭدىن قانداق سوراق قىلدى ۋە نېمە دەپ جاۋاپ بەر-
دىڭىز، دەپ سورىسام، ئۇ: "سوراقچى مەسىلىنى ئەينى بويى-
چە تاپشۇر دىدى، مەن: مېخانىكلاشقان لۈيىنىڭ لىيەنجاڭى،
بۇ يىل "12 - ئاپرېل" يىغىنىدا بەلكىم يىغىن مەيدانىغا رە-
ئىس سەھنىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەۋە-
تىلىشىم مۇمكىن دەپ ئويلۇدۇم، مېنىڭ ۋەزىپەم شۇ چاغدا
شىڭ دۇبەننى رەئىس سەھنىسىدە ئېتىپ ئولتۇرۇۋېتىش ئى-
دى. ئەپسۇسكى، بۇ يىل "12 - ئاپرېل" يىغىنى ئېچىلمىدى.
مەخسىدىمگە يېتەلمىدىم دىدىم. سوراقچى: بۇ پىلاننى ئىجرا
قىلىشقا كىملەر قاتنىشاتتى؟ دەپ سورىدى، مەن: ئەيتاۋۇر
پەيجاڭدىن يۇقۇرى بولغانلارنىڭ ھەممىسى قاتنىشاتتى دې-
دىم، سوراقچى يەنە: نېمىشكە سەن قاتناشتىڭ؟ دەپ سورى-
دى، مەن: ئۇلارنىڭ ھەممىسى قاتناشسا، مەن نېمىشكە قات-
ناشمايمەن دىدىم، سوراقچى: تۈەنجاڭ دەرىجىلىكلەرمۇ قات-
ناشتىمۇ؟ دەپ سورىدى، مەن: ئەلۋەتتە قاتناشتى، پەيجاڭلار
قاتناشقان يەردە، تۈەنجاڭلار نېمىشكە قاتناشمايدىكەن؟ دىدىم،
سوراقچى: ئۇنداق بولسا، سەن قاتناشقانلارنىڭ ئىسىملىكىنى
يېزىپ بەرگىن، دىدى، مەن ئىقرارنامە يېزىپ سوراقچىغا
بەردىم، سوراقچى: مەن نۇرغۇن ئادەملەرنى سوراق قىلغان،
لېكىن سەندەك كەسكىن جاۋاپ بەرگەن ئادەمنى كۆرمىگەن
ئىدىم، قانداق قىيىنچىلىقىڭ بولسا ئېيتقىن، مەن ھەل قىلىپ
بېرىمەن، دىدى. مەن: مەن ئۆز ئالدىمغا ئىش قىلىدىغان
ئادەم، ھېچكىم ماڭا ياردەم بەرمەيدۇ. ئۆزەم لىيەنجاڭ بول-
غىنىم بىلەن، ھەر ئايلىق مائاشىمنى يەپ - ئىچىپ تۈگىتىمەن،

ئوشۇق پۇلۇم يوق، ھازىر ھەر كۈنى قۇرۇق موما يەپ، داغ سۇ ئىچىۋاتىمەن، ئاشقازىنىم ياخشى ئەمەس، ھەر كۈنلىگى ئازراق سەي بېرىشكە بولارمۇ؟ ئۇنىڭدىن باشقا تەلىپىم يوق دېدىم، سوراقچى: بولىدۇ، سەن كامېرغا قايتىپ كەت، تاماق مەسىلىسىنى مەن چوقۇم ھەل قىلىپ بېرىمەن دېدى" دەپ بەردى (يۇقۇرقىلار جاۋچيۇنىڭ سۆزلىرى). جاۋچيۇ كامېرغا قايتىپ كېلىپ 2 ـ كۈنى گۈندىپاي ئۇنىڭغا بۈگۈندىن باشلاپ ئالاھىدە تاماق يەيسەن، دەپ ئۇقتۇردى، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ۋە كەچتە جاۋچيۇغا ئايرىم بىر قاچىدا سەي بەردى. بەزى تېخى توخۇ گوشىمۇ بار ئىدى. ئىككىمىز 24 ـ كامېردا ئىككى يىلدىن ئارتۇقراق بىللە تۇردۇق. مەن سوراق قىلىنمىدىم، 1944 ـ يىلى كۈزدە گومىنداڭ شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن ئىككىمىز بىرلا ۋاقىتتا تۈرمىدىن چىقتۇق. جاۋچيۇ سوراق قىلىنىپ قايتىپ كەلگەندە ئۆزىنىڭ سوراق قىلىنىش ئەھۋالىنى ماڭا قالدۇرماي ئېيتىپ بەردى، مەن ئۇنىڭدىن راستىنلا شۇنداق ئىش بارمىدى؟ دەپ سورىسام، جاۋچيۇ ماڭا: "نەدە ئۇنداق ئىش بولسۇن، سەن شۇنداق دېمىسەڭ ئازاپ چېكىسەن، ئۇلار مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاشقا خۇشتار، مەن ئاغزىمغا كەلگەننى دەۋەردىم. ھاراملىقلار، ئادەم سولاشقا ئامراق، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن پەيجاڭدىن يۇقۇرى كادىرلارنىڭ ھەممىسىنى قامىسۇن، سەن قارىمامسەن، ئۇلار يولداش تاۋچېڭنى 6 يىل قاماپ قويدىغۇ، بالا ـ چاقىلىرىنى ئىلىغا ئاپىرىۋەتتى، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم يوق، ئۇلارنىڭ ھال كۈنى نېمە دېگەن قىيىن. مەن نېمىشكە مۇنداق ئازاپلىنىمەن؟ مەن گېپىمنى دەپ بولغاندىن كېيىن بىر



پاي ئوقتا ئېيتىۋەتسە، قۇتۇلسام دېگەن ئىدىم. مەن ئاغزىمغا كەلگەننى قالايمىقان سۆزلەۋەرسەممۇ ئولمىدىم، ئەكسىچە ئالاھىدە تەمىناتتىن بەھرىمەن بولدۇم، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ راستقا ئىشەنمەي، يالغانغا ئىشىنىدىغانلىقىنى كورگىلى بولىدۇ. مېنىڭچە، بۇ تامامەن شىڭشىسەينىڭ سۇيىقەستى، شىڭشىسەي پەيدا قىلغان ناھەق ئەنزە". كېيىن مەن مىخانىكىلاشقان بىرىگادىنىڭ كوپلىگەن ئوپېتسېرلىرى قولغا ئېلىنىپ، ھەددى ـ ھېسابسىز دەرىجىدە ئازاپلانغانلىقىنى ئاڭلىدىم. مەسىلەن، لۇي كوماندىرى ليۇ جېڭشىنمۇ تۇرمىغا تاشلاندى، ئۇنىڭ ئەنزىسىنى جاۋچيۇنىڭ يالغان گەپلىرى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دېگەن گەپلەر بولدى.

يەنە گودېنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ تۈرمىدا شىڭ شىچىنىڭ شوپىرى بىلەن بىرىنچى كامېردا بىللە ياتقان ئىكەن. شوپىرنىڭ ئېيتىشىچە، شىڭ شىچىنىڭ بىر بالىسى بار ئىكەن، بىر كۈنى ئۇ ھېلىقى بالىسىنى قۇچىقىدا كوتۇرۇپ تۇرغاندا، بالا ئۇنىڭ تاپانچىسىنى تالىشىپ تۇرىۋاپتۇ، شىڭ شىچى بالىغا تاپانچىنى بېرىپتۇ، تاپانچىدىن ئوق چىقىپ كېتىپ شىڭ شىچى ئولۇپتۇ (جاۋ جيەنفېڭمۇ شۇنداق گەپلەرنى قىلىپ بەرگەن ئىدى).

ھېلىقى تاپانچا شۇ چاغدىكى تاپانچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىن ئىدى. ئۇنى شىڭشىسەي زىمچۇەنزىدە ماجۇڭيىڭ بىلەن ئۇرۇشقاندا قولغا چۈشۈرگەن بولۇپ، شىڭ شىچى بۇ تاپانچىنى ياخشى كورۇپ قېلىپ ئادىيۇتانتلار باشقارمىسىدىن ئېلىپ كەتكەن. شۇ چاغدا جاۋ جيەنفېڭ شۇ باشقارمىنىڭ باشلىقى ئىدى. مۇنداق تاپانچىنى شىڭ شىچىلا ئېلىپ كېتەلەيتتى. شىڭ شىچىنىڭ مۇشۇ تاپانچىدا ئولۇشىنى كىم بىل-

سۇن، شىڭ شىچى ئۆلگەن چاغدا، شىڭشىسەي ئۆزىنى گومىن-
داڭنىڭ قوينىغا ئاتماقچى بولۇپ، گومىنداڭغا ياخشىچاق
بولۇش ئۈچۈن، ياۋۇزلۇق بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرى ۋە بارلىق ئىلغار دېمو-
كراتىك زاتلارنى بىراقلا تۇتقۇن قىلىپ، ئاتالمىش "12 -
ئاپرېل" سۈيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسىنى پەيدا قىلدى.
يولداش ماۋزېمىن، جۇملىدىن بارلىق ئىنقىلاۋىي قۇربانلار
شىڭ شىسەينىڭ ئىبلىس قولىدا قۇربان بولدى. يولداش
ماۋزېمىننىڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن قوللانغان بارلىق
سىياسى تەدبىرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالىجاناپ پەزىلىتىنى ئەسلى-
گەندە، بىز ئۇنى مەڭگۈ هايات، بىزنىڭ مەڭگۈ ئۆگىنىشىمىز-
گە ئەرزىيدىغان ئۆلگىمىز، دەپ سانايمىز.



# ئىنقىلاۋىي قۇربان لىن جىلۇ شىنجاڭدا

(1)

شىنجاڭغا بارىدىغان كادىرلار 1938 - يىل فېۋرالدا
تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ يەنئەندىن يولغا چىقتى. لىن جىلۇ،
لى جۇلياڭ قاتارلىق 4 يولداش مەركىزىي پارتىيە مەكتىۋىدىن
ئايرىلىپ يەنئەندىن ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ لەنجۇغا يېتىپ
كەلدى. ئۇلار 8 - ئارمىيىنىڭ لەنجۇدىكى ئىش بېجىرىش
ئورنىدا شىنجاڭغا بېرىش ئۈچۈن بىر ئاي ماشىنا كۈتۈپ
ئىچى تىت - تىت بولۇپ كەتتى، بىر كۈنى سوۋېت ئىتتىپا-
قىنىڭ بىر دانە قاتناش ئايروپىلانى قومۇلغا بارماقچى
بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭدا ئارانلا ئىككى بوش ئورۇن بار ئىدى.
بۇ ئىككى ئورۇندا كىم ئولتۇرۇش كېرەك؟ چەك تاشلاندى،
قاراڭ بۇ ئىشنىڭ قاملىشىپ قالغانلىقىنى! بۇ ئىككى ئورۇن-
دۇقنىڭ چېكى لىن جىلۇ بىلەن لى جۇلياڭغا چىقتى!
بۇ ئىككەيلەن ئايروپىلانغا چىقىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ
شەرقىدىكى جەنلۇبېلىك مۇهىم ئورۇن قومۇلغا كېلىپ، بۇ
يەردىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە يېتىپ
كەلدى.

ئۇ چاغلاردا شىنجاڭغا قارا نىيەت هىلىگەر مىلىتا-
رىست شىڭ شىسەي هۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۇ تەختكە

ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۆزىگە يات كۈچلەرنى تازىلاش، ئۆزىنىڭ يېڭىدىن قۇرغان ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىنى مۇستەھكەملەشتە مادارىنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى سېزىپ، يالغاندىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا يۆلەنمەكچى بولدى ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن كادىر ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پارتىيىمىزنىڭ مەركىزىي كومىتېتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بىرمۇنچە كادىرلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى، شۇ چاغدا شىنجاڭغا بارغان كادىرلارنىڭ ۋەزىپىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش، خەلقارا ياردەمنى يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەم قىلغان ماددى ئەشيالارنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە بىخەتەر يەتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت دەپ ئۇچۇق بەلگىلىگەن ئىدى. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ كادىرلىرى شىنجاڭغا كېلىپ، ئالدى بىلەن دېڭ فا، چېن تەنچۇنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەتنى قانات يايدۇرۇۋەتتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قاراڭغۇ تۈنلەر ئىچىدىن ئازراق بولسىمۇ تاڭ نۇرىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، بىراق ۋاڭ مىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە تۈزۈپ بەرگەن "ئالاھىدە بىرلىكسەپ" سىياسىتىنىڭ تەسىرىنىڭ يەنىلا مەۋجۇتلىقى تۈپەيلىدىن پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى خىزمىتىدە بىر يۈرۈش بالايىئاپەتنىڭ يىلتىزى كۆمۈلۈپ ياتقان ئىدى، ئەينى ۋاقىتلاردا ۋاڭ مىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە قارىتا تۈزگەن سىياسىتى:

1. كوممۇنىزمنى تەشۋىق قىلماسلىق؛ 2. پارتىيىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرىنى قۇرماسلىق؛ 3. پارتىيە ئەزالىرى ئۆزىنىڭ



شەخسى نامىدىن شىنجاڭ خىزمىتىگە قاتنىشىش دىگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى.

لىن جىلۇ ۋە لى جۈليالڭ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى (نامى يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى بولۇپ، بۇ يەردىكىلەر قىزىل ئارمىيىنىڭ پىشقەدەم جەڭچىلىرى، يەنى لى شەنيەنلەر باشلاپ كەلگەن ئىشچى-دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەن قىسىملىرى ئىدى) دا تۇردى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارغا خىزمەت تەقسىم قىلىندى: لىن جىلۇ شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ ئىلمى مۇدىرلىقىغا، لى جۈليالڭ ئۆلكىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

## (2)

1938-يىل 4-ئاينىڭ 28-كۈنى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرى بىر جايغا جەم بولۇپ ئىلمى مۇدىر لىن جىلۇنى قىزغىن قارشى ئالدى. گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە لىن جىلۇ مەردانە قەدەملەر بىلەن مۇنبەرگە چىقىپ ئوقۇغۇچىلارغا مۇنداق دىدى: "ھازىر ياپون جاھانگىرلىكى مەملىكىتىمىزدە ئوت قويۇپ، قىرغىنچىلىق قىلىۋاتىدۇ، بىز ئارقا سەپتىكى ياشلار ئويغۇنۇپ ئىلغار ئىدىيە ۋە ھەقىقى تالانت، ئەمەلى بىلىم بىلەن ئۆزلىرىمىزنى قوراللاندۇرۇشىمىز، ۋەتەنگە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىكى پايدىلىق كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىمىز لازىم. قۇرۇق نامنىڭ پايدىسى يوق......" ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ

قوزغۇتۇش، ئويغۇتۇش خاراكتېرىگە ئىگە سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ يېڭى كەلگەن باشلىقنىڭ ھەقىقىي قابىلىيىتى، ئەمەلىي بىلىمى بار كىشى ئىكەنلىگىنى ھېس قىلىشتى. قارشى ئېلىش يىغىنىدىن كېيىن ھەممەيلەن ئۇنى ئورىۋېلىپ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا توپلىشىپ خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، لىن جىلۇ شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىلەن تۇرمۇشتا بىللە بولدى، دارىلفۇنۇن دائىرىسى ئىچىدە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلار بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانلىقى، بىر توپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنى چۆرىدەپ ئولتۇرىۋالغانلىقى، ھەر خىل سوئاللارنى قويىۋاتقانلىقى، لىن جىلۇنىڭ ھەمىشە سەمىمىي سەۋىرچانلىق بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوئاللىرىغا بىر-بىرلەپ جاۋاب قايتۇرىۋاتقانلىقى، يەنە بەزىدە ئۇلارغا ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋاتقانلىقى، كۈلكىلىك پاراڭلارنى قىلىپ بېرىۋاتقانلىقى كۆزگە دائىم چېلىقىپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇ ئانچە ئۇزۇنغا قالماي نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈپ تونۇشۇپ كەتتى. بىر مۇنچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسمىنى بىلىۋالدى. ھەممەيلەن دارىلفۇنۇننىڭ مۇنداق بىر خاسىيەتلىك رەھبەرگە ئىگە بولغانلىقىدىن پەخىرلەندى. ئۇ ۋاقىتتا ئىلمىي مۇدىر بولغان كىشى دارىلفۇنۇننىڭ ئەمەلىي رەھبىرى ئىدى. دارىلفۇنۇننىڭ مۇدىرى شىڭ شىسەي يۇقىرىدا تۇرۇپ بېرىدىغان، نامىدىلا باشلىق ئىدى.

شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى شىنجاڭ بويىچە ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ، ئۇنىڭدا مائارىپ فاكولتېتى، سىياسىي-ئىقتىسات فاكولتېتى تەسىس قىلىنغان، ھەمدە قوشۇمچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ



سىنىپىنى تەسىس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي بولۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 200 گە يەتمەيتتى. ئوقۇغۇچىلار شۇنداق ئىنتىزامسىز ئىدىكى، ئۇلار يەپ-ئىچىپ، ئۇخلىغاندىن باشقا كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرۈشەتتى، ماجاڭ ئوينىشاتتى، كونا رومانلارنى ئوقۇيتتى، توپلىشىپ مۇشلىشاتتى. بۇنداق بىر كونا دارىلفۇنۇننى ئۆزگەرتىش ئاسان ئەمەس ئىدى. تەلەيگە يارىشا لىن جىلۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە ئىككى يولداش يۆتكىلىپ كەلدى: چې تيەنمىن سىياسىي-ئىقتىسات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولدى، ياڭ مىشىڭ ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولدى. بۇلار يەنئەندىن كەلگەن كادىرلار بولۇپ ھەممىسى يەنئەندىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي-مەمۇرى داشۆبىسىنىڭ روھى بويىچە شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى ھەقىقىي ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرىدىغان بىر ئالىي مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا بەل باغلىدى.

قانداق قىلغاندا شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنى ياخشى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ؟ لىن جىلۇ 5-ئايلاردا شىنجاڭ دارىلفۇنۇن بىلەن ئۆلكىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ بىرلىشىپ شىمىگوغا ساياھەت قىلىپ بارغان چېغىدىكى بىر قېتىملىق سۆزىدە ”ئىتتىپاق بولۇش، جىددىي بولۇش، سەممىي ساددا بولۇش، جانلىق ئىتتىك بولۇش“ نى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش فاڭجېنى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. بىر مۇنچە ئوقۇغۇچىلاردا ساقلىنىۋاتقان سولەتۋازلىق مىجەز-خۇلۇقلىرىغا ئاساسەن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا يەنئەندىكى ”ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي-مەمۇرى داشۆي“

شىنىڭ مىزانىدىكى "جىددى بولۇش" دىگەن سوزنى بۇ يەردە
"سەممى ـ ساددا بولۇش" قا ئۆزگەرتتى. مەكتەپكە قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن بۇ 4 جۈملە سوز مەكتەپ تاملىرىغا
يېزىلدى.

لىن جىلۇ يەنە "كاڭدا"① نىڭ مەكتەپ ئىچىش فاڭجېنى
بىلەن ئۇسۇلىنى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدا ئەستايىدىللىق بىلەن
يولغا قويدى، ئۇ، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا
تەنقىت ـ ئوز ـ ئوزىنى تەنقىت قىلىش تۈزۈمىنى ئورناتتى،
نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئوقۇتۇش
ئۇسۇلىنى قوللاندى. يېڭى خىزمەت ئۇسۇلىنى تەشەببۇس
قىلدى. مەمۇرى ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغاندىن تاشقىرى،
ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىگىمۇ ئوزى قاتنىشىپ
كەلدى، ئۇ، ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ دەرسخانىلارنى ئاقارتتى،
كۆلۈپنى ئوزگەرتىپ ياسىدى، توپ مەيدانلىرىنى رىمونت قىلدى،
مەكتەپ يوللىرىنى تۈزلىدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمگەك نۇقتىئى-
نەزىرىنى يېتىشتۈردى، شۇنىڭدەك ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا يېڭى
مەدەنىيەت هەركىتىنى يولغا قويدى. شەخسەن ئوزى "قام-
چاكنى تاشلا"، "پۇشتەك ئاۋازى"، "شاكىچىك خاتالاشتىڭىز"
ناملىق دىراممىلارغا رىژىسسورلۇق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ يېڭى
تىياتىر هەركىتىگە يول ئېچىپ بەردى. لى جىژلياڭنىڭ
ئولكىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە قانات يايدۇرغان ناخشا
ئېيتىش پائالىيىتىگە ئاۋاز قوشۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ "پىدا

① "كاڭدا" ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش
داشۆيىسى



ئىلار مارشى"، "بىز تەيخاڭشەندە" دىگەن يېڭى ناخشىلارنى
ئوقۇشىغا رەهبەرلىك قىلدى. شەخسەن ئوزى "شىنجاڭ دارىل-
فۇنۇن ناخشىسى" نى يېزىپ چىققاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ دەۋرنىڭ كۈچلۈك ساداسى بولغان: "مىللەتنىڭ
تەقدىرى چۈشتى زىممىمىزگە تىرىشايلى، كېچىكتۈرمەيلى!
ئىتتىپاق بولۇپ، جىددى ۋە سەممى بولۇپ، جانلىق ـ تېتىك
بولۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مائارىپنىڭ نەمۇنىچىلىرى-
دىن بولايلى! ... دەۋرىمىزنىڭ ياشلىرى، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا
ئىلگىرلەيلى! ... "دىگەن ... ناخشا سادالىرى ئۈرۈمچى شەهرىنىڭ
جىمجىت ئاسمىنىدا ياڭراپ هەر مىللەت خەلقىنىڭ روهىنى ئۇرغۇتتى.

شۇ چاغدا شىنجاڭدا جاهانگىرلىككە قارشى تۇرۇش
ئۇيۇشمىسى خۇاڭ مىنفۇ (خۇاڭ خوچىڭ) نىڭ رەهبەرلىكىدە ئوز
خىزمىتىنى ناهايىتى جانلاندۇرىۋەتكەن ئىدى. لىن جىلۇ
مەكتەپتە تۇرۇپ ئاكتىپ ماسلاشتى، هەر شەنبە كۈنى بىر
قېتىم "ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، دولەت قۇرۇش
هەپتىلىكى" ئوتكۈزۈپ تۇرۇشنى بەلگىلىدى. هەر قېتىم هەپتىلىك
يىغىن سوز مۇنبىرىدە لىن جىلۇ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا
خەلقارا ۋەزىيەت، دولەت ئىچىدىكى سىياسى ئەهۋاللار ئۈستىدە
سوزلەيتتى، ماركسىزم ـ لېنىنىزم بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلاتتى. پارتىيىمىزنىڭ
"ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ دولەت قۇتقۇزۇشنىڭ 10 چوڭ
پىروگىراممىسى" نى گومىنداڭنىڭ "ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
تۇرۇپ دولەت قۇرۇش پىروگىراممىسى" بىلەن سېلىشتۇرۇپ،
گومىنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۈزۈل-
كېسىل بولمىغانلىقىنى پەيپەن قىلاتتى. ئۇ، بىر قېتىملىق

«9 ـ دېكابىر» نى خاتىرلەش يىغىنىدا جەسۇرانە ھاياجان بىلەن نۇتۇق سوزلىدى. ئۇ بېيىپىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تولۇپ ـ تاشقان ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنىڭ گومىنداڭ ھەربى ساقچىلىرىنىڭ سۇ ناسۇسلىرى بىلەن سۇ چېچىش ۋە ئوققا تۇتۇشلىرى نەتىجىسىدە باستۇرۇلغانلىقى ئۇستىدە توختال ـ غىنىدا قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىدىن ئىختىيارسىز كوز يېشى قىلدى. نۇرغۇن ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ كوز يېشى قىلىشتى. ئۇ يەنە ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولىۋاتقان بيۇروكراتلىق، كونىلىق ـ قا يېپىشىۋېلىشتەك ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۇرۇپ «يېڭى خىزمەت ئىستىلى» توغرىسىدا نۇتۇق سوزلىدى، سوزىدە قانداق قىلغاندا تەشكىللىك ھالدا رەھبەرلىك قىلىپ مەركىزىي ھالقىنى چىڭ تۇتقىلى بولىدىغانلىقى، ئاممىغا قانداق تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى قانداق ئويۇشتۇرۇش، كادىرلارنى قانداق تاللاش، يېتىشتۇرۇش، ئىشلىتىش قاتارلىقلارنى بايان قىلغان ئىدى. بايانلىرى ناھايىتى مېغىزلىق بولغان. كېيىن ئۇنىڭ بۇ نۇتۇقلىرى «يېڭى خىزمەت ئىستىلى توغرىسىدا» دېگەن سەرلەۋھىدە رەتلىنىپ «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى، بۇ ماقالىنى ھەممە كىشى تالىشىپ بەس ـ بەستە ئوقىدى. بۇ ماقالە ھەتتا شىڭ شىسەينىڭ ئوزىگىمۇ يېقىپ قالدى. ئۇنى ھوكۇمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئوگىنىش ھوججىتى قىلىپ بەلگىلىدى.

شىنجاڭ دارىلفۇنۇندا تۇرغان بىر يېرىم يىل ئىچىدە، لىن جىلۇ ئوز ئەتراپىدىكى ياشلارنى خۇددى ماگنىتتەك ئوزىگە قاتتىق جەلىپ قىلىۋالدى. ئۇ، ئوزىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى قابىلىيىتى ۋە پاراسىتى، كوممۇنىستلاردا بولىدىغان



ئالاھىدە ئېسىل پەزىلەت ۋە خىزمەت ئىستىلى بىلەن ئوقۇغۇ ـ چىلارنى تەربىيىلىدى ۋە ئۇلارغا ئوز تەسىرىنى سىڭدۇردى. ھەممەيلەن ئۇنى شىنجاڭ ياشلىرىنىڭ ئۇستازى دەپ ئېتىراپ قىلدى. سىياسى ـ ئىقتىسات پاكولتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى تيەن يۇگۇي ئوقۇش پۇتتۇرگەندىن كېيىن يەنىلا لىن جىلۇنىڭ يېنىدا قېلىش ـ نى تەلەپ قىلدى. بۇ ئىش شىڭ شىسەينىڭ ھەسەتخورلىقىنى قوزغىدى. 1938 ـ يىلى شىنجاڭ دارىلفۇنۇن «7 ـ ئىيۇل» ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش كۇنىنى خاتىرلەش يۇزىسىدىن «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جەڭ ناخشىسى» بىراشۇرىسىنى بېسىپ تارقاتتى. شىڭ شىسەي بۇ بىراشۇرىنىڭ ئالدىنقى بېتىدە ماركس، لېنىن، سۇن جۇڭسەن، ماۋ زېدۇڭ، جۇدېدىن كېيىن ئوزىنىڭ رەسىمى بېسىلغانلىقىنى كورۇپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، دەرھال مۇنداق پەرمان چۇشۇردى: "تەك ـ شۇرۇشىمىزچە شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ مائارىپ باشلىقى لىن ـ جىلۇ تەكشۇرۇشتىن ئوتكۇزمەي ئوز بېشىمچىلىق قىلىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جەڭ ناخشىسى بىراشۇرىسىنى بېسىپ تارقاتقان، بۇ 6 بۇيۇك سىياسەتكە خىلاپلىق قىلغانلىق، ئېغىر دەرىجىدە سىياسى خاراكتېردىكى خاتالىق ئوتكۇزگەنلىك بولۇپ، بۇنىڭغا ئەسلىدە چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىش چارىسى كورۇش كېرەك ئىدى، بىراق مەزكۇرنىڭ خىزمەتتە ئاز ـ تولا نەتىجىسى بارلىقىنى كوزدە تۇتۇپ، پەۋقۇلئاددە يېنىك چارە كورۇپ، بىر قېتىم چوڭ كۇنا يېزىلدى" دېدى. ئۇزۇن ئوتمەي شىڭ شىسەي كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئولكە مەركىزىدىكى تەسىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، يەنئەندىن ئېۋەتىلگەن كادىرلارنى تارقاقلاشتۇرۇپ، جەنۇبى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى

جايلارغا ئەۋەتىۋەتتى. لىن جىلۇنى 1939 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. لى جىڭليانى قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى.

(3)

لىن جىلۇ شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدىن ئايرىلغاندا ئوقۇغۇچىلاردىن تېيەن يۈگۈيمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاقسۇغا كەلدى. (كېيىنكى كۈنلەردە شىڭ شىسەي ئۇنى يوشۇرۇن ئۆلتۈردۈۋەتتى). ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاقسۇ ۋىلايىتىدە تۇرىۋاتقان ۋالىي خۇاڭ خوچىڭ بىلەن ئاقسۇ گېزىتىنىڭ باشلىقى چېنچىكيۇەن قاتارلىق 4 نەپەر كومپارتىيە ئەزاسى بار ئىدى. ئۇلار ھەممىشە بىرلىكتە ئەھۋاللارنى تەھلىل قىلاتتى. خىزمەتلەرنى مۇزاكىرىلىشەتتى، لىن جىلۇ سىياسى مەسىلىلەردە بەكمۇ سەزگۈر بولغانلىقتىن، بەزىلەر شىڭ شىسەينىڭ ئىپادىسى يامان ئەمەس دەپ قارىغاندا، ئۇ، كونا مىللەتارىست، كونا تۆرىلەرنىڭ ئەكسىيەتچىلىكىنى تەكىتلەپ، باشقىلارنىڭ كۆرۈنۈشتىكى بىزگە قىلىۋاتقان خوش چىراي مۇئامىلىسىدىن ئۆزىمىزنى بىخۇتلاشتۇرۇپ قويماي ھوشيار بولۇش لازىملىقىنى ئەسلەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئات مىنىشنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى. ھەممىشە ئۇ بىر قانچە چاقىرىم يەرلەرگە ئاتقا مىنىپلا كېتىۋېرەتتى. بەزىلەر ئىدارىدا ئولتۇرۇپ ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئات مىنىشنى ئۆگىنىشى ھاجەتسىز دېگىنىنى ئاڭلاپ كۆپچىلىكنى مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇردى: شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، تۆملۈك، چۆل ـ جەزىرىلەر كۆپ، ئەگەر باشقىلار ئۇشتۇمتۇت بىزگە قول سالسا، سىز قانداق كېتەلەيسىز؟ شۇنىڭ بىلەن



ئۇنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا ھەممەيلەن ئات مىنىشنى ئۆگەندى. ئات مىنىشنى ئۆگىنىۋالغان لىن جىلۇنىڭ كۈندىلىك پائالىيەت قىلىش دائىرىسى كېڭەيدى. گەرچە شۇ چاغدا ھەممەيلەن ئامما بىلەن كۆپرەك ئۇچراشقاندا شىڭ شىسەيدە گۇمان پەيدا بولىدىغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىشمىغۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان سوزچانلىقى ۋە باشقىلار بىلەن ئاسانلا چىقىشىۋالىدىغان ياخشى ئىستىلىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئامما بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇردى. مائارىپ ساھەسىدىكىلەردىن تارتىپ باشقا ساھەدىكىلەرگىچە لىن جۈيجاڭ ياخشى ئىكەن، كونا ئەمەلدار تۆرىلەرگە زادىلا ئوخشىمايدىكەن دېيىشتى. مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بۇ باشلىقى مەكتەپنىلا باشقۇرۇپ قالماي، يەنە كەڭ ئاممىغا تەشۋىقـتەربىيە ئېلىپ بېرىش خىزمەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشتى. دائىم ماقالە يېزىپ ئاقسۇ گېزىتىدە ئېلان قىلىپ تۇردى. شىڭ ـ شىسەي ئۈچىغا چىققان گۇمانخور بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىر جايدا ئۇزۇن تۇرۇپ قالسا، كومپارتىيىنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملىۋېلىشىدىن، ئۇ چاغدا ئىشنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولىدىغانلىقىدىن قورقۇپ، 5 ئاي بولا بولمايلا لىن جىلۇنى كۇچار ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەپ يۆتكىۋەتتى.

كۇچار قەدىمقى كۇسەن دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئىدى. مىلادىدىن ئەۋۋەلقى ئىككىنچى ئەسىرلەردە، خەن سۇلالىسى بۇ جايدا غەربىي رايون تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى قۇرغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «يىپەك يولى» مۇشۇ يەردىن ئۆتەتتى، بۇ جاينىڭ شۇنچە مۇھىم بولۇشىغا قارىماي 3 مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان بۇ قەدىمقى كۇسەن

دولىتىدە ھېچقانداق چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولمىغان ئىدى.
1939 - يىلى 6 - ئايلارنىڭ بىر كۈنى گۈگۈم چۈشكەندە،
لىن جىلۇ باش - كوزىنى توپا باسقان ھالدا كوچار ماشىنا
بېكىتىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ يول بىلمىگەنلىكتىن يېنىدا تۇر-
غان بىر بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ: "تاغا، ناھىيىلىك
ھوكۇمەتكە قايسى يول بىلەن بارغىلى بولىدۇ؟" دەپ سورىدى،
بۇ بوۋاينىڭ فامىلىسى شې بولۇپ كوچاردا سودىگەرلىك قىلاتـ
تى، ئۇ، ئۆزىنىڭ ئالدىدا 30 ياش چامىسىدىكى بىر ياش
كىشىنىڭ تۇرغانلىقىنى، يەنە كېلىپ سۆزلىگەندە جەنۇبى
رايونلارنىڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغانلىقىنى كورۇپ، بىر نەچچە
كۈندىن بۇيان كىشىلەرنىڭ يېڭى ھاكىم كەلگىدەك، ئۇنىڭ
فامىلىسى لىن ئىكەن، جەنۇبى جۇڭگولۇق ئىكەن، دېيىشكەن
گەپلىرى دەرھال ئېسىگە كېلىپ، باشقىلار دېيىشىۋاتقان كىشى
شومۇدۇ؟ دىگەن ئويغا كەلدى. بىراق ئامبال دىگەن يولغا
چىققاندا ئەتراپىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قوغداپ ماڭىدىغانـ
لىقىنى، چاپانچىلارنىڭ كوپلىگەندىن ھەيۋىسىنىڭ ئاسمانغا تاقىشىـ
دىغانلىقىنى ئويلاپ بۇ كىشى ئامبال بولسا ئۆزىنىڭ كۆدە - كورپىـ
لىرىنى ئۆزى كوتىرىپ كېلەرمۇ؟ دىگەن خىيالغا كەلدى. بوۋاي گۇ-
مانلىنىش نەزىرى بىلەن لىن جىلۇنى راسا بىر كۆزىتىۋالغاندىن
كېيىن: "سىز لىن شيەنجاڭ بولامسىز؟" دەپ سورىدى. "ھەئە، مەن
شۇ كىشى بولىمەن" لىن جىلۇ ئوچۇق چىراي بىلەن جاۋاپ بەردى.
بوۋاي ئاڭلاپلا قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشتى. ناھىيىلىك
ھوكۇمەتكە يەنە 3 چاقىرىم ئارىلىق بارلىقىنى چۈشەندۇرۇپ،
لىن شيەنجاڭنىڭ كۆدە - كورپىلىرىنى كوتۇرۇۋالماقچى بولۇپ
تالاشتى. لىن جىلۇ ئۇنىماي تۇرۇپ: "سىز ياشىنىپ قالغان



تۇرسىڭىز، يۈك - تاقلىرىمنى سىزگە كوتەرگۈزسەم قانداق بولىدۇ"
دىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىسى يۈك - تاقلارنى تالىشىپ
كەتتى، كېيىن بىر ئات ھارۋىسىنى كىرا قىلىپ نەرسە - كېـ
رەكلەرنى ھارۋىغا سالدى، لىن شيەنجاڭ بوۋاي بىلەن يول
بويى پاراڭلىشىپ ناھىيىلىك ھوكۇمەتكە يېتىپ كەلدى.
لىن جىلۇ خىزمەتكە چۈشۈشى بىلەنلا نۇرغۇن كىشىلەر
دەرت - ئەلەملىرىنى مەلۇم قىلىپ، ئۇزلىرىنىڭ ئورۇق - تۇغـ
قانلىرىنى بايلارنىڭ تۇھمەت چاپلاپ تۇرمىغا سولىتىۋېتىپ
قويغانلىقىدىن نالە - پەرياد قىلىشتى. لىن جىلۇ بۇلارنىڭ
دەرت - ئەلەملىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ بولۇپ دەر-
ھال دېلو (ئارخىپ) ماتىرىياللىرىنى ئاختۇرۇشقا كىرىشىپ
كەتتى. شەخسەن ئۆزى قاماقخانىغا بېرىپ قاماقتىكى 70 تىن
ئارتۇغراق مەھبۇسلارنى تەكشۈرۈپ سوراق قىلدى. ئامما
ئىچىگە بېرىپ ھەقىقى ئەھۋالنى سۈرۈشتۈردى، تەكشۈرۈپ - تەتـ
قىق قىلىش ئارقىلىق بىگۇنا سولاپ قويۇلغان كىشىلەرنى
قويىۋەتتى، گۇناھى ئانچە ئېغىر بولمىغان 3 كىشىنىڭ پۈتىدىكى
كىشەننى ئېلىۋەتتى. قويۇپ بېرىلگەنلەر بەكمۇ خوشاللىنىپ
كەتتى. ئۇلار: ئەزەلدىن تارتىپ "بوران ئۇچۇرۇپ تۇرمىغا
تاشلىۋەتكەنلەرنى ئاتقا سورۇتۇپمۇ ئېلىپ چىققىلى بولمايتتى"
نىمە ئۈچۈن ئازدۇر - كوپتۇر چاي پۇلى تولىمەيلا تۇرمىدىن
خالاس قىلىندۇق؟ دېيىشىپ ھەيران بولۇشتى.
لىن جىلۇ ئامما بىلەن ئۇچرۇشۇش داۋامىدا كەڭ خەلق
ئاممىسىنىڭ زۇلۇمغا، ئېكىسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراۋاتقانلىقى
ئاساسەن ناھىيىلىك ھوكۇمەتتىكى ئەمەلدارلار بايلارنىڭلا
مەنپەئەتىنى قوغداش بىلەن بولۇپ كېتىپ خەلقنىڭ ئولۇش -

تەردىلىشى بىلەن كارى بولمىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت 200 نەپەردىن ئارتۇق مەمۇرى ساقچىلارنى باقاتتى. بۇ ئادەملەر ساقچى كىيىملىرىنى كىيىۋېلىپ يېزا-بازارلاردا زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ يۈرەتتى، بۇلار خەلقلەرنى قورقۇتۇپلا يۈرگەچكە ئامما بۇلارنى جان-جەھلى بىلەن يامان كۆرەتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە لىن جىلۇ خەلقنىڭ غەزىۋى چېكىدىن ئاشقان بىر ساقچىنى ئۆزى سوراق قىلدى. ئۇنىڭغا ئېغىر جازا بەردى ھەمدە مۇشۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ شىللىسىغا مىنىۋالغان ئەمەلدارلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بەردى، كېيىن مەمۇرى ساقچىلارنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمىنى قىسقارتىۋېتىپ ياخشىراق دەپ ھىساپلانغان 20 نەچچە ساقچىنى جايلارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا ئېلىپ قالدى. ناھىيىلىك باجخانىنىڭ باجگىرلىرى پارە يەپ، خىيانەت قىلىپ خەلقنى ئېغىر قاقتى-سوقتى قىلاتتى، بۇنداق "ئاشلىق ئىسكىلاتىغا چۈشكەن چاچقان" لارنى جازالاش ئۈچۈن لىن شيەنجاڭ يەر بېجى ئېلىش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى بىلەن بىرلىكتە ئاشلىق ئىسكىلاتىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئاش تاپشۇرغىلى كەلگەن دىخانلارغا قارىتىپ تۇرۇپ بىر تۈركۈم خىيانەتچى خادىملارنى خىزمەتتىن ھەيدىۋەتتى.

لىن شيەنجاڭ پۈتۈن زىھنى بىلەن ئىشلەپ ناھىيە، رايون، يېزىلاردىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل تەرتىپكە سېلىشقا قەتئىي بەل باغلىدى. بايلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان ياكى ئىلىم-بىلىم ئۆگەنمەيدىغان بىر تۈركۈم ئەمەلدارلارنى ئالماشتۇرۇپ ئىدارىلارنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلىدى. ئادىل ئىشەنچىلىك بىر تۈركۈم ئاز سانلىق



مىللەت خادىملىرى بىلەن خىزمەت قابىلىيىتى ئۈستۈن بولغان خەنزۇ خادىملىرىنى ئۆستۈردى. رايون، يېزا باشلىقلىرىنى، ئىلگىرى پۇلغا سېتىۋېلىنىدىغان مىراپ، كوكبېشىلارنى خەلق ئۆزى سايلاپ چىقىشىنى يولغا قويدى. ئىشنى ئادىل قىلىدىغان ۋە ئامما ئۈچۈن ئىشلەشكە قىزىقىدىغان كىشىلەرنى سايلاپ ئىشقا قويۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

ئەسلىدە ماۋزېمىن مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ مالىيە خىزمىتىدە زور ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. لېكىن كۇچار ناھىيىسى مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ناموۋىنىڭ مالىيەنى ئىسلاھ قىلىشنى خالىمىدى. ھەر خىل باج تۈرلىرى 20 نەچچە خىلغا يېتىپ خەلق باش كۆتۈرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. بىر كۈنى لىن جىلۇ ئەھۋالنى ئوبدان ئۇقۇشۇپ قايتىپ كېلىپ، كومپارتىيە ئەزاسى مالىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ ليەنمۇغا مۇنداق دېدى: "باج تۈرى ھەددى-ھىساپسىز كوپ ئىكەن، پۇخرالارنىڭ سېلىقى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ، ئەمەلىيەتتە بايلارغا قويۇلىدىغان ئالۋاڭ، باج بەك ئاز ئىكەن، بىز قولىمىزدىن كېلىدىغان ئاماللارنى قىلىپ دىخانلار بىلەن نامرات جاپاكەشلەرنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىشىمىز، بايلارغا ئەسلا يۈز خاتىرە قىلماسلىقىمىز، ئۇلارغا مۇۋاپىق يوسۇندا كوپرەك يۈك ئارتىشىمىز كېرەك". ئارقىدىن ئۇ، مالىيە ئىدارىسى بىلەن كونكرېت مۇزاكىرە قىلىپ ئېلىنىدىغان ئالۋاڭ-باجلارنىڭ تۈرىنى 7 خىلغا قىسقارتتى. ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا، سودا-تىجارەتنى گۈللەندۈرۈشكە، دىخانلارنى يېنام ئېچىشقا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن قان بېجى، بازارلاردىكى سودا-سېتىق ئىشلىرىدىن ۋە تىجارەت قىلىشقا يېڭىدىن

كېرىشكەن سودىگەرلەردىن ئېلىنىدىغان باجلارنى بىردەك كېچىرىم قىلدى. بۇ سىياسەتلەر ئىزچىللاشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئامىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولدى، ئىلگىرى باج ئېغىر ئىدى. چارۋىچىلار بازارغا ئەكىلىپ ساتقان تېرە-يۇڭ پۇلىنىڭ يېرىمى باجغا كېتەتتى، قولىدا ئېشىپ قالغان قىسمى ئۆزلىرىنىڭ يول خىراجىتىگە يېتىشمىگەنلىكتىن چارۋىچىلار ئۆزلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا ئەكىلىپ ساتمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. باج تۈرى ئازايغانلىقتىن دېخانلار، چارۋىچىلار بەس-بەس بىلەن بازارلارغا كېلىپ نەرسە-كېرەكلىرىنى ساتىدىغان بولدى، بازارلارغا جان كىرىپ ئاۋاتلىشىپ كەتتى.

لىن شېيەنجاڭ تۈرمىگە ناھەق كىرىپ قالغانلارنى ئېنىقلىدى. خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلارنى جازالىدى، باج تۈرىنى ئازايتتى، بۇنىڭدىن ئامما بەكمۇ خوشال بولدى. ئۇلار: «خۇدانىڭ كۆزى بار ئىكەن، كۇچارغا بىر "ئەۋلىيا" ئېۋەتىپتۇ» دېيىشتى.

1940-يىل چاغان يېقىنلىشىپ قالغاندا لىن جىلۇنىڭ رەپىقىسى چېن يىنسۇ كۇچارغا كەلدى، ئۇ ئەسلىدە 1937-يىلى 8-ئايدا ياپونىيىدىن دۆلىتىمىزگە قايتىپ كېلىپ كىچىك ئاتىسى لىن ۋېگەن بىلەن بىرلىكتە كونا يۇرتى تەيشەنگە تەۋەللۇت (بوشۇنۇش) قا بارىدى، ئۇزۇنغا قالماي بىر قىز تۇغدى. ئۇنىڭ ئىسمىنى لىن ۋەن قويدى. چېن يىنسۇ يىراق چېگرىدا تۇرىۋاتقان سەپىدىشى لىن جىلۇنى، ئىنقىلاۋى ئىشلارنى ئويلاپ، بوۋاق قىزنى ھامىسىنىڭ تەربىيىسىگە قالدۇرۇپ، تەيشەندىكى زىيالىي ياشلاردىن لى لىن، لى يىڭخاڭ، يەلىن، پەن بۇلىلەر بىلەن بىرلىكتە 1938-يىلى 5-ئايدا يەنئەنگە



قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار ۋۇخەنگە يېتىپ بارغاندا، ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ شۈيچاڭنى بېسىۋالغانلىقىنى، شىمال تەرەپتىكى يول توسۇلۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ 4 نەپەر كىشى قايتىپ كەتتى. چېن يىنسۇ يالغۇز ئۆزى داۋاملىق ئىلگىرىلەپ يوللارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاخىرى يەنئەنگە يېتىپ كەلدى. 6-ئايدا يەنئەندىكى لۇشۈن سەنئەت شۆبىيۈەنىگە كىرىپ بىر مەزگىل ئوقۇدى. 7-ئاينىڭ 1-كۈنى كوممۇنىستىك پارتىيىگە كىردى. 1939-يىلى 9-ئايدا ئۇ يەنئەندىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئاندىن كۇچارغا يېتىپ كەلدى. لىن جىلۇ چېن يىنسۇنىڭ مۇنچىۋالا جاپا-مۇشەققەتلىك ئىنقىلاپ يوللىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ جەم بولۇش ئۈچۈن كۇچارغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خوشال بولدى. چېن يىنسۇ شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئۆز ئىسمىنى چېن ۋېنيىڭ دەپ ئۆزگەرتىپ، قىغ دوڭدىكى خەنزۇ-خۇيزۇ باشلانغۇچ مەكتىۋىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. بۇ ئىككىسى ۋە جاڭ چۇنماۋدىن ئىبارەت 3 نەپەر كوممۇنىست كۇچار ناھىيىسىدە تۇنجى پارتىيە گۇرۇپپىسى قۇردى. لىن جىلۇ گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

لىن جىلۇ كۇچارنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن كۇچارنى ئۆگىنىش لازىملىقىنى ھېس قىلىپ، تەرجىمانىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاتلىنىپ كۇچارنىڭ تاغ-دەريالىرىنى ئارىلاپ چىقتى ھەمدە كۇچار ناھىيىسىنىڭ تەزكىرىسىنى يازدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كۇچارنىڭ تۇپرىقىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئىككى ئاي ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن ناھىيىنىڭ تۇپراق ئەھۋالىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ چىقىپ، كۇچارنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ھازىرلىق قىلدى.

لىن جىلۇ كۇچارنىڭ 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەك كەڭ زېمىننى تەكشۈرۈپ چىقىپ بۇ جاينىڭ ھەم دېخانچىلىق، ھەم چارۋىچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولىدىغان ياخشى جاي ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن دېخانلارنى بىنام ئېچىپ ئېتىز-ئېرىق بەرپا قىلىشقا، دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى، بىراق ئۇ چاغدا يەر-زېمىنلار باي-زومىگەرلەرنىڭ ئىلكىدە بولغانلىقى ئۈچۈن كىمىكى بوز يەر ئاچسا، شۇ كىشى پومېشچىكلارغا پۇل تاپشۇراتتى. كۇچارنىڭ غەربىي رايونىدا بىر باينىڭ زور كولەمدىكى خانلىق بىنالارنى زورلۇق بىلەن ئىگەللىۋالغانلىقىنى، ناۋادا دېخانلار ئۇ يەردىن بىرە مو بىنام ئاچسا، بايغا بىر سەر كۈمۈش تاپشۇرىدىغانلىقىنى ئامما ئىنكاس قىلغاندا، لىن شېيەنجاڭ شەخسەن ئۆزى مۇشۇ يېزىغا بېرىپ، بايغا قاراپ جىددىي قىياپەتتە: "بىنام يەرلەر دۆلەتنىڭ! دېخانلارنىڭ خالىغان چاغدا ئۇنى ئېچىشىغا يول قويۇش كېرەك. ئىلگىرى بىنام ئاچقان دېخانلار ساڭا كۈمۈش پۇل تۆلەپتىكەن سەن، ئەمدى دەرھال مالىيە ئىدارىسىغا بېرىپ يەر بېجىنى تولۇقلاپ تاپشۇرسەن!" دېگەن. باي بۇ شېيەنجاڭنىڭ قەتئىي بۇيرۇق قىلغانلىقىغا قاراپ شۇ ھامان باجنى تولۇقلاپ تاپشۇرغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن بىنام يەرلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىشقا زادىلا پېتىنالمىغان، يەنە بىر قېتىم لىن جىلۇ قارا ئۆزمە يېزىسىغا كېتىۋاتقاندا يولدا قۇرۇپ قاخشال بولۇپ كەتكەن بىر باغلام بۇغداي ئۈنچىسىنى يۇدۇپ كېتىۋاتقان بىر كەمبەغەل دېخان بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. دېخان دەرت-ئەھۋال ئېيتىپ: "سۇنىڭ ھەممىسىنى بايلار ئىگەللىۋالدى، مەن يەر سۇغۇراي دېسەم، سۇ بەرمىدى، قاراڭ



بۇغدايلىرىمىز قۇرۇپ مۇشۇنداق بولۇپ كەتتى، ئۆيۈمدە ئۇششاق بالىلىرىم كۆپ، بۇندىن كېيىن بۇ جاننى قانداق باقارمىز؟" دېدى. لىن جىلۇ ئاڭلاپ بولۇپ ئىسمىڭىز نېمە؟ دەپ سورىۋېدى، ئۇ دېخان ئايۇپ دېدى. لىن جىلۇ ئايۇپ بىلەن بىللە ئېتىزغا بېرىپ قارىسا ئەھۋال ئايۇپ دېگەندەك چىقتى. بۇنىڭدىن باشقا بىر نەچچە ئۆيلۈك دېخانلارنىڭمۇ بۇغدايلىرى قۇرۇپ كەتكەن ئىدى. لىن شېيەنجاڭ مىراپنى چاقىرتىپ، دەرھال سۇ باشلاپ كېلىپ ئايۇپنىڭ يېرىنى سۇغۇرۇپ بېرىسەن دەپ بۇيرۇق قىلدى. ھەممە: بۇندىن كېيىن يەر سۇغارغاندا ئالدى بىلەن ئاياغنى سۇغۇرۇپ بولۇپ ئاندىن باشنى؛ ئالدى بىلەن نامراتلارنىڭكىنى، ئارقىدىن بايلارنىڭ يېرىنى سۇغۇرىسەن دەپ قاتتىق جېكىلەپ قويدى.

دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، لىن جىلۇ ئاممىنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشكە، سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياسىشىغا رەھبەرلىك قىلدى. كۇچار ناھىيىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە چاقا دەرياسى دېگەن بىر دەريا بولۇپ، ھەر يىلى كەلكۈن مەزگىلىدە جۇش ئۇرۇپ ئاققان كەلكۈن سۇلىرى ئېتىز-ئېرىق، باغ-بوستانلارنى، ئۆي-ئىمارەتلەرنى غەرق قىلىپ كۇچار خەلقىگە ئېغىر بالايى-ئاپەت كەلتۈرەتتى.

لىن جىلۇ ئاممىنىڭ سۇنى تىزگىنلىشىگە رەھبەرلىك قىلىپ زىيانىنى پايدىغا ئايلاندۇرۇش مەقسىتىدە ئادەم تەشكىللەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن دەريانىڭ يۇقۇرى تەرىپىدىكى تاغنىڭ شىمالىي ئېغىزىغا توسما ياساپ، كەلكۈن سۇنى توساپ، سۇنى زاپاس ساقلاش قارارىغا كەلدى ھەمدە بۇ سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ ئىش باشلاش خىرىتىمىسىنى ئۆزى

سىزىپ، ھەر ساھەدىكى زاتلارنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ بىر-
لىكتە مۇزاكىرە قىلدى. ھەر ساھەدىكى زاتلار بۇ پىلانغا
ماقۇل بولغاندىن كېيىن، ئەژدەرھا ئاغزىدىكى سۇ توسمىسىنىڭ
قۇرۇلۇشىدا 1941-يىل 4-ئايدا رەسمىي ئىش باشلىنىپ
كەتتى. 1-2-3-5-رايونلارغا تەۋە يېزا-كەنتلەر ئۆزلىرى-
نىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش ئورنىغا ئىككى مىڭدىن ئوشۇق
ھاشار ئەۋەتتى. ئىش ئورنىدا ئادەملەرنىڭ ۋاڭ-چۇڭلىرى
پەلەككە يەتتى، ئات-ھارۋىلار ئوتۇشۇپ تۇردى، شۇنىڭ بى-
لەن كۇچار تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىش مەيدانى بار-
لىققا كەلدى. ئىش سۈرئىتىنى ئىلگىرىلىتىش ئۈچۈن بۇ
ئىككى مىڭدىن ئوشۇق ھاشارنى 4 جۇڭدۈيگە بولۇپ ئەمگەك
مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى، قايسى جۇڭدۈي
ۋەزىپىسىنى بالدۇر ئورۇنلاپ بولسا بىر ۋاخلىق تاماق
بىلەن مۇكاپاتلىدى. تەقدىرلەش بىلەن جازالاش
ئوچۇق بولدى. ئامما رايون باشلىقى شىرىپنىڭ كۈن بويى
يەپ-ئىچىپ ئىشنىڭ پۈتۈش-پۈتمەسلىگى بىلەن كارى بول-
مىغانلىغىنى پاش قىلدى. بىر كۈنى لىن جىلۇ ئىش مەيدانىغا
بېرىپ تەكشۈرۈۋاتقاندا رايون باشلىقى شىرىپ يوغان بىر پارچە
گۆشنى تۇتىۋېلىپ راسا يەۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ قېلىپ، لىن
جىلۇ ئۇنى رايون باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىۋەتتى.
بۇنىڭ ئورنىغا دىخانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ئىسمايىلنى
رايون باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆر-
گەن ئاممىنىڭ ئەمگەكتىكى قىزغىنلىغى تېخىمۇ ئاشتى، شۇنىڭ
بىلەن ئۇزۇنلىغى 1200 مېتىر، ئىگىزلىگى 4 مېتىر، كەڭلىگى
8 مېتىر كېلىدىغان توسما تېزلىكتە پۈتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ



ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان كەلكۈن سۇلىرىغا نۇختا سېلىنىپ كەلكۈن-
دىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە يەرلەرنى سۇغۇرۇش رولى جارى
قىلدۇرۇلدى. ئېقىنىنىڭ ئاياق تەرىپىدە تېرىلغۇ يەرنىڭ كۆلىمى
3 ھەسسە كېڭەيتىلدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ توسما شىمالى
تاغ ئېغىزىدا قەد كۆتۈرۈپ خەلققە يەنىلا داۋاملىق مەنپەئەت
يەتكۈزمەكتە، كۇچار خەلقى لىن شيەنجاڭنىڭ بۇ تۆھپىسىنى
مەڭگۈ ئۇنۇتماسلىق ئۈچۈن بۇ توسمىغا "لىن جىلۇ توسمىسى"
دەپ نام قويغان ئىدى.

ئەسلىدە چاقا دەرياسىنىڭ ئۈستىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ
گۇاڭشۈي يىللىرىدا ياسالغان بىر ياغاچ كۆۋرۈك بولۇپ،
يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن رېمونت قىلىنماي ئۈزۈلۈپ چۈشەي
دەپ قالغان ئىدى. قاتناش ئىشلىرىغا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن
لىن جىلۇ خەلقلەرنىڭ بۇ كۆۋرۈكنى يېڭىدىن ياسىشىغا رەھبەرلىك
قىلدى. يېڭى كۆۋرۈكنى ئۆزى لايىھىلەپ ھەمدە قوزۇق قېقىش
ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلدى. قوزۇقنى ئاسما بازغان بىلەن قاقتى،
شۇنىڭ بىلەن بۇ يېڭى ياغاچ كۆۋرۈك ھەم چىرايلىق، ھەم
پۇختا قىلىپ ياسالدى. كۆۋرۈك پۈتكەندە كۇچار ناھىيە شەھىر-
دە تۇرۇشلۇق ھەر ساھە ۋەكىللىرى كۆۋرۈككە نام بېرىش
مەسىلىسىنى ئورتاق مۇزاكىرە قىلدى. بەزىلەر: بۇ يېڭى كۆۋ-
رۈكنىڭ پۈتۈپ چىقالىشى لىن شيەنجاڭنىڭ رەھبەرلىگىگە باغ-
لىق، لىن شيەنجاڭنىڭ مۇبارەك نامى بىلەن نام قويايلى! دەپ
ئوتتۇرىغا قويغاندا، لىن جىلۇ ئاڭلاپ بۇ گەپكە قوشۇلمىدى.
ئۇ مۇنداق دىدى: "بۇ كۆۋرۈكنىڭ پۈتۈپ چىقىشى خەنزۇ-
ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئەمگەك قىلىشىنىڭ نەتىجىسى. كونا
كۆۋرۈكنىڭ يان ياغىچىدا "كوسەن دولىتىنىڭ قەدىمقى پايتەختى"،

"ئەژدىھار ئېغىزىدىكى ئېقىن" دېگەن بېغىشلىمىلار بار ئىكەنغۇ؟ مەن ئەسلىدىكى بېغىشلىمىنى ئازراق ئۆزگەرتىپ "كۈسەن دۆلىتىنىڭ قەدىمقى پايتەختى"، "ئىشتىپا قىلىق، يېڭى كۇۋرۇكى" دەپ نام بېرىشنى تەكلىپ قىلىمەن" دېدى، جامائەتچىلىك لىن شيەنجاڭنىڭ كەمتەرلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭ يولۇق گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ پىكرىگە بىردەك قوشۇلدى. كۇۋرۇكنىڭ پۈتكەنلىكىنى تەبرىكلەپ لىنتە كەسكەن كۈنى پۈتۈن شەھەر خەلقى بايرام خۇشاللىقىغا چۆمۈپ، داقا - دۇمباق چېلىپ بۇ يېڭى كۇۋرۇكنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

ئوتتۇشتە، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار بىلەن بايلارنىڭ ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىشى تۈپەيلىدىن، كۇچار ناھىيىسىنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى ناھايىتى ئارقىدا قالغان ئىدى. ناھىيە بويىچە ئاران ئىككى مەكتەپ بولسىمۇ شەھەر مەكتىۋىنىڭ مۇقىم ئورنى يوق ئىدى. لىن جىلۇ كۇچارنىڭ قىيابىتىنىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زورۇرلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئاقسۇدا تۇرغاندا ئۆزى تەربىيىلىگەن ماجۇيكۇي دېگەن ياش يىگىتنى ئاممىنى قوزغاش، تۇرلۇك مەكتەپلەرنى قۇرۇش ئۈچۈن، مەدەنىي-مائارىپ بولۇمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. لىن جىلۇنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ئارقىسىدا، كۇچار ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ناھىيە بويىچە مەكتەپلەر ئەسلىدىكى ئىككىدىن 49 غا يەتتى (ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپلەر 13، ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەر 36) 18 مىڭدىن كۆپرەك بالىلار ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىندى. 2 - رايون تەۋەسىدىكى قىرغىزات دېگەن تاغلىق يېزىدا 18



ئۆيلۈك قىرغىز خەلقى ياشايتتى، لىن جىلۇ بۇ يېزىغا بېرىپ، ئەھۋالنى ئىگەللەپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرھال قىرغىزلار ئۈچۈن مەكتەپ قۇرۇپ، 20 دىن ئارتۇق بالىلارنى مەكتەپكە قوبۇل قىلغاندىن تاشقىرى ساۋات چىقىرىش ئۈچۈن كەچكۇرسى ئېچىپ بەردى. لېكىن مائارىپ راسخودى چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن قانداق قىلىش مەسىلىسىگە كەلگەندە، ئۇ بايلار بىلەن سودىگەرلەرنى ئىئانە بېرىپ مەكتەپ ئېچىشنى قوللاشقا سەپەرۋەر قىلدى. لىن جىلۇ ئالدى بىلەن كۇچار ناھىيىلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ۋاپاخۇن بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇنى يۇرت ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ خەيرىلىك ئىش قىلىش، ئازراق بولسىمۇ پۇل چىقىرىپ مەكتەپ ئېچىشقا سەپەرۋەر قىلدى. ۋاپاخۇن ئاغزىدا ھە دېگەن بولسىمۇ دىلىدا بۇ ئىشنى ئېغىر كۆرگەن ئىدى. لىن جىلۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىلىۋالدىدە كۇچار باشلانغۇچ مەكتىۋىنىڭ مۇدىرىنى ھەركەتلەندۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ داقا - دۇمباق چېلىپ سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىپ، ۋاپاخۇن مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا پۇل ئىئانە قىلدى دەپ تەشەككۈر ئېيتىپ، بۇ ئىشنى جامائەتچىلىك ئالدىدا ئوچۇق ئوتتۇرىغا چىقاردى. ۋاپاخۇن شۇنىڭ بىلەن پۇل چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى. باشقا بايلار، سودىگەرلەرمۇ ئۇنى دوراپ مەكتەپ ئېچىش ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلىشقا باشلىدى.

لىن جىلۇ يەنە دارىل ئاجىز ۋە دارىلئىتام قۇرۇشقىمۇ رەھبەرلىك قىلدى. سابىق ئەمەلدارلارنى كۈتۈۋېلىش ئورنىدىن پايدىلىنىپ دارىلئىتام قۇرۇپ 120 نەپەردىن ئارتۇق يېتىم بالىلار قوبۇل قىلىندى. لىن جىلۇ دارىلئىتامغا مۇئەللىم ئېۋەت-

كەندىن تاشقىرى، ياغاچچى، سەيپۇڭ، موزدۇز قاتارلىق ھۈنەرۋەن ئۇستىلارنىمۇ ئوقۇتقۇچىلىقتا ئىشلىتىپ، يېتىم بالىلارغا مەدەنىيەت بىلىمى ئۆگىتىپلا قالماستىن، ئىشلەپچىقىرىش، تېخنىكا بىلىملىرىنىمۇ ئۆگىتىپ، كەلگۈسىدە تىرىكچىلىك قىلىشىنىڭ يولىنى يارىتىپ بەردى. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ يىغىۋېلىنغان بالىلارنىڭ تولىسى بىناكارلىق ئىشچىلىرى ياكى قول سانائەتچىلىرى بولۇپ چىقتى.

مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، قەدىمقى كۇچار ناھىيىسى جۇشقۇنلۇققا چۆمدى. مەكتەپلەردە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى شېئىرلار ئۆگىتىلدى. ناخشا ئېيتىش، دىكلاماتسىيە ئوقۇش مۇسابىقىلىرى ۋە توپ، يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلدى. ئويۇن - تىياتىرلار ئوينالدى. كۇچار ناھىيە بازىرى پۇل يىغىش قىلىپ كىنو قويۇش ئاپاراتى سېتىۋالدى، قەدىمقى كۈسەن دۆلىتىنىڭ خەلقلىرى تۇنجى قېتىم كىنو كۆردى. ئاممىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى بېيىدى. لىن جىلۇ يەنە گېزىت - ژورنال چىقىرىشنى، ناھىيە تارىخىنى يېزىپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلدى.

لىن جىلۇ ھاكىم بولۇپ تۇرغان چاغلىرىدا، ھەمىشە "سادىقەت بولۇش، ئىرادىلىك بولۇش، ئۆزىنى چىڭ تۇتۇپ باشقىلارغا كەڭ قوساق بولۇش" توغرىسىدا ئوقۇغۇچىلارغا ئىلھام بېرەتتى، شۇنداقلا يەنە مۇشۇ 4 جۈملە سۆز بىلەن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئۇ، گەرچە شىڭ شىسەينىڭ قول ئاستىدىكى ھاكىم بولسىمۇ، لېكىن كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئۆز مەنپەئەتىنى دىمەي باشقىلارنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان ئېسىل پەزىلەتلىك ئىس-



تىلىنى قەتئىي جارى قىلدى. بىر قېتىم ئۇنىڭ خەۋەرچىسى مامۇت باتۇر ھوكۇمەتنىڭ ئات بوغۇزىدا ئىشلىتىدىغان بىر داس قونىقىنى لىن جىلۇ بېقىۋاتقان توخۇلارغا بېرىدۇ. بۇنى سەزگەن لىن جىلۇ، مامۇت باتۇرغا: "دۆلەت بىلەن شەخسنى ئېنىق ئايرىش كېرەك، ھوكۇمەتنىڭ يەم بوغۇزلىرى بىلەن شەخسلەرنىڭ توخۇلىرىنى بېقىشقا بولمايدۇ، دەپ پۇل چىقىرىپ خەۋەرچىگە بېرىپ، بۇ پۇلغا قوناق ئېلىپ ھوكۇمەتكە قايتۇرۇۋېتىڭ دەيدۇ. ئۇ چاغدا، لىن جىلۇغا ئۆزىنىڭ ھەر ئايلىق مۇئاشىدىن تاشقىرى يەنە دىخانچىلىق، سودا باج كىرىملىرىدىن ئاجراتقان پۇلدىن 2 مىڭ يۈەن قوشۇپ بېرىلەتتى. بىراق ئۇ تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا بولغاچقا، ئالغان بۇ پۇللىرىدىن بىر تىيىنىنىمۇ قالايمىقان خەشلىمەيتتى. ياتقان ئۆيىدە بىر دانە چوڭ كارىۋات ۋە بىر دانە بالا كارۋىتى بار ئىدى، كىچىك ئۆيىدىمۇ چىنە - چەينەك قويىدىغان شىرە، بىر دانە ئۈزۈن ئورۇندۇق، بىر دانە قاتلىما ئورۇندۇق ۋە باشقا ئۇششاق - چۈششەك ئۆي جاھازلىرىلا بار ئىدى. بۇلارنىمۇ لىن جىلۇ ئۆز قولى بىلەن ياسىغان. ھەر يىللىق قوشۇپ بەرگەن پۇللارنى پارتىيە ئەزالىق بەدىلىگە ۋە سەھنە ياساشقا بېرىۋېتەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يېزىلارغا چۈشكەندە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىككى ئاتلىق بىر ھارۋا سېتىۋالدى. ئۇنىڭ ئايالى كەلگەندىن كېيىن ئەسلىدە ئولتۇرغان ئۆيى تار كېلىپ قالغاندا ئۆزىنىڭ پۇلى بىلەن ئەسلىدىكى ئۆيىگە چاپلاپ يەنە بىر ئېغىز ئۆي سالدۇردى. ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى ئاياللارنىڭ ئۆيلىرىدە كىرىم قىلالماي بىكار ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، رەپىقىسى چېن يىنسۇغا ئۇلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۆز

مۇئاشىدىن ئىككى دانە كىيىم تىكىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ،
بۇ ئاياللارنى كىيىم تىكىش ۋە يامىاقچىلىق قىلىپ پۇل تې-
پىشقا تەشكىللىدى. ئۇنىڭ ئولتۇرغان ئۆيىگە ھەمىشە باشقىلار
يوخلاپ كېلىپ تۇراتتى. ئەينى ۋاقىتلاردا ئاق روسلار باتا-
لىئونىدا تەرجىمانلىق قىلغان ياۋلىياك دائىم كېلىپ لىن جىلۇ
بىلەن شېئىرلار، ماقالىلار ئۈستىدە پاراڭلىشاتتى، بەزىدە چېن
يىنسۇنىڭ ئۆيىدە شاخمات ئوينىغاندا ئىدارە خادىملىرى،
قارا خىزمەتچى، ئاشپەزلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ ئۇنىڭغا "مەس-
لىھەتچى" لىك قىلاتتى. كوپچىلىك ناھايىتى ئىناق ئۆتەتتى.
1941-يىل 2-ئايدا لىن جىلۇنىڭ ئوغلى تۇغۇلدى. ئۇنىڭ
تۇغۇلغان كۈنى دەل قۇربان ھېيت كۈنى ئىدى. كونىلارنىڭ
"ئەلگە كىرسەڭ ئىلىكچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىقچە" دېگەن تەمسى-
لىگە ئەمەل قىلىپ، ئەزەلدىن شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ ئا-
دىتىگە ھۆرمەت قىلىپ كەلگەن لىن جىلۇ خۇشال-خۇراملىق
بىلەن بالىسىغا "قۇربان ئاخۇن" دەپ ئات قويدى.

ئۆگىنىشكە باشتىن-ئاخىر ئەھمىيەت بېرىدىغان لىن
جىلۇ ھەر قانچە ئالدىراش بولسىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ كىتاب
ئوقۇش، گېزىت كۆرۈشنى زادىلا ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى.
ئۇ كۆچاردا تۇرغان چاغلىرىدا ھەمىشە ماركس، لېنىن ئەسەر-
لىرىنى ئوقۇيتتى. يەنئەندىن كېلىدىغان «يېڭى جۇڭخۇا گې-
زىتى» بىلەن چۇڭچىڭدا چىقىدىغان «شىنخۇا رىباۋ گېزىتى» نى
كۆرۈپ تۇراتتى. ئۆگىنىشنى ئۈزۈلدۈرمىگەنلىكتىن لىن جىلۇنىڭ
سىياسىي سەزگۈرلىكى ئۆتكۈر ئىدى. 1940-يىلى خۇنەندە يېڭى-
جىياڭ ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ چېن
يىنسۇغا: "قاراڭ، جىياڭ جيېشى يۈز ئۆرۈندى، شېڭ شىسەيمۇ شۇنداق



ئەمەسمۇ؟ ئۇ قاچانلا بولمىسۇن يۈز ئۆرۈيدۇ، ھوشيار بولۇشى-
مىز، قاچان بولمىسۇن بولىدىغان ئۆزگىرىشكە ھازىرلىنىپ
تۇرۇشىمىز كېرەك. مەن ئۇرۇشقا قاتنىشىپ كۆرمىگەن، ئەڭ
ياخشىسى شەرقىي-شىمالغا بېرىپ پارتىزانلىق قىلسام دەيمەن"
دېگەن. ئۇ بىر دانە خەنجەر بىلەن ماتادىن خالتا تىكتۈرۈپ،
پارتىزانلىق قىلغاندا ئىشلىتىشكە تەييارلاپ قويغان.

لىن جىلۇنىڭ شېڭ شىسەي توغرىسىدا ئېيتقان سۆز-
لىرى بارغانچە پاكىتقا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن
شېڭ شىسەي لىن جىلۇنىڭ كۆچاردا ئۇزۇن مۇددەت خىزمەت
ئىشلەپ "ئاممىنى قىزىللاشتۇرۇشى" دىن قورقۇپ 1941-يىل
6-ئايدا بۇيرۇق بىلەن ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەلدى.

لىن جىلۇنىڭ كۆچاردا تۇرغان ئىككى يىل ئىچىدىكى
نەتىجىلىرى ئالاھىدە بولۇپ ئاممىنىڭ چوڭقۇر ھىمايىسىگە ئىگە
بولغان ئىدى. ئارىدىن 40 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، لىن شيەن-
جاڭنىڭ ئەينى يىللاردىكى تۆھپىلىرىنى كۆچار خەلقى يەنىلا
چوڭقۇر ئەسلىمەكتە ۋە تىلغا ئېلىشماقتا. ئۇ كۆچار
خەلقلىرىنىڭ قەلبىدە خۇددى ئۆزى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
سەيناسىغا ئۆز قولى بىلەن تىكىپ قويغان سىيدەك چوڭقۇر
يىلتىز تارتىپ تۇرماقتا.

لىن جىلۇ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، ئالدى بىلەن شېڭ
شىسەينىڭ مېھمانخانىسىدا تۇردى. كېيىن يەنە 3-مېھمانخا-
نىغا كۆچۈپ كەلدى. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن تەربىيە-
سىگە ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن لىن جىلۇ كۆچاردا
ئىشلىگەن چاغلىرىدىلا پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغ-
رىسىدىكى لۇشيەنىدە مەسىلە بارلىقىنى بايقاپ، پارتىيە ۋە-

كىلى چېن تەنچۇغا خەت يېزىپ، شىنجاڭدا بىزنىڭ قوراللىق كۈرەش بىلەن شۇغۇللىنىشىمىزغا يول قويمىغانلىق، پارتىيە تەشكىلىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىزغا، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلىشىمىزغا، شۇنداقلا ئاممىۋى كۈرەش بىلەن شۇغۇللىنىشىمىزغا يول قويمىغانلىق بولۇپ شىڭ شىسەينىڭ دۈمبىسىنى چالغانلىق بولىدۇ، دېگەن. ئۇنىڭدىن تاشقىرى شىنجاڭدىن چېكىندۇرۇپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن ئىدى. ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، لىن جىلۇ يەنە بەزى يولداشلىرىغا: «بىز باشقىلارنى تەختى پەرگە ئولتۇرغۇزۇپ كۆتىرىۋاتىمىز، كىشىلەر تەختى پەردە ئولتۇرۇۋېرىپ كاسىسى ئاغرىپ كەتسىمۇ يەنە كېلىپ بىزنى كالتەكلەۋاتىدۇ» دېگەن. بۇ چاغدا پارتىيە تەشكىلىمۇ شىڭ شىسەينىڭ بىرلىكسەپكە بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئەكسىل ئىنقىلاۋى قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش يولى بىلەن شىڭ شىسەينى پىپەن قىلىشنى قارار قىلدى. 3 ـ مېھمانخانىدا تۇرۇۋاتقان لىن جىلۇ پارتىيە تەشكىلىنىڭ پىكرى بويىچە «3 پادىشالىق دەۋرىدىكى گۈەن يۈي توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك بىر ماقالا يېزىپ، گۈەن يۈينىڭ ۋۇ بەگلىگى بىلەن بىرلىشىپ ساۋساۋغا قارشى تۇرۇشقا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىسى ئارقىلىق شىڭ شىسەينىڭ بىرلىكسەپكە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىنى مەسخىرە قىلدى. بۇ ماقالىنى پارتىيە ۋەكىلى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن «شىنجاڭ گېزىتى»دە "لوخۇ" تەخەللۇسى بىلەن ئېلان قىلدى. بۇ ماقالا پۈتۈن شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرىۋەتتى. نۇرغۇن كىتاپخانلار خەت يېزىپ بۇنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.



گۇمانخور شىڭ شىسەي بۇ ماقالىنى كۆرۈپ بەكمۇ خاپا بولۇپ كەتتى، گېزىتخانىنىڭ باش تەھرىرى لى زۇڭلىنغا تېلېفون بېرىپ بۇ ماقالىنى كىم يازغانلىقىنى سۈرۈشتۈردى. لى زۇڭلىن: "بىز يازدۇق" دېۋىدى، شىڭ شىسەي يەنە: "مۇنداق ماقالىنى نېمە ئۈچۈن يازدىڭلار؟" دەپ سورىغان، لى زۇڭلىن: "قارىشىمىزچە بۇ ماقالىدا ھېچقانداق خاتالىق يوق، ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر خەت يېزىپ ماختاۋاتىدۇ!" دېگەن. شىڭ شىسەي ھېچ ئامال قىلالماي يەنە چېن تەنچۇدىن: "بۇ ماقالىنى سىلەر يازدىڭلارمۇ؟ نېمە ئۈچۈن مۇنداق ماقالىنى يازىسىلەر؟" دېگەندە، چېن تەنچۇ مەردانىلىق بىلەن: "بىزنىڭ بۇ ماقالىمىزدا خاتالىق يوق!" دەپ جاۋاپ بەرگەن. شىڭ شىسەي: بۇنى كىم يازدى؟ دەپ سورىدى، چېن تەنچۇ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇپ: "قەلەمنى لىن جىلۇ تۇتتى، مەن قوشۇلدۇم" دېگەن، ھەر ئىككى تەرەپ دەلمۇ ـ دەل تاقابىل تۇرۇشۇپ، جوزىغا مۇشلۇشۇپ ۋاقىراشقان.

ئەسلىدە لىن جىلۇ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شىڭ شىسەي ئۇنى ئۆز يېنىغا تارتىپ شەخسى كاتىۋى قىلىۋېلىش خىيالىدا بولغان ئىدى. چېن تەنچۇ بۇ ھەقتە سۆزلەشكەندە لىن جىلۇ قوشۇلمىغان ئىدى، بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن شىڭ شىسەيگە تېگىۋىدى. شىڭ شىسەي ئاچچىغىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۇنى ئەڭ يىراق چېگرادىكى ئۈچتۇرپان ناھىيىسىگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى.

1942 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى لىن جىلۇ ئۈچ ـ

تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمىلىقىغا تەيىنلەندى. 2 – ئايدا ئۇ "ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش جەدۋىلى" نى تۈزۈپ چىقىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى، 3 – ئايدا ناھىيىنىڭ ئىككىنچى يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ خەلق ئىشلىرى، مالىيە، مائارىپ ۋە ئىشلەپچىقىرىش – قۇرۇلۇش قاتارلىق جەھەتلەردە تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇردى، كۇچاردىكىگە ئوخشاش، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بولدى. ناھىيىلىك مال باھالىرىنى تەڭشەش ھەيئىتىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئۇچتۇرپان سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى مەتلىنىڭ قوي يۇڭلى-رىنى زور مىقداردا بېسىۋالغان قانۇنسىز قىلمىشىغا جازا قوللۇنۇشنى مۇزاكىرە قىلغاندا، بېسىۋالغان يەرلىك مەھسۇ-لاتلار ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 10 پىرسىنتى بىلەن جېرىمانە تۆلۇتۇشنى، 3 ھەپتە ئىچىدە بېسىۋالغان مەھسۇلاتلارنى تار-قىتىپ بولۇشنى ھەمدە ئۇنى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقلىقى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىشنى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تەكسە كوپىراتىۋى قۇرۇپ، مەزكۇر ناھىيىگە سىرتتىن مال يۆتكەپ كەلگەن چوڭ سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىدىن ئىككى پىرسەنتىنى تەكسە كوپىراتىۋىنىڭ پارچە سېتىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئاممىنىڭ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سېتىۋېلىش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى، بۇ دەرھال ئاممىنىڭ ھىما-يىسىگە ئېرىشتى، كۈتۈلمىگەندە ۋەزىپە ئۆتىگىلى 4 ئاي بولمايلا شىڭ شىسەي ئۇنى يەنە ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەتتى. بۇ، شىڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى جياڭ جېيشىنىڭ قوينىغا ئېتىپ، دوستلىرىنى سېتىپ نام – شۆھرەت قازىنىش نىيىتىگە كەلگەن



سۇيىقەستلىك ھەركەتلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. يېرىم يىلدىن ئىلگىرى غالجىرلاشقان ھاكاۋۇر شىڭ شىسەي، جياڭ-يۈگۈەننىڭ سىرتى بىلەن ئىچكىرىگە ھوكۇمرانلىق قىلىش قارا نىيىتىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، ستالىن بىلەن تەنپەن ئۆتكۈزۈپ، توپ – زەمبىرەك، تانكىلار بىلەن مىخانىك-لاشقان بىر دىۋىزىيە قوراللاندۇرۇپ بېرىشنى، ئۆزىنىڭ كوم-پارتىيىگە كىرىشىنى تەلەپ قىلغاندا، ستالىن: توپ – زەمبىرەك، تانكا بىلەن تەمىنلەشكە بولىدۇ، لېكىن پۇل ئېلىپ كېلىپ سېتىۋېلىش كېرەك. كومپارتىيىگە كىرمەكچى بولسىڭىز قايتىپ بېرىپ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئىلتىماس قىلىڭ، بۇنى ئۇلار بەلگىلىسۇن دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى. شىڭ شىسەي مەخ-سىتىدىگە يېتەلمەي قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ئوچمەنلىكىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېر-مانىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايانغىلى بولمايدىغان بولدى دېگەن ئويغا كېلىپ، ئۆزىنى جياڭ جېيشىنىڭ قوينىغا ئېتىش قارارىغا كەلدى. ئىچكى قىسمىدىكى توسالغۇ كۈچ-لەرنى تازىلىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن كومپارتىيىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان بىر تۇققان قېرىندىشى لۇيجاڭ شىڭ شىچىنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇزۇقلۇق قىلدى، ئۆزىنىڭ ئېرىگە سۇيىقەست قىلدى دېگەن توھمەت بىلەن شىڭ شىچىنىڭ خوتۇنىنى زىيانە-كەشلىك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئارقىدىنلا "باشقا ئىشقا قويماقچى" دېگەن نام بىلەن پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىشلەۋاتقان كادىرلىرىنى ئۈرۈمچىگە توپلاپ،

دوستلىرىنى سېتىپ ئۆزىگە ئابروي تېپىشقا ھازىرلاندى، ئەشۇنداق قىلىپ شىڭ شىسەينىڭ ئەپتى - بەشىرىسى ئېچىلىپ ئەكسىلئىنقىلابى قارا نىيىتى ئاخىرى پاش بولدى.

( 4 )

1942 - يىلى 5 - ئايدا لىن جىلۇ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ياڭ ماۋخۇ مېھمانخانىسىغا جايلاشتى. بۇ چاغدا، پارتىيە ۋەكىلى چېن تەنچيۇ 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق باشقارمىسىدا بارلىق كادىرلارنى توپلاپ ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشى ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. لىن جىلۇ بۇ قېتىمقى ئىستىل تۈزىتىشكە ماسلاشتۇرۇپ ئۆزى دىراما يېزىپ ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلىپ، جانلىق ئوبرازلار بىلەن نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشنىڭ لازىملىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى چۈشەندۈردى.

شۇ ۋاقىتلاردا شىڭ شىسەي بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئېۋەتكەن جۇشياۋلياڭ تىل بىرىكتۈرگەن ئىدى، 9 - ئايدا ئۇ يەنە جياڭ جيېشى ئېۋەتكەن سۇڭ مېيلىن بىلەن تەنپەن ئۆتكۈزدى. جياڭ جيېشىنىڭ تەھدىت سېلىشى ۋە ئالدىشى بىلەن ئۇ گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ مۇدىر ھەيئەتلىكىنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئۆز ۋەدىسىدىن يۈز ئۆرىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش دەيدىغان نىقاپلىرىنى چۆرۈۋەتتى، 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شىڭ شىسەي پارتىيىمىزنىڭ كادىرلىرىنى بىر يەرگە جەملەپ نەزەربەنت قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى.



شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ماشىنا ئېۋەتىپ "شىڭ دۇبەن سۆھبەتلىشىشكە تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ" دېگەن نام بىلەن چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىننى ئېلىپ كەتتى. چۈشتىن كېيىن، يەنە بىر نەچچە ماشىنا ئېۋەتىپ لىن جىلۇ، لى زوڭلىن، لى يۈنياڭ، كۇاڭ ماجۇ، گاۋدېڭباڭ، يۈيىيۈن، دىڭ يىشىڭ قاتارلىق ئەر يولداشلارنى ئېلىپ كەتتى، ئاخشىمى چېن يىنسۇ، ليۇمىيەن، ۋۇنەيجۈن قاتارلىق ئايال يولداشلار بىلەن قۇربان ئاخۇن قاتارلىق ئۇششاق بالىلارنىمۇ 3 بۇرجەكلىك جايغا ئېلىپ كېلىپ نەزەربەنت قىلدى.

لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلار 3 بۇرجەكلىك جايغا يېتىپ كېلىش بىلەن ئاكتىپلىق ھالدا پارتىيە ياچېيكىسى قۇردى، لى زوڭلىن ياچېيكا شۇجىسى، لىن جىلۇ، لى يۈنياڭ قاتارلىق يولداشلار ياچېيكىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولدى. پارتىيە ياچېيكىسى شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتكە ئاساسەن، 3 تۈرلۈك قارار چىقاردى: 1 - شىڭ شىسەي بىزنى تۈرمىگە ئېلىشتىن ئىلگىرى بىرلىكسەپ ئوبيېكتى بولىدۇ، بىزنى تۈرمىگە تاشلايدىكەن، ئۇ چاغدا كۈرەش قىلىش ئوبيېكتىمىز ۋە بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بولىدۇ. (ئۇ چاغدا شىڭ شىسەي مەككارلىق قىلىپ: ۋەزىيەت جىددىي بولغاچقا سىلەرنى قوغداش ئۈچۈن يىغىپ قويدۇق، ئۆزۈڭلار قالماي يەنئەنگە ئاپىرىپ قويىمىز دەۋالغان ئىدى)، 2 - شىڭ شىسەي دۈشمەنگە ئۆزگىرىدىكەن، بىز مەردانىلىق بىلەن: شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئىشلىرىدا تۆھپىمىزنىڭ بارلىقىنى خاتالىقىمىز يوقلىقىنى؛ ئۇلارنىڭ بىزنى تەكلىپ قىلىپ كەلگەنلىكى، ھازىر ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي قولغا

ئالغانلىقى بىرلىكسەپنى بۇزغانلىق بولىدىغانلىقىنى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ھەركىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايەت ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ شىڭ شىسەينى پاش قىلىمىز؛ 3 ـ دۈشمەن تەرىپىدىن بىزگە چاپلانغان خىلمۇ ـ خىل بەدناملارنى بىردەك ئېتىراپ قىلمايمىز، كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىمىز. ھەممەيلەن بىرلىكتە يەنئەنگە قايتىپ كېتىشنى قولغا كەلتۈرىمىز دېگەنلەردىن ئىبارەت.

شۇ چاغدا ياچېيكا ھەيئەتلىرىنىڭ ئىش تەخسىماتى بويىچە، لىن جىلۇ تاشقىرى بىلەن ئالاقە باغلاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. يولداشلارنىڭ تۇرمۇشىغا بەك كۆڭۈل بولەتتى. ھەممىشە گۇندىپايلار بىلەن ئالاقىلىشىپ پايدىلىق ۋە يوللۇق كۈرەش تاكتىكىسىنى قوللانغانلىقتىن، ھىلىگەر دۈشمەنلەرمۇ ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تۈن يېرىمىدا، كۇۋاڭ ماجۇنىڭ زەپىقىسى ليۇمىيەننىڭ ئاي ـ كۈنى توشۇپ تۇغۇت ۋاقتى يېقىنلاپ تولغاق تۇتۇشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا بوران چىقىپ قار ـ شۇۋرغانلار جاھاننى قاپلىغان ئىدى. لىن جىلۇ گۇندىپاي ياتقان ئۆينىڭ دەرىزىسى ئالدىغا كېلىپ ليۇمىيەننى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقا تەكلىپ قىلدى، گۇندىپاي قەستەن ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدى. لىن جىلۇ بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ دەرىزىنى ئۇرۇپ چېقىپ گۇندىپاينى سوزلەشكە مەجبۇرلىدى. گۇندىپاي دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقا ئۇنىمىدى. لىن جىلۇ كەتمەي تۇرۇۋالدى، كېيىن لىن جىلۇنىڭ ھەققانىي سوزلەر بىلەن ئەيىبلىشى ئارقىسىدا ئۇ نائىلاج ماقۇل كەلگەن بولسىمۇ،



لېكىن يەنە قوزغالماي تۇرۇۋالدى. كۈرەش داۋاملىشىپ تاڭ ئاتاي دېگەندە گۇندىپاي ئاندىن ماشىنا تېپىپ كەلدى. لېكىن كۇۋاڭ ماجۇنىڭ يولدىشى بىلەن بىللە بېرىشىغا ئۇنىمىدى. بۇ چاغدا لىن جىلۇ غەزەپلىنىپ: "ئۇنىڭ يولدىشىنىڭ بېرىشىغا يول قويمىساڭ، مەن بىرگە باراي!" دەيدۇ، ئاخىرى ئۇ ليۇمىيەنگە ھەمرا بولۇپ دوختۇرخانىغا بىللە باردى.

ۋاقىت ئۆتۈۋېرىپ يولداشلارنىڭ 3 بۈرجەكلىك جايغا نەزەربەنت قىلىنغىنىغىمۇ 4 ئايدىن ئېشىپ قالدى. 1943 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، لىن جىلۇ چېن يىنسۇغا: "يېقىندىن بۇيان ياخشى ئۇخلىيالمايۋاتىمەن، ھەمىشە چۈشۈم بۇزۇلۇپ، بالىمىزنى سىرتقا تاشلاپ قويۇپ ئىككىمىز تۆمۈر قەپەزنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغان چۈشلەرنى كۆرۈۋاتىمەن، شىڭ شىسەي دېگەن ئەبلەخ ناھايىتى يامان، سىز سىناقتا چىداشلىق بېرىشىڭىز كېرەك. مەيلى ھەر قانداق قىيىن شارائىتتا بولسىمۇ پارتىيىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەك!" دېگەن ئىدى.

بۇزۇلغان چۈش ئاخىرى رېئاللىققا ئايلاندى! 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاخشىمى قۇربان ئاخۇننىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا بېرىشى بىلەن دېرىزە تۈۋىدە كىشىلەرنىڭ تاپۇر ـ تۇپۇر ئاياق تىۋىشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. لىن جىلۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى، ئىستىل تۈزىتىش ھۆججەتلىرىنى كويدۇرۇۋەتتى، ھامىلدارلىق سەۋەبى بىلەن ھەركەت قىلىشى ئەپسىز بولغان رەپىقىسىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ھازىرلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىشىك تاراقلىدى، ئارقىدىنلا

باشقىلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە لىن جىلۇنىڭمۇ ئىسمى بار ئىدى. شىڭ دۇبەن سىلەرنى سوھبەتكە تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ، دىگەن سوزلەرمۇ ئاڭلاندى. لىن جىلۇ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا شىنجاڭدا: "ئاسماندىنمۇ، يەردىنمۇ قورقماسلىق كېرەك، شىڭ دۇبەننىڭ سوھبەتكە چاقىرىشىدىنلا قورقۇش كېرەك" دىگەن بىر تەمسىل خەلق ئىچىدە مەخپى تارقالغان ئىدى. يولغا چىقىش ئالدىدا رەپىقىسىگە: "مەيلى قانداق ئورۇن، قانداق ئەھۋالدا بولسۇن، سىز كوممۇنىستلارنىڭ ئۇلچىمى بويىچە ئۈزىڭىزگە تەلەپ قويۇڭ، پارتىيە سىزنى نىمە قىل دىسە، مز شۇنى قىلىڭ!" دىگەن سوزنى تاپىلىدى. ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ كارۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ قۇربان ئاخۇن دەپ ئات قويغان بالىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ: "مەيلى قانداق قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلسىڭىزمۇ قۇربان ئاخۇننى بېقىپ چوڭ قىلىڭ، ياخشى تەربىيىلەڭ!" دىدى.

لىن جىلۇ ئۆيدىن تالاغا چىقىپلا سىرتتا توختىتىلغان بىر قانچە قارا ماشىنىغا كوزى چۈشتى، ئۇنى كۇاڭ ماجۇ بىلەن بىللە بىر ماشىنىغا سالدى. ماشىنىغا چىقىشى بىلەنلا ئىككى نەپەر ئىشپىيون ماۋزېرنى يالاڭاچلاپ بۇ ئىككيلەننى ئارىغا ئالدى؛ يەنە بىر فۇگۇەن بىر تەرەپتە ئولتۇردى. بۇلارنى 4- تۈرمىغا ئېلىپ كەلدى. ئىشپىيونلار ئۇلارنى ماشىنىدىن ئىتتىرىپ چۈشەردى. قارا رەخت بىلەن كوزلىرىنى تېڭىپ تەكشۈرۈش بولۇمىگە سورەپ كىرىپ، ئاندىن قارا رەختنى يېشىۋەتتى. بۇ ئۆيدىكى 10 نەچچە ئىشپىيون خۇددى ئاچ قالغان بورىلەردەك ئېتىلىپ كېلىپ، تەكشۈرۈش قىلىپ، تۇگمە،



ئىشتان باغ، ئاياغ ئىزمىسى، گالىبى قەلەم قاتارلىق نەرسىلىرىنى پاك - پاكىزە تارتىۋېلىپ، كوزىنى يەنە قارا لاتا بىلەن تېڭىپ 10 - نومۇرلۇق كامېرغا ئاپىرىپ تاشلىدى. تۈرمىغا كىرىپلا بۇ يەردە گاۋدىڭباڭ، ساۋجيەنپېي، چېن گۈيىن، دۇەن جىنچى (كېيىن ئاسىيلىق قىلغان) لارنى كوردى.

بىر كۈنى لىن جىلۇ قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ تۈرما ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ بىر ئازدىن كېيىن كوپچىلىككە: "بىز گەرچە سولاققا كىرىپ قالغان بولساقمۇ، لېكىن ھەممىمىز كومپارتىيە ئەزاسى، تەشكىللىنىشىمىز كېرەك، تەشكىللەنگەندە كۈچ بولىدۇ - دە! تۈرما ئىچىدىكى پارتىيە تەشكىلىنى قانداق قۇرۇش ھەققىدە كوپچىلىك پىكىر بېرىڭلار!" دىدى. كوپچىلىك مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق 6 كىشى بىرلىشىپ پارتىيە گۇرۇپپىسى قۇرۇش كېرەك دەپ ھىساپلىدى ھەمدە لىن جىلۇنى گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا كورسەتتى. لىن جىلۇ ئارقىدىنلا يەنە: "بىزدە ھەر قاچان سوراققا تارتىلىش ۋە ئايرىلىپ كېتىش ئېھتىمالى بار، يەنە بىر نەپەر مائاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولۇش كېرەك، مەن يولداش گاۋدىڭباڭنىڭ مائاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولۇشىنى تەكلىپ قىلىمەن" دىدى. ھەممەيلەن بىردەك قوشۇلدى، لىن جىلۇ كوپچىلىككە يەنە: «مۇبادا دۈشمەنلەر بىزنى ئايرىۋەتسە، كوپچىلىك ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلىش لازىم. ئىككى ئادەم قالغاندىمۇ ئۇنىڭ بىرىنى مەسئۇل قىلىپ سايلاش كېرەك" دىدى.

پارتىيە گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، لىن جىلۇ كوپچىلىك بىلەن بىرلىكتە، دۈشمەن بىلەن قانداق كۈرەش

قىلىش توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلدى. كوپچىلىكنىڭ پىكرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ مۇنۇ 3 ماددىغا يىغىنچاقلىدى: 1 ـ شىڭشىسەي ئوچۇق سوت قىلىپ بىزنى قولغا ئېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېلان قىلسۇن؛ بىزنى ئوچۇق سوت قىلغاندا سوتتىن پايدىلىنىپ بىز باندىت شىڭشىسەينىڭ رەزىل ئەپتى ـ بەشىرىسىنى پاش قىلالايلى، شىنجاڭغا ئۇزىمىزنىڭ تەكلىپ بويىچە كەلگەنلىكىمىزنى، كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭ قۇرۇلۇشىغا قاتناشقانلىقىمىزنى، توھپىمىزنىڭ بارلىقى، جىنايىتىمىزنىڭ يوقلىقىنى چۈشەندۈرىمىز. 2 ـ شىڭشىسەيدىن بىزنى كوللىكتىپ ھالدا يەنئەنگە ئاپىرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىمىز. شەخسلەرنىڭ تۈرمىدىن ئۆز ئالدىغا يالغۇز چىقىشى خائىنلىق ھەركىتى بولىدۇ. 3 ـ كوممۇنىستلارنىڭ ئىنقىلاۋى پەزىلىتىنى ئەمەلدە كورسىتىمىز، ئۇز ھاياتىمىزنى قۇربان بەرسەكمۇ پارتىيە مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزمەيمىز!" دىگەندىن ئىبارەت.

تۈرمىدە لىن جىلۇ يۈكسەك ئىنقىلاۋى ئۆمىتۋارلىق روھىنى جارى قىلدۇردى. كوپچىلىكنى «كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ خىتاپنامىسى»، «ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» نى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. يەنە كوپچىلىكنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىنقىلاۋى خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئويغۇنلىشىشى ئۈچۈن، تۈرمىدا ياتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چەتئەل تىلى ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولدى. ئۇ يەنە مەخسەتلىك ھالدا قىزىق چاقچاقلار بىلەن كوپچىلىكنىڭ كوڭلىنى كوتىرەتتى. بىر كۈنى ئەتىگەنلىك تاماق يەۋاتقاندا لىن جىلۇنىڭ چوكىسى سۇنۇپ كەتتى، ئاندىن ئۇ كۈلۈپ كېتىپ، سەيمۇ يېمەستىن كوپچىلىككە: "سىلەرگە بىر قىزىق پاراڭ سېلىپ بېرەي، بىز گۇاڭدۇڭلۇقلار



تاماق يەۋاتقاندا قولىمىزدىكى چوكا سۇنۇپ كەتسە، بۇنى زور بەختسىزلىك، دەپ قارايمىز دىدى. كوپچىلىك بۇ سوزنى ئاڭلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى، بەزىلەر: "ۋاي ـ ۋۇي، بۇ راسا خۇراپاتلىق ـ خۇراپاتلىق!» دېيىشتىمۇ لېكىن لىن جىلۇنىڭ تۈرمە ھاياتىنىڭ نەقەدەر كوڭۇلسىز ئىكەنلىكىنى كورۇپ كوپچىلىكنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن ئويلاپ تاپقان چاقچىقى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ئىدى.

كۆلكىلىك پاراڭلار بولغان كۈنى، لىن جىلۇ غىڭشىپ تۇرۇپ نامى مەشھۇر "مەھبۇسلار ناخشىسى" نى تۈزۈپ چىقتى، بىراق قەلەمنى قورال قىلىپ كەلگەن بۇ جەڭچى ئوتكۇر قورالى بولغان قەلەمدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، نائىلاج ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ چوڭقۇر ئويلۇنۇپ، توختىماي قوشاق توقۇپ، ئەڭ ئاخىرى كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان جاسارەتلىك قوشاقلارنى توقۇپ ئۈنلۈك ئوقىدى. بۇنى ئاڭلىغان كوپچىلىك ياخشى قوشاق بولغانلىقىنى سوزلىشىپ، ئۇنى يېزىپ چىقىپ باشقا تۈرمىلەردە ياتقان سەبداشلىرىغا ئۆگىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ئازىراق ئەسكى قەغەز تاپقان بولسىمۇ قەلەم تاپالمىدى. بۇنى قانداق يېزىش كېرەك؟ دەسلەپتە مورىنىڭ كۈيىسىنى ئىشلىتىپ كورىۋىدى، ئەپلەشمىدى. ئارقىدىن شاڭنىڭ كۈلىنى ئىشلەتتى. ئۇ چاغدا تۈرمىنىڭ ھەر بىر ئويىدە تاماكا چەككۈچىلەر ئۈچۈن شاڭ يېقىپ قويىلاتتى. كويىۋاتقان شاڭغا سۇ پۈركۈپ ئوچۇرۇپ كومۇر قىلىپ يازغان بولسىمۇ ئۇمۇ ئەپلەشمىدى. ئەڭ ئاخىرى يەنە بىر ئامال قىلىپ بىر دانە يېرىم قېرىنداش قەلەم تېپىپ يېزىپ پۈتكۈزدى. ئۇزى بىلەن بىر ئويدە يېتىۋاتقان تۈرمىدىشى چېن گۇيىن مۇزىكا

جەھەتتە خېلىلا قابىلىيەتلىك ياش ئىدى. ئۇ مۇڭلۇق ئاھاڭلا بىلەن بۇ شېئىرغا نوتا يېزىپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن 10 ـ نومۇرلۇق تۈرما ئۆيىدىن چىققان ناخشا سادالىرى ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق بولغان "ئىنتېرناتسىئونال شېئىرى"دىن باشقا ئادەتتىن تاشقىرى «مەھبۇسلار ناخشىسى» قوشۇلدى:

ئۆتتى دەۋرلەر كەينى ـ كەينىدىن،
ھەسرەتلىك كوز ياشلىرىم بىلەن ئۇقۇدۇم تارىخنى،
كوردۇم دۈشمەننىڭ جازا مەيدانىدا،
مەردانە باتۇر ئەزىمەتلەرنى.
يەنە كوردۇم مەن چىل بورىلەردەك،
ۋەھشى يىرتقۇچ قان ئىچەزلەنى.

ئاھ مىللىتىم!
جاپاكەش ئانام.

سېنىڭ مۇقەددەس بەش مىڭ يىلىڭدا،
قېنى توكۇلگەن سانسىز قەھرىمان.
سېنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىڭ ئۈچۈن
سانسىز ئوغلانلار تەييار ھەر قاچان.

مۇستەھكەم قورغان، تومۇر دەرۋازا،
قاراڭغۇ زىندان يۈتتى ھەممىنى.
ئەلنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن،



كۈرەشكەنلەرنىڭ بوغۇلدى ھامان،
زەنجىر ـ كىشەندە پۇت ۋە قوللىرى.

ئۆز گوشىنى ئۆز يېغىدا قورۇپ،
خەلق دۈشمەنلىرى تەپ ئالدى ئۈندىن.
قانىنى قان بىلەن يۇيىمىز ھامان،
قات ـ قات جىنايەت شۇ ئاقىۋەتكە،
قانخور جاللاتلار جاۋاپكار ھامان.

ئەي مەھبۇسلار، يېڭى مەھبۇسلار،
ئىشەنچىڭلارنى ئاشۇرۇڭلار.
مۇستەھكەم بولسۇن مەيدانىڭلار.
ئەگەر يۇرتداشلار ئەگەر ئۆلسەممەن،
جەسىدىمنى يۇرتقا ئېلىپ كېتىڭلار.

بولسۇن دۈشمەننىڭ ئېغىر جازاسى،
يۇرتۇمنىڭ ئادەتتىكى غىزاسى.

ئەي مەھبۇسلار، يېڭى مەھبۇسلار،
ئىشەنچىڭلارنى ئاشۇرۇڭلار.
مۇستەھكەم بولسۇن مەيدانىڭلار.
كاللا كەتسىمۇ پەرۋا قىلماستىن،
ھورىيەت ئېھرامىنى قۇرۇڭلار.

ئىسسىق قېنىمىز بىلەن بويالغان،
قىزىل تۇغ قىلسۇن مەڭگۈگە جەۋلان!

ئوقۇلغانسىرى كىشىنىڭ ئىسسىق قانلىرىنى تېخىمۇ ئۇرغىتىدى-
غان بۇ ناخشا، ھەرخىل چارە - ئاماللار بىلەن تۈرمىنىڭ ھەم-
مە بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغا تارقالدى، ئۇ شىڭشىسەي قاتارلىق
ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ سادىق ئوغلانلىرىغا دەھ-
شەتلىك زىيانكەشلىك قىلغان جىنايى ھەركەتلىرى ئۈستى-
دىن قىلىنغان شىكايەت بولدى. ئازاپلىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ
قانلىق قامچىلار ئاستىدا ئېزىز باشلىرىنى ئەگمەي مەردانە
تۇرۇشىغا ئىلھام بەردى. كىشىلەرنىڭ ئىنقىلاپ چوقۇم غەلىبە
قىلىدۇ، دېگەن ئىشەنچىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشىغا ئىلھام
بەردى.

باندىت شىڭشىسەي يولداشلىرىمىزنى تۈرمىگە سولىغان-
دىن تارتىپ، يولداشلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىرى، بالا-
چاقىلىرىدىن ئايرىلىپ كەتتى. ھەر كۈنى تۈن كېچىلىرىدە،
لىن جىلۇنى غالجىر ئىشتلارنىڭ توختىماي ھاۋشۇشلىرى ئۈي-
قۇسىدىن ئويغىتىۋېتەتتى، ئۇ ھەمىشە دۈشمەن تەرىپىدىن نەزەر-
بەنت قىلىنغان رەپىقىسى بىلەن بالىسىنى ئەسلەيتتى. ئۇ
يەنە رەپىقىسى ۋە باشقا نەزەربەنت قىلىنغان ئايال يولداش-
لارنىڭ كۆڭۈل ھېسسىياتلىرى بويىچە «ئېرىنى سېغىنىش قوشىقى»
دېگەن مۇنداق بىر قوشاقنى يېزىپ چىقتى:

باتۇر ئەزىمەت چۈشتى قەپەزگە
ساھىپجامالى ئايلاندى تۇلغا!
شۇ ساھىپجامال يار ئۈچۈن بۈگۈن
رازىمەن قولۇمغا قۇرالنى ئېلىپ
نىگارىم ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا!



قەددىمنى رۇسلاپ كوكرەكنى كېرىپ،
بارىمەن ئالغا، تۇماننى يېرىپ،
كەينىدىن قالماي، قەدىرلىگىمنىڭ
كۈرەش يولىدا ئىزىنى بېسىپ.

يات ئەيلىسەم مەھبۇبەمنى،
قەپەزدىكى يولۋاس كەبى ئېرىمنى.
قاراڭغۇ - زۇلمەت قاپلىۋالدى جاھاننى
قايغۇ - ھەسرەت قاپلىۋالدى كوڭلۇمنى.

لەنەت ساڭا، تۈمەنىمىڭ لەنەت،
توز تونىغا ئورالغان قاغا.
ئىشقا سېلىپ قولىدىن كەلگەن ھىلە - مىكىرنى،
چاڭگال سالدى سۆيۈملۈك يارىمغا.

نۇرلۇق قىزىل تاڭ ئاتاي دەپ قالدى!
زۇلمەتلىك تۈنلەر تۈگەي دەپ قالدى!
ئېخ باتۇرۇم، ئەزىمەت ئېرىم،
ساقلىغىن ۋىژدان، غەپلەت قالمىغىن.

زۇلمەتنى قوغلاپ ئاتقاندا شۇ تاڭ
قۇچاغلاپ مېنى باغرىڭغا باسقىن!

«ئېرىنى سېغىنىش ناخشىسى» نىمۇ چېن گۈيىن نوتىغا
سالدى. ئايالار تۈرمىسىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن بۇ شېئىر-
نى ئايال سەبداشلار ئوقۇشقا باشلىدى.

لىن جىلۇ 4 ـ تۈرمىدە بىر ئاي ياتقاندىن كېيىن 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا 2 ـ تۈرمىغا يۆتكەپ كېلىندى.

3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، لىن جىلۇ سوت قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغۇچىلار ئۆيىگە كەلتۈرۈلدى. يان تەرەپتىكى ئۆيدىن بىر سادا ئاڭلاندى. ئۇ ئادەم باندىت شىڭ شىسەينىڭ زوراۋانلىقىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ بارلىق ئاۋازى بىلەن ۋاقىراۋاتاتتى. ئۇ ئاۋاز يۇرتدىشى كۇاڭ ماجۇ ئىكەن-لىكىنى بىلىپ سىرتقا چىقىپ تاھارەت قىلىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى؛ سوراقخانا دەرىزىسىنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتكەندە ئۇ تەي-شەن تەلەپپۇزى بىلەن "يارايسەن!" دېدى. كۇاڭ ماجۇ ئۆز يۇرتدىشىنىڭ ئاۋازىدىن لىن جىلۇنىڭ ئۆزىگە مەدەت بېرىۋات-قانلىقىنى بىلىپ كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى تېخىمۇ قەتئىي-لەشتۈردى.

كۇاڭ ماجۇنى سوراقخانىدىن سۆرەپ چىقىپ كېتىپ، بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، لىن جىلۇنى سوراقخانىغا ئېلىپ كىردى.

باندىت شىسەينىڭ سوراقخانىلىرى خۇددى دوزاققا ئوخ-شايتتى. خۇددى جىن ـ ئالۋاستىلاردەك ھىڭگاك چىشلىرىنى غۇچۇرلۇتۇپ ئادەم يەيدىغاندەك قىياپەتتە تۇرۇپ كەتكەن بەت-رەڭ چىرايلار، ئىككى تەرەپكە قاتار تىزىپ قويۇلغان قانلىق جازا قوراللىرى كىشىلەرگە ۋەھىمە سېلىپ تۇراتتى. ئۇدۇلدىكى تامغا شىڭشىسەي ئۆز قولى بىلەن يازغان "سوراق ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتسە سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ" دېگەن نىمىسى ئېسىغلىق تۇراتتى. كىم بىلىدۇ. بۇ يەردە قانچىلىغان ياخشى ئادەملەر جازا قوراللىرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا پاجىئەلىك ئۆلگەن! لىن جىلۇ



تۇت ئەتراپىغا بىر قارىۋېلىپ سوغاقنىنا كۈلۈپ قويدى. خېلى بۇرۇنلا "بېشىمنى چاپسىمۇ، مىلتىق بىلەن ئاتسىمۇ، ئوچۇقتۇر يۇرتداشلىرىمغا؛ ئۇرۇپ، سوقۇپ قىيناش دېگەن ئايلانغان مې-نىڭ كۈندىلىك غىزا، ئېشىمغا» دېگەن ئىرادىسىنى يېزىپ قويغان ئىدى. بۇ قەيسەر ئەزىمەت دۈشمەننىڭ قەبىھ جازا-ئازاپلاشلىرى ئالدىدا قانداقمۇ تىز پۈكسۇن! بىر مەيدان كەسكىن ئېلىشىش باشلىنىش ئالدىدا تۇرىۋاتاتتى.

1942 ـ يىل 4 ـ ئايدىلا باندىت شىڭشىسەي ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئېتىپ، پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭ-دىكى كادىرلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاتالمىش "12 ـ ئاپرېل" توپىلاڭ ئەنزىسىنى ئويدۇرۇپ چىققان ئىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن سابىق شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىققان ئولكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ خىزمەتچىسى چياۋگورېننى قولغا ئالدى. چياۋگورېن تاياق زەربىسىدىن ھوشسىزلانغاندا تەييارلاپ قويغان "ئىقرارنامە"نى ئەپكىلىپ زورلۇق بىلەن ئۇنىڭ قولىنى باستۇرۇپ، چېن تەن-چۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق رەھبەرىي يولداشلارغا قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدىكى بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىغا ۋە ئىلغار زاتلارغا چاتتى. شۇڭا سوراق-خانىدا دۈشمەنلەر لىن جىلۇنى "12 ـ ئاپرېل" توپىلاڭ ئەنزى-سىنىڭ جەريانىنى ئىقرار قىلىشقا قىستىدى. لىن جىلۇ بۇنى ئاڭلاپ غەزەپ ئورلىدى. باندىت شىڭ شىسەينىڭ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ دوستلارنى سېتىپ ئابروي قازانماقچى بول-غان، جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان، كومپارتىيە ئەزالىرىغا زىيانكەشلىك قىلغان جىنايى قىلمىشلىرىنى قەھرى

غەزنۋى بىلەن سوكتى، توھمەت چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىش شىڭ شىسەينىڭ رەزىل ئەپتى ـ بەشىرىسىنى يەنىمۇ ئاشكارىلاپ بېرىدىغانلىقىنى، كومپارتىيە ئەزالىرىنى ھەرگىزمۇ بولغىيالمايدىغانلىقىنى قەتئىيلىك بىلەن كورسەتتى، دۈشمەنلەر ئۇنىڭ پاش قىلغانلىرىغا چىداپ تۇرالماي قاتتىق ئازاپلاشقا كىرىشتى: ئالدى بىلەن بارماق قوللىرىنىڭ تىرناقلىرىغا يىڭنە سانچىدى، بۇنىڭغا تاقەت قىلىش ناھايىتى تەس ئىدى. لېكىن لىن جىلۇ پولاتتىن قۇيۇلغان مىختەك چىڭ تۇرۇپ قىلچىمۇ پەرۋا قىلمىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنى "يولۋاس ئورۇندۇق" قا ئىككى پۇتىنى پولات تومۇرلەرگە باستۇرۇپ، كوكرىگىگە تاختاي بېسىپ، بېشى بىلەن قولىدىن باشقا ھېچقانداق ئەزاسىنى قىمىرلىيالمايدىغان قىلىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ لىن جىلۇنى بىر كېچە ئازاپلىدى، بۇ ئارىلىقتا بىر قانچە قېتىم ھوشىدىن كەتتى. بىر قېتىم ھوشىغا كەلگەندە كوكرىگىگە باستۇرۇپ قويغان بىر تاختايدىكى تىرنىقى بىلەن سىزىپ قىلىپ يېزىپ قويغان: "1943 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شىياۋما ئازاپلىنىپ ئولتۇرۇلدى" دېگەن بىر قۇر خەتكە كوزى چۈشتى. ئۇ "شىياۋما" دېگەن كىشىنىڭ دەل كۇاڭ ماجۇ ئىكەنلىكىنى بىلىپ بۇ خەتنىڭ ئاخىرىغا "شىياۋلىن" دېگەن خەتنى يېزىپ قويدى.

دۈشمەنلەر ئۇزۇنغا سوزۇلغان جازا سوراقلىرى ئارقىلىق ئامال قىلىپ لىن جىلۇنى تىز پۇكتۇرمەكچى بولغان بولسىمۇ، مەخسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقتىن، نائىلاج لىن جىلۇنى يەنە ئاپىرىپ تۈرمىگە تاشلىدى، تامخوشنا تۈرمە ئۆيىگە سولانغان كۇاڭ ماجۇ ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى بايقاپ «تەي-



شەن ياغاچ بېلىقى»، «ئالتۇن ئالماس» دېگەن شېئىرلارنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە باغلىدى:

شىن نىڭ قۇشسۇن كەنتىدىن قىلسام بايان،
تۇل قالدى چىن فامىلىلىك بىر جۇۋان.
قايتقان كۈنۈم يىگىت قاتتىق بىمار ئىدى،
مارت ئېيىدا ئۇ بولغۇسى ئەرشكە راۋان.

لىن جىلۇ ئارا تام ئۆيدە تۇرۇپ بۇنى ئاڭلاپ، «ياغاچ بېلىقى» قوشىقىدىن مۇنداق بىر شېئىرنى ئوقىدى:

ئاڭلىسام جاۋجەمەتنىڭ كېلىنى قاپتۇ تۇل،
ئەزىمەت لىن ئۇستىدىمۇ بوپتۇ سوز.
تىرناقلار تىتىلسىمۇ ئىرادەم پولات
ئازاپ چېكىش ماڭا ئادەتتىكى سوز.

گاڭزىدا يېتىپ كورۇپ خېتىڭنى
يازدىم ئىسمىمنى خېتىڭگە ئۇلاپ.
ئوتنىڭ يالقۇنى بولغاندا كۈچلۈك،
تاۋلىنار ئالتۇن تېخىمۇ پاقىراپ.

تەيشەنلىكلەرنىڭ مۇنداق قوشاقلىرىنى دۈشمەنلەر چۈشۈنەلمەيتتى. بۇ ئىككىيلەن ئۆزلىرىنىڭ قەلبى[illegible]رىسا ئوبدان [illegible]ى. كېيىن كۇاڭ ئالماشتۇرۇشۇپ بىر ـ بىرىگە ئىسسىقھالىق [illegible]س بولۇپ قالغانلىقى ماجۇ گۇندىپاي يالاقچى ياڭ [illegible]

دىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ كۆيىنگىنىڭ يانچۇقىدىن بىر دانە قېرىنداش قەلەمنى ئېلىۋالدى. بۇ قەلەمنى يوتقان ئىچىدە چىشلەپ سۇندۇرۇپ ئىچىدىكى سىياسىنى ئىككى پارچە قىلىپ، بىر پارچىسىنى ئۆزىدە قالدۇرۇپ، يەنە بىر پارچىسىنى ھاجەتخانىغا يوشۇرۇپ قويدى. تەيشەن قوشىقى ئېيتىش ئۇسۇلى بىلەن يوشۇرۇپ قويغان قەلەمنى لىن جىلۇنىڭ ئېلىۋېلىشىغا بىشارەت بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن بۇ ئىككىيلەن ھاجەتخانىدا باغاق ئالماشتۇرۇش يولى بىلەن چىڭ ئالاقە باغلاپ، مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلدى. 4-ئاينىڭ 27-كۈنى لىن جىلۇ بىر قانچە قېتىم سوراققا تارتىلىپ ئىنقىلاپ يولىدا قۇربان بېرىش ئىرادىسى تېخىمۇ قەتئىيلەشتى، كۇاڭ ماجۇغا يازغان باغاقتا، ۋېن تيەنشاڭنىڭ شېئىرلىرىدىكى: "سۇغۇرۇپ ئالغان بىلە قىزىل يۈرەكنى، قالدۇ تارىختا مەڭگۈ نامىمىز" دېگەن جۈملىنى يېزىپ قويدى. كۇاڭ ماجۇ بۇنى كۆرۈپ ئىلھاملىنىپ ئۇنىڭغا جاۋابەن يازغان باغاقتا «مەھبۇسلار ناخشىسى» نىڭ ئاخىرقى: "ئىسسىق قېنىمىز بىلەن بويالغان قىزىل تۇغ، قىلغاي مەڭگۈگە جەۋلان!" دېگەن ئىككى مىسرانى يېزىپ قويدى.

4-ئاينىڭ 30-كۈنى لىن جىلۇ بىلەن كۇاڭ ماجۇلارنىڭ ئارىلىقىنى تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋەتتى. لىن جىلۇنى غەرپ تەرەپتىكى چوڭ تۈرمىگە سولىدى، كۇاڭ ماجۇنى شىمال تەرەپتىكى 30-نومۇرلۇق يالغۇز كىشىلىك تۈرمىگە سولىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئۇلارنىڭ ئالاقە قىلىشى تېخىمۇ قىيىنلاشتى. لېكىن لىن جىلۇ ھەرخىل ئامال-چارىلارنى قىلىپ كۇاڭ ماجۇغا: "مۇستەقىل، ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش، ئۆز كۈچىگە



تايىنىپ ئىش كۆرۈش" دېگەن 4 سۆزنى يېزىپ ئەۋەتتى. بۇ لىن جىلۇنىڭ پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىدىكى ۋاڭ مىڭنىڭ ئوڭچىل لۇشيەنىنىڭ خاتالىقىدىن چىقارغان خۇلاسە تەرىقىسىدىكى سىياسى كۆز قارىشى بولۇپ، كۇاڭ ماجۇنىڭ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇشىغا قىلغان رىغبەتلەندۈرۈشى ئىدى ھەمدە ئۇنىڭ كۇاڭ ماجۇغا يازغان ئاخىرقى خېتى ئىدى.

9-ئاينىڭ 27-كۈنى كېچە ئادەتتىن تاشقىرى قاراڭغۇ بولدى. باندىت شىڭ شىسەينىڭ ساقچى باشقارمىسى باشلىقى لى يىڭچى، سوت ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى فۇ باۋلىيەن ۋە بىر قانچە جاللاتلار 2-تۈرمىگە كېلىپ، باندىت شىڭ شىسەينىڭ چۇڭچىڭدىن ئەۋەتكەن ئادەم ئۆلتۈرۈش توغرىسىدىكى تېلېگرامما بۇيرۇقىنى تۈرمە باشلىقى جاڭ سىشىننىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇردى. ئۇلار ئىلگىرى-كېيىن قىلىپ چېن تەنچۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇلارنى بىر-بىرلەپ سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىپ ئارغامچا بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈردى. ئارقىدىن يەنە كېچىلەپ بۇ 3 نەپەر ئىنقىلاۋى قۇربانىنىڭ جەسەتلىرىنى ماشىنىغا سېلىپ ليۇداۋانغا ئاپىرىپ قاقاس تاققا كۆمۈۋەتتى. بۇ چاغدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىگە ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تيانشان تاغلىرى، غۇر-غۇر چىقىپ تۇرغان شاماللارمۇ چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرۈپ ماتەم تۇتتى!

دۈشمەنلەر چېن تەنچۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇدىن ئىبارەت 3 يولداشنى مەخپى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ھەتتا ئائىلىلەر تۈرمىسىغا سولانغان چېن يىنسۇمۇ 1943-يىلى 11-ئايدا قىزى ئامېنى تۇغقاندا

قىزىنىڭ دادىسىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى بىلەلمەدى. ياپون باستۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن 1946 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمىزنىڭ گومىنداڭ بىلەن نۇرغۇن قېتىم سۆزلىشىشى ئارقىلىق شىنجاڭ تۈرمىسىدىكى كادىرلىرىمىز ئاندىن قويۇپ بېرىلىپ يەنئەنگە قايتۇرۇلدى. 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يەنئەندىكى مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىدە ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئىنقىلاۋى قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىدا چېن يىنسۇ قاتارلىق ئايال يولداشلارنىڭ ئوقۇغان لىن جىلۇ قالدۇرۇپ كەتكەن «ئېرىنى سېغىنىش ناخشىسى» بارلىق يولداشلارنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالدى. 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يەنئەندە چىقىدىغان «جيېفاڭ رىباۋ گېزىتى»دە لىن جىلۇنىڭ يېقىن سەبدىشى لى جۇلياڭ يازغان «لى جۇلياڭنىڭ ئەسلىمىسى» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى سەبداشلار ئۇنى قايغۇلۇق ھالدا ئەسلىدى.

(تەيشەن ناھىيىلىك ئىنقىلاۋى تارىخ يېزىش گۇرۇپپىسىنىڭ «ئىنقىلاۋى قۇربان لىن جىلۇنىڭ تەرجىمە ھالى»دىن ئېلىندى. ماۋزۇسى تەھرىر بولۇمى تەرىپىدىن قويۇلدى)



# شىنجاڭدا تۈرمىغا تاشلىنىش ۋە تۈرمىدىن بوشىتىلىش جەريانىم

ۋۇنەيمىن

## 1. تۈرمىگە تاشلىنىشتىن ئىلگىرى

1939 - يىل يانۋار، مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يەنئەندىن شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلىدىم، شۇ يىلى ئىيۇن كومپارتىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەسئۇلى يولداش فاڭ لىن (يولداش دېڭ فا) نىڭ تاپىلىشى بىلەن يولداش لى جىلياڭ (لى يۈنياڭ) نىڭ ئائىلە تاۋابىتى سۈپىتىدە، جەنۇبىي شىنجاڭ قەشقەر رايونىدا خىزمەت قىلدىم. جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىشتىن ئىلگىرى يولداش فاڭ لىن بىزگە يوليورۇق بېرىپ، "بىزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىدىكى ئاساسى ۋەزىپىمىز — بۇ ئالاھىدە بىرلىكسەپ رايونىدا، دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ مۇھىم قاتناش يوللىرىغا كاپالەتلىك قىلىش، دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ ئارقا سېپىنى مۇستەھكەملەش، ئالتە بۈيۈك سىياسەت ھاكىمىيىتىگە سەمىمىيلىك بىلەن ياردەملىشىش، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت" دېگەن ئىدى. لېكىن يولداش فاڭ لىن بىزگە ئەسكەرتىپ:

"سىلەر شىڭ شىسەينى خاتا ھالدا كوممۇنىست دەپ ئويلاپ قالماڭلار. ئۇنىڭ كومپارتىيىمىز بىلەن بولغان ئارىلىقى خېلىلا يىراق، (ئاساسى مەزمۇنى) ئاممىنىڭ ئىچىدە ئۇزەڭلارنىڭ كوممۇنىست ۋە 8 - ئارمىيە ئىكەنلىكىڭلارنى ئاشكارىلاپ قويماسلىقىڭلار كېرەك" دېدى. ئۇ يەنە يوليۇرۇق بېرىپ، كومپارتىيە شىنجاڭدا "كومپارتىيىنى تەرەققى قىلدۇرمايدۇ"، "كوممۇنىزىمنى تەشۋىق قىلمايدۇ" دېدى.

1940 - يىلى يازدا يولدۇشۇم لى جىلياڭ بىلەن بىللە مارالۋېشى ناھىيىسىگە خىزمەتكە يوتكەلدىم. 1942 - يىلى فېۋرالدا شۇ ناھىيىنىڭ ئايالالار خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقىنىمدا، ۋەكىل سۈپىتىدە "ئۆلكىلىك 3 - قېتىملىق ئايالالار قۇرۇلتىيى"غا قاتنىشىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە كەلدىم. 5 - ئاينىڭ باشلىرى ئايالالار قۇرۇلتىيى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىدىكى كومپارتىيە ۋەكىلى يولداش شۈي جيې (يولداش چېن تەنچۇ) دىن ۋاقىتىنچە ئۈرۈمچىدە قېلىپ كومپارتىيە ھوججەتلىرىنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى مېھمانخانىسىنىڭ ياتاقخانىسىغا كوچۈپ كىردىم.

شۇ يىلىنىڭ ئىيۇن ئايلىرى بولسا كېرەك، يېڭى ياتاقخانىلارنىڭ مەسئۇلى ۋاڭ يوۋۇ (يولداش فاڭ جۈ چۇن) بىزگە شەخسى رەسىملەر بىلەن مۇھىم ھوججەتلەرنى تەشكىلگە تاپشۇرۇشىمىزنى ئۇقتۇردى. (كېيىن بىز تەشكىلنىڭ بۇ نەرسىلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدا ساقلىغانلىقىنى بىلدۇق.) ئۇزۇن ئۆتمەيلا تەشكىلىنىڭ 8 - ئارمىيە-



مىزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خادىملىرىنى چېكىندۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تەييارلىق كورۈۋاتقانلىقىنى بىلدىم. ئەسلىدىكى پىلان يولداشلىرىمىزنى تۈركۈمگە بولۇپ ئايروپىلان بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شەرقىي شىمالغا ئېلىپ بېرىپ ياپونغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشىغا قاتناشتۇرۇش ئىدى. لېكىن بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشمايلا بىز قولغا ئېلىندۇق.

## 2. باخۇلياڭ، سەنجياۋدى تۈرمىسىدىكى مەزگىل

1942 - يىلى سىنتەبىرنىڭ باشلىرىدا، جاللات شىڭ شىسەي 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسى ھەمدە ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان بارلىق يولداشلارنى شەھەر ئەتراپىدىكى باخۇلياڭ چوڭ قوراسىغا يىغدى. جاللات شىڭ شىسەينىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشى — كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت سۇيىقەستلىك مەخسىدىگە يېتىش ئۈچۈن پائال تەييارلىق كورۇش ئىدى. شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەنىنى قوغداش ئۇرۇشى ستالىنگراتنى قوغداشتىن ئىبارەت خەۋپلىك پەيتتە تۇرۇۋاتقان، دولەت ئىچىدە بولسا، گومىنداڭ پارتىيىگە قارشى دولقۇن قوزغىغان مەزگىل ئىدى، پۇرسەتپەرەستلىكنى ئادەت قىلىۋالغان سىياسى ئالدامچى ئەكسىيەتچىل مىلىتارىست شىڭ شىسەي، گېتلېر سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئالدىدا تۇرماقتا، جياڭ جيېشىمۇ ماۋجۇشى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسىنى يوقۇتۇپ

تاشلايدۇ ـ دەپ ئاخما قىلارچە ئويلاپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى يەرلىك پادىشالىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىنىسى شېڭ شىچىنى ئۆز قولى بىلەن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، ئاتالمىش "12 ـ ئاپرېل" سۇيىقەستلىك توپىلىڭى ئەنزىسىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئىنقىلاۋى ئاممىنى دەھشەتلىك تۈردە قىرغىن قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كومپارتىيە بىلەن ئىتتىپاق ئوتكەن كادىرلارنى كەڭ تۈردە تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. ئۇ "ئاللتە بۈيۈك سىياسەت تۇغى" نى دەپسەندە قىلىپ، سۆڭ مېيلىڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى، كومپارتىيىگە قارشى سۇيىقەستلىك پىلان تۈزۈپ بېرىشىنى ئاشكارا هالدا قارشى ئالدى ھەمدە 8 ـ ئارمىيىمىزنىڭ بارلىق خادىملىرىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن پائائال تەييارلىق قىلدى.

لېكىن شۇ ۋاقىتتا بىز جاللات شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىگە بولغان تونۇشىمىز ئېنىق بولماي، ئۇنىڭ كوزى ـ كوزاڭ قىلغان جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش دىگەن ساختا قىياپىتىگە قايىمۇقۇپ قېلىپ، ئۇزىمىزنى مېھمانخانىدىكى مېھمان دەپ قارىغانلىغىمىزدىن، قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى روھىي جەھەتتىن تولۇق تەييارلىق قىلالمىغان ئىدۇق.

بىز باخۇلياڭغا يوتكەۋىتىلگەن كۈندىن باشلاپلا، شۇي جېي، ليۇ پىڭ (جاڭ زىيى) قاتارلىق يولداشلارنىڭ كوللىكتىپ رەھبەرلىگىدە، ئىستىل تۈزىتىش ھوججەتلىرىنى ئۆگەندۇق، شۇ خىلدا بىر ھەپتە ئوتكەندىن كېيىن، 17 ـ سىنتەبىر ۋەقەسى يۈز بەردى.

ۋەقەنىڭ جەرياني مۇنداق ئىدي: جاللات شىڭ شىسەي



17 ـ سېنتەبىر تاڭ سەھەردە، بىزنىڭ باخۇلياڭدىكى تۇرار جايىمىزنى ئۇشتۇمتۇت ئەكسىيەتچىل كۈچلار قوراللىق قورشاۋغا ئالدى. شۇ كۈنى يەنە "شىڭ دۇبەن چاقىردى" دىگەن ھىيلە بىلەن كومپارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى مەسئۇللىرىدىن يولداش شۇي جېي ۋە يولداش جۇ لىن (ماۋزېمىن) ھەمدە مېڭ يىمىڭ، ليۇ شىپىڭ، فەن تۇڭ قاتارلىق بەش كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئېلىپ كەتتى. چۈشلىگى يەنە شۇنداق ھىيلە بىلەن شىنجاڭ خىزمىتىدە بىر قەدەر تەسىرى بار يولداشلاردىن: لى سۇپىڭ (يولداش لى زۇڭلىن)، لىن جىلۇ، لى جېڭلياڭ، خۇدۇڭ (خۇجيەن)، ۋاڭ مۇ، ليۇ بۇشىڭ (بەيدا فاڭ)، ما جۇ، مارۇي، ساۋ كېچۈي (ساۋ جيەنپېي)، يوسۇن، چىن خاۋيۈەن قاتارلىق يولداشلارنى ھەمدە دۇەن جىنچى قاتارلىق 12 كىشىنى قورچاق دۇبەن مەھكىمىسىگە ئېلىپ كەتتى. قالغانلىرىمىز ئىنتىزارلىقتا ئۇلارنى كەچ كىرگىچە كۈتتۇق، "قوغداش" ھىدلىسى بىلەن ئۇلار 4 ـ تۈرمىگە ئېلىپ بېرىلىپ، نازارەت ئاستىغا ئېلىندى. جاللات شىڭ شىسەي شۇ كۈنى نامىشامدا، مەن بىلەن بىرگە ليۇمىيەن، چىن يىنسۇ، جاڭ يۈيلەن ۋە چىن يىنسۇنىڭ ئوغلى، بالىسىغا قارايدىغان كىچىك خىزمەتچىسى قاتارلىقلارنى باخۇلياڭدىن 4 ـ تۈرمىگە ئېلىپ باردى. ئىشىككە بىزنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن پوس قويۇلغان ئىدى. ھويلىنىڭ ئىچىدىمۇ جاللات شىڭ شىسەي ئېۋەتكەن كاننۋاي بىزنىڭ ھەركىتىمىزنى كۈزۈتۈپ تۇراتتى.

باخۇلياڭدىن بىز بىلەن بىرگە يولداش جۇ دەنخۇا، يولداش ۋاڭ يۈنشۇ ۋە لى يۈيليەن. ياڭ سۇڭ، ليۇ شاۋۋېن قاتارلىق بەش كىشىمۇ يالاپ ئېلىپ كېتىلگەن بولۇپ، ئۇلار

يولداش شۇي جيې بىلەن باشقا بىر جايدا نەزەربەنت قىلىندى.

شۇندىن باشلاپ ئۈرۈمچىدىكى 8-ئارمىيە خادىملىرىمىز ۋە ئائىلە-تەۋەلىرىمىز كىشىلىك ئەركىنلىكىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولدى.

يولداش لى سۈپىڭ شۇ كۈنى كەچقۇرۇن لىن جىلۇ، لى جۇلياڭ، خۇدۇك قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىرلىكتە، دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنى بۇندىن كېيىن قانداق ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى ھەمدە يولداش لى سۈپىڭ باشچىلىقىدا بىر ئۆگىنىش كومىتېتى تەشكىللەندى. ئۇلار نوۋەتتىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ: شېڭ شىسەي "جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش" دىن ئىبارەت ئىنقىلاۋى تۇغنى يۈزسىزلىك بىلەن دەپسەندە قىلىپ بىزنى قولغا ئالدى. بۇ شېڭ شىسەي گۇرۇھى بىلەن كومپارتىيىمىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شېڭ شىسەي بۇندىن كېيىن ئەكسىيەتچىل گۇرۇھنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى سېتىش يولىغا قاراپ مېڭىشى مۇمكىن. شۇڭا يولداشلىرىمىزنىڭ ئالدىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ئىككى خىل ئېھتىمال بار، ئۇنىڭ بىرى- شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئىنقىلاپقا قارشى ھەقىقى ماھىيىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن 8-ئارمىيە خادىملىرىمىزنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتۇرماي مۇمكىن ئەمەس (بۇ— شېڭ شىسەينىڭ يېقىندىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن تۈزگەن كېلىشىمى)؛ يەنە بىرى— شېڭ شىسەي ئەكسىلئىنقىلاۋى گۇرۇھى بىزنى نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىشتىن تۈرمىگە رەسمى تاش-



لىشى مۇمكىن. ئۆگىنىش ھەيئىتى تەھلىل قىلغان بۇ ئىككى ئېھتىمالغا ئاساسەن، دۈشمەنگە قارشى كۈرەشكە ئۇبدان تەييارلىق كۆرۈشىمىزنىڭ لازىملىقى ئۇقتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆپچىلىك ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشىنى چىڭ تۇتۇش، بولۇپمۇ ماۋجۇشى ئەسەرلىرىدىكى كوممۇنىستلارنىڭ پەزىلىتى تەربىيىسىگە ئائىت تەلىماتلارنى نۇقتىلىق ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

بىز ماۋجۇشىنىڭ «كوممۇنىست» دېگەن ژورنالغا يازغان بېغىشلىمىسىنى ئۆگىنىپ، كوممۇنىستلارنىڭ ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا، ئىنقىلاۋى مەيداندا قەتئىي چىڭ تۇرۇشى لازىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق. "كېسىلسە باش، توكۇلسە قان، چۈشەر ھامان ماكانىمىزغا. قىيىن-قىستاق، جازا-سوراق، ئەسلا كىرمەس پەرۋايىمىزغا" بۇ بىزنىڭ ئۆز ئارا ئىلھام بېرىپ ئېيتىدىغان مەردانە سۆزلىرىمىز، شۇنىڭدەك يولداش لىن جىلۇنىڭ تۈرمىدىكى ئاخىرقى ئۆمرىدە بىزگە قالدۇرغان شېئىرى ئىدى. ئۆگىنىش ھەيئىتى يەنە بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، گۇرۇپپىلار بويىچە ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە كۆپچىلىكنىڭ ۋاقىت چىقىرىپ روسچە، ئىنگلىزچە ئۆگىنىشىگە ئىلھام بېرىلدى.

1942-يىل قىش، بىز 4-تۈرمىدە شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئىككىنچى بېتىگە بېسىلغان بىر خەۋەرنى كۆرۈپ قالدۇق، بۇ ماقالە 8-ئارمىيە ۋە كومپارتىيىگە قارشى ئوق-دورا ھىدلىرى بىلەن تولغان ئىدى. ئۇنىڭدا شېڭ شىچى "خائىنلار تەرىپىدىن قەست قىلىپ ئۆلتۈرۈلدى" دېگەن بىر نىمىلەر ئويدۇرۇلغان ھەمدە "خائىن تېررورچى باندىتلار" دىن قاتتىق ساقلىنىشىمىز كېرەك، دېيىلگەن بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەل-

قىگە قۇتراتقۇلۇق قىلغان. يولداشلىرىمىز بۇ خەۋەردىن سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ كومپارتىيە بىلەن 8-ئارمىيەمىزگە قارىتا كەينى-كەينىدىن ئېلىپ بارىدىغان ھۇجۇمىنىڭ باشلانغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

1943-يىلى 7-فېۋرال يېرىم كېچىدە، دۈشمەنلەر مەھبۇس ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېلىپ، چىراقمۇ ياندۇرتماي 4-تۈرمىدىكى ئەر يولداشلارنى سەۋەبسىز ھالدا، رەھىمسىزلەرچە ئىككىنچى تۈرمىگە تاشلىدى.

ئۇلار ئىككىنچى تۈرمىگە تاشلىنىپ، ئىككىنچى كۈنى كەچتە جۇ دەنخۇا، ۋاڭ يۈنشۇ قاتارلىق خوتۇن-بالا چاقىلىرىمۇ بىز سولانغان 4-تۈرمىگە ئېلىپ كېلىندى.

1943-يىل ئاپرېلنىڭ ئاخىرلىرىدا، يولداش شيۇك شىنچى (شيۇك مېيىڭ) ۋە ئۇنىڭ قىزى شياۋشى باخۇلياڭدىن 4-تۈرمىغا يالاپ كېلىندى. بىز جاللات شىڭ شىسەينىڭ يەنە قالغان نۇرغۇن ئەر يولداشلارنى ئىككىنچى تۈرمىگە زورلۇق بىلەن باغلاپ ئېلىپ كەلتۈرگەنلىكىنى، بۇ جەرياندا يولداشلار بىلەن گۇندىپايلار ئوتتۇرىسىدا جىددىي كۆرەش يۈز بەرگەنلىكىنى، پەقەت ئاغرىق، ئاجىز ھەمدە بەزى ئايال، بالىلارنىڭلا باخۇلياڭدا قالغانلىقىنى بىلدۇق.

## 3. شىخابادىكى مەزگىل

1943-يىلى ئاپرېلنىڭ ئاخىرلىرى، دۈشمەنلەر 4-تۈرمىدىن بارلىق ئەر-ئايال يولداشلارنى ۋە بالىلارنى شەھەر ئەتراپىدىكى شىخاباغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ چاغدا ليۇ يىڭ،



شى لياڭ، ياڭ فىن (ياڭ شىڭگۇاڭ)، جاڭ فىنيىڭ (شىڭ گۇەن) قاتارلىق يولداشلارنىڭ بۇ جايغا يۆتكەپ كېلىنگىنىگە بىر قانچە كۈن بولغان بولۇپ، ئۇلار ئالدىنقى قورۇدا، بىز ئارقا قورۇدا تۇراتتۇق، بۇ جايدا، يولداش ليۇ يىڭ، يولداش شى لياڭ، يولداش ياڭ فىن قاتارلىق ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان ئۆگىنىش ھەيئىتى تەشكىللەنگەن ئىكەن. بىز بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي لى يۈلەن، ياڭ سۈك، لىيۇ شاۋفۇلارنىڭ ئەرلىرى ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن ئۇلار بالا-چاقىلىرىنى ئېلىشىپ تۈرمىدىن كەينى-كەينىدىن چىقىپ كېتىشتى (ئەينى چاغدا ئاسىيلىق قىلغانلاردىن مېڭ يىمىڭ، ليۇ شىپىڭ، فەنتۇڭلار بار ئىدى). ئارقا ھويلىدىكىلەر يولداش جاڭ چۈن ئارقىلىق ئالاقىلىشىشنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆگىنىش ھەيئىتى ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشنى ئورۇنلاشتۇردى، بۇ ۋاقىتتا ئۆگىنىش ھەيئىتىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان جەڭگىۋار شۇئارى — ”بىزنى جىنايىتى يوق دەپ ئېلان قىلىپ تۈرمىدىن بوشۇتۇپ يەنئەنگە قايتۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش، تۈرمىنى جەڭ مەيدانىغا ۋە مەكتەپكە ئايلاندۇرۇش“ ئىدى. يولداش ليۇ يىڭ يولىيورۇق بېرىپ: ”دۈشمەن روھى ۋە جىسمانى جەھەتتىن بىزنى پەيدىن-پەي يوقاتماقچى بولىۋاتىدۇ، بىز دۈشمەننىڭ بىر-بىرلەپ قىرغىن قىلىشىغا قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيىۋىلىكىمىزنى كۈچەيتىشىمىز، ماۋ جۇشى ئەسەرلىرى ۋە ماركس-لېنىن ئەسەرلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز كېرەك“ دېگەن ئىدى. بىز پۈتۈن ھويلا بويىچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ بولشېۋىكلار تارىخى، سىياسى-ئىقتىسات، جۇڭگو ئىنقىلاۋى ھەركىتىنىڭ تارىخى قاتارلىق ماتېرىياللار-

نى ئۆگەندۇق. جۇ دەنخۇا، جاڭ فىنيىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىغىنى ئۈستىگە ئالدى. يەنە ئىككى مەدەنىيەت ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ليۇ مىيەن بىلەن مەن ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىمىزگە ئالدۇق. ئۆگىنىش كومىتېتى نۇۋەتتىكى ئىككى تۈرلۈك كونكرېتنى ۋەزىپىنى بەلگىلەپ چىقتى. بىرىنچى: ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىككىنچى، بالىلارنى ياخشى تەربىيىلەپ ئىنقىلاپ ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش. ھويلا بويىچە جەمى يىگىرمىدىن ئارتۇق بالا بولۇپ، فاڭ يى تەشكىللەش، باشقۇرۇش، تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولدى. ئۇلار چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك ئۈچ سىنىپقا ئايرىلىپ باشقۇرۇلدى ۋە تەربىيىلەندى. تۈرمىدە بالىلار ئۆزىمىز تۈزۈپ چىققان ئىنقىلاۋى ناخشىلارنى ئېيتىش ئارقىلىق شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 8-ئارمىيىنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىگىنى تونۇۋالدى. بالىلار كىچىگىدىن تارتىپلا سىنىپى تەربىيە ئالغانلىقتىن قورچاق دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە نىسبەتەن غەزەپ-نەپرىتى تولۇپ تاشقان ئىدى. ئۇلار ماۋجۇشىنى، 8-ئارمىيىدىكى تاغىلىرىنى قىزغىن سۆيەتتى. ئۆزلىرىنىڭ كىچىك 8-ئارمىيە ئىكەنلىگىنى، ئانا، ھەدە، تاغىلىرى بىلەن بىرلىكتە دۈشمەننىڭ خارلىشىغا قارشى تۇرۇپ، ھەممەيلەن بىرلىكتە تۈرمىدىن چىقىپ، يەنئەنگە قايتىشنىڭ، ماۋجۇشىنى كۆرۈشنىڭ مۇھىملىغىنى چوڭشۇنەتتى. (ئەينى چاغدىكى شېئىر ۋە بالىلار ناخشىسى بۇنىڭ دەلىلىدۇر).

1943-يىلى كۈز، دۈشمەن بىزنى نوۋەتچى ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ، بىر پارچە تىزىملاش جەدۋىلىنى تولدۇرغۇزدى (ئۇنىڭغا ئىسمى، ۋەزىپىسى، مىللىتى، يېشى، داۋاملىق ئالاقىلە-



شىش ئورنى قاتارلىقلار تولدۇرۇلاتتى).

شۇ يىلى تاۋۇز چاغىنىدىن ئىلگىرى شىخاباديكى ئائىلە-تەۋەلىرىمىز تۈرمىدىكى قېرىنداشلىرىغا كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك ئېۋەتىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ، رۇخسەت ئالغان ئىدى. شۇ قېتىم تۇرغۇن يولداشلار ئۆزىگەن ئېۋەتىلگەن نەرسىلەرنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ھوججەت يېزىپ بەرگەن بولۇپ، پەقەت شۈي جيې، جۇ بىڭ، لىن جىلۇ، ما جۇ قاتارلىق تۆت كىشىنىڭلا ئۆز پوچۇركىسى بىلەن يېزىلغان ھوججىتى تاپشۇرۇپ ئېلىنمىغان، شۇنداقلا شۈي جيې، جۇ بىڭ ئىككى يولداشقا ئېۋەتىلگەن كىيىم-كېچەك قايتۇرۇۋېتىلىپ بۇ ئىش كوپچىلىكنىڭ گۇمانىنى قوزغىغان ئىدى.

## 4. چىداۋاندىكى مەزگىل

1944-يىلى ئاپرېل مەزگىللىرىدە-دۈشمەنلەر شىخاباغا سولانغان بارلىق خادىملارنى ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى چىداۋانغا يۆتكىدى. بۇ جاي ئەسلىدە بىر زاۋۇتنىڭ ياتاقخانىسى بولۇپ، بىزنى ”ئىشچى جىنايەتچى“ ئورنىدا ئىشلىتىشكە ئۇرۇنغاندا بىز قەتئىي قارشىلىق كۆرسەتكىنىمىزدىن كېيىن ئۇلار بۇ سۈيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. بۇ جايدا بىز بىر يازنى ئۆتكۆزگەن بولساقمۇ، يەنىلا ماركس، لېنىن، ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا ئۆگىنىپ، بالىلارنى سەۋرچانلىق بىلەن باشقۇرۇپ تەربىيىلىدۇق.

شۇ يىلى ئىيۇلدا، يولداش ماۋلىن ئۆپكە پەردە ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، داۋالىنىش ئىمكانىيىتىگە ئې-

گە بولالماي ئەلەم بىلەن دۇنيادىن ئۆتتى. ۋاپات بولغاندىن كېيىن ماتەم مۇراسىمى ئېچىپ، ئۇنىڭ كومپارتىيىگە چەكسىز سادىق بولۇش، دۈشمەنگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىشتەك ئىنقىلاۋى پەزىلىتىگە تەزىيە بىلدۈردۇق. بۇ ماتەم مۇراسىمى دۈشمەنگە قارشى بىر قېتىملىق كۈچلۈك نارازىلىق ۋە نامايىش بولدى. دەپنە قىلغاندا يول بويى ئۈزىمىز تۈزۈپ چىققان ماتەم ناخشىسىنى ئېيتىپ، دۈشمەنلەرنىڭ 8 ـ ئارمىيە خادىملىرىغا ۋەھشىيلەرچە زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى كەڭ ئامما ئالدىدا پاش قىلىپ، ئاممىنىڭ غەزىۋى ۋە چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈردۇق.

شۇ يىلى ئاۋغۇستتا، دۈشمەن بىزنىڭ ساقلىغان نۇرغۇن كىتاپلىرىمىزنى چوڭ بىر ماشىنىغا بېسىپ ئېلىپ كەتتى. بۇ چاغدا بىز، كىتاپلارنى بولاپ كەتكەنلەرنىڭ جياڭ پەينەكۋاش ئېپۋەتكەن ئىشپىيونلار ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. ئۇلار بىزنىڭ يوشۇرۇپ قويغان كىتاپلىرىمىزنىمۇ ئاختۇرۇپ، ئۆگىنىشىمىزنى چەكلىدى. بۇ — دۈشمەننىڭ ھىلىگەرلىك بىلەن يۈرگۈزگەن تېخىمۇ زەھەرلىك سىياسى ھۇجۇمى ئىدى.

## 5. تۆتىنچى تۈرمىدە

1944 ـ يىلى سېنتەبىرنىڭ ئاخىرلىرى، سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتقان بىر كۈنى، دۈشمەننىڭ قارا ماشىنىسى بىزنى تۆتىنچى تۈرمىگە ئېلىپ باردى. بۇ جاي ئادەتتىن تاشقىرى پاسكىنا بولۇپ ئۆيگە كىرىش بىلەنلا كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان بىر خىل سېسىق پۇراق دىماققا ئۇرۇلاتتى. تامغا يۆلەپ قويۇلغان



بەنچاڭ پۈتۈنلەي مىخلىۋېتىلگەن بولۇپ، كېچىلىرى يوتقانلاردا چۈشىي يامراپ كېتەتتى. پالىلارنىڭ ئۈستىدىمۇ چۈشىلار ئومىلەپ يۈرەتتى. يەيدىغىنىمىز — قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان موما ۋە تۇزلانغان سېسىق سەي ئىدى.

بىز دۈشمەننىڭ 8 ـ ئارمىيە خادىملىرىمىزنى خورلىشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، كوللىكتىپ نامىدا ئېتىرازنامە يېزىپ، تەمىناتنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلدۇق ھەمدە ھەممىمىزنى دەرھال گۇناسىز دەپ ئېلان قىلىپ بوشۇتۇشنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. كوپ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان يازما ۋە ئاغزاكى كۈرەشلەردىن كېيىن، پالىلىرىمىزغا بىر كىچىك ئاشخانا تەييارلاپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىزگە ئەر يولداشلارغا ئومۇمى يۈزلۈك كىيىم ـ كېچەك ۋە قوشۇمچە يىمەكلەرنى كىرگۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە بولدۇق.

بىز 4 ـ تۈرمىگە سولانغاندىن كېيىن، يولداش ليۇ پىڭ، دۈشمەن بىزگە ئەكسىيەتچىل نەزىرىيە بىلەن ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى ۋە سوراق قىلىشنى باشلايدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، سۇن جۇڭسەننىڭ سەنمىنجۇيىسىغا مۇناسىۋەتلىك كىتاپلارنى ئۆگىنىشكە رەھبەرلىك قىلىپ، ماركسىزىم ـ لېنىنىزىم نۇقتىئى نەزىرى ئارقىلىق سەنمىنجۇيىنىڭ مەنىسىنى ئىگەللىۋېلىشىمىزغا يوليورۇق بەردى. ئۇ بىر قېتىم، كومپارتىيىمىزنىڭ ئەڭ تۆۋەن گاڭلىگى بىلەن سۇن جۇڭسەن تەشەببۇس قىلغان سەنمىنجۇيىنىڭ مەزمۇنى بىردەك، بىز، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ باسقۇچىدا سەنمىنجۇيىنى ئىزچىل ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز لازىم، دىگەن ئىدى. ئۇ يەنە ئالاھىدە تەكىتلەپ، بىز كوممۇنىستلار سۇن جۇڭسەن تەشەببۇس قىلغان سوۋېت

ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش، ئىشچى-دېھقانلارنى يۆلەشتەك ئۈچ بۈيۈك سىياسەتتىن ئىبارەت يېڭى سەنمىنجۇيىنى تەشەببۇس قىلىپ، دۈشمەننىڭ تەسلىمچىلىك قىلىپ ۋەتەننى سېتىش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش، خەلققە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل سىياسىتىگە قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز لازىم دەپ كۆرسەتكەن ئىدى ...... (ئاساسى مەزمۇنى) شۇندىن كېيىن بىز مۇشۇ نۇقتىئىي نەزەر ئارقىلىق، دۈشمەننىڭ پىتنە-ئىغۋالىرىغا رەددىيە بەردۇق.

1944-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئەرلەر تۈرمىسىدىكىلەردىن شۈي جيې، جۇ بىڭ، لىن جىلۇ قاتارلىق ئۈچ يولداشنىڭ 1943-يىلى سىنتەبىردە ۋەھشى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بارلىق يولداشلارنىڭ چەكسىز غەزەپ نەپرىتى قوزغالدى! كېيىن يەنە ئەرلەر تۈرمىسىدىن ئىنقىلاۋى قۇربان لىن جىلۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا يېزىپ قالدۇرغان «يېڭى مەھبۇسلار ناخشىسى»، «يولدىشىمنى ئەسلەش ناخشىسى» نى تاپشۇرۇپ ئالدۇق، بۇ ئىككى ناخشا تېكىستىنى يولداش چىڭ-گۈيىن نوتىغا سالغان ئىكەن. بىز ھەر كۈنى بۇ ئىككى ناخشىنى ئېيتىپ، قۇربانلارنىڭ باتۇرلارچە دۈشمەننى پاش قىلغانلىقى، ئۆلسىمۇ تىز پۈكمەيدىغان ئىنقىلاۋى پەزىلىتىنى ئەسلەپ، قۇربانلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كوممۇنىزمنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرى ئۈچۈن، دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش ئىرادىمىزنى تېخىمۇ ئۇرغۇتتۇق، ئەرلەر تۈرمىسىدىن مەخپى ئېۋەتىلگەن خەتلەرنى ئارقىمۇ-ئارقا تاپشۇرۇپ ئېلىپ تۇردۇق. تۈرمە تەرەپنىڭ رەسمى ئۆلتۈرۈشنى ئاڭلاپ، شۈي جيې، جۇ بىڭ، لىن جىلۇ قاتارلىق ئۈچ



يولداشنىڭ ھەقىقەتەن ئۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، 4-تۈرمىدىكى بارلىق يولداشلار ئولتۇرۇش كېچىلىكى شەكلى بىلەن ماتەم مۇراسىمى ئاچتۇق ھەمدە ھەر قايسى گۇرۇپپا يىغىنلىرىدا، ئەرلەر تۈرمىسىدىكى يولداشلاردىن مەخپى ئېۋەتىلگەن قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش ماقالىلىرى ۋە قۇربانلارنىڭ ئائىلىسىدىن ھال سوراش خەتلىرىنى ئوقۇپ چىقتۇق.

1944-يىلىنىڭ ئاخىرى 1945-يىلىنىڭ باشلىرى بولسا كېرەك، ئاياللار تۈرمىسىدىكىلەر 18-كورپۇسنىڭ شىنجاڭدىكى ئائىلە-تەۋەلىرى ۋە مەجرۇھ ياردارلىرى ياڭ فىن قاتارلىقلارنىڭ نامى بىلەن قورچاق مەركىزى سوت ئۇمىگى، قورچاق شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ۋۇجۇڭشىن، قورچاق مۇھاپىزەت ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خۇگۇجىنلارغا بىر پارچە ئېتىرازنامە سۇندۇق، بۇ ئېتىرازنامىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شىڭ شىسەينىڭ ئۈچ يولدىشىمىزنى ئۆلتۈردۈۋەتكەنلىكىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش ۋە قاتىللىنى جازالاش ھەققىدە كۈچلۈك تەلەپ قىلىش ئىدى، لېكىن ئېتىرازنامىنىڭ باش قىسمىدىكى ”تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇشتىن بۇيان بىز 18-كورپۇس تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇشنى، سەنمىنجۇيىنى، جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ (جياڭ جيېشى) نى ھىمايە قىلىپ كەلدۇق ...... ئەڭ ئالى باش قوماندانىنىڭ رەھبەرلىكىدە قانلىق جەڭ قىلىپ كەلدۇق“ دېيىلگەن مەزمۇنلار ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئىكەن. 1968-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى شىنجاڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرگۈچى بىر قانچە يولداشلارنىڭ قولىدىن بۇ ئېتىرازنامىنىڭ فوتو باسما نۇسخىسىنى كۆرگەندىن كېيىنلا، ئاندىن باش قىسمىغا ئېلىنغان سۆز ئىبارىلەر-

نىڭ جىياڭ پەيىنەكۋاشىنى كوككە كوتۈرۈش مەنىسى بارلىقىنى، ئىنتايىن خاتا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

1944 ـ يىلى قىش، ئەكسىيەتچى كاتتىۋاشلارنىڭ بېرى بولغان جىياڭ جىڭگو توتىنچى تۈرمىغا كەلگەندە، بىز ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، نىمە ئۈچۈن بىزنى قويىۋەتمەيدىغانلىقى ھەققىدە سوئال قويدۇق. بىر مەجرۇھ يولداش، بىز ياپون ئالۋاستىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپتىكى ئۇرۇشتا يارىدارلىنىپ مەجرۇھ بولغان تۇرساق، نىمە ئۈچۈن بىزنى سولاپ قويۇپ خارلايسىلەر، بۇ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئۇرۇشتا بوزغۇنچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت ۋەتەن ساتقۇچلۇق ھەركەت ئەمەسمۇ؟ دەپ جاڭ جىڭگونىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى.

1945 ـ يىلى مارتتا، دۈشمەن ئاياللار تۈرمىسىدىكى يولداشلارنى پارچىلاش ئۇسۇلىنى قوللاندى، قورچاق قوغداش ئىشلىرى باشقارمىسى قويۇپ بېرىش ھىيلىسى بىلەن شىنجاڭدىكى بەش ئائىلە ـ تەۋەنى ۋە دۆڭبېيلىق ياشانغان بىر مومايىنى زورلۇق بىلەن ئېلىپ چىقىپ، توتىنچى تۈرمىنىڭ ئارقا ھويلىسىغا سولاپ قويدى. بىز دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستىنى ئېنىق بىلىۋالغاندىن كېيىن نارازىلىق بىلدۈرۈپ، قورچاق قوغداش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خۇگوجىنىڭ 8 ـ ئارمىيە خادىملىرىمىزنى خارلىغانلىقىنى يۈزمۇ ـ يۈز ئېچىپ تاشلىدۇق ھەمدە ئۇنىڭ بۇ خىل ھەركىتىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچلۇق ھەركەت ئىكەنلىكىنى ئەيىپلىدۇق. شۇنىدىن كېيىن مۇتلەق كوپ ساندىكى ئاياللار باغلىنىپ، ئايرىم ـ ئايرىم نەزەربەنت قىلىندى. ئاياللار تۈرمىسىدا قالغان ئەر يولداشلار بىلەن باللار ئاچلىق ئېلان قىلىش ئارقىلىق ئايال يولداشلار-



نىڭ كۆرۈشىگە ماسلاشتى، بۇ قېتىمقى كۆرەش ئاياللار تۈرمىسىدىكى بارلىق يولداشلارنىڭ تەھرىمانلىقىنى تولۇق نامايەندە قىلدى ۋە دۈشمەننىڭ جىنايىتىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئېچىپ تاشلىدى. شۇنداقتىمۇ دۈشمەنلەر ئاخىرىدا يەنىلا بىر قانچە يولداشلىرىمىزنى تۇتۇپ كەتتى. شۇنىڭدەك شۇ يىلى ماي ئايلىرىدا، دۈشمەنلەر لىيۇپىڭ، ياڭفىن، سىڭ مىڭيۇ بىلەن بەش مەجرۇھ يولداشنى تۇتۇپ كېتىپ ئىككىنچى تۈرمىغا سولىدى. يولداش لىيۇپىڭ تۇتۇپ كېتىلىش ئالدىدا، ئاياللار تۈرمىسىغا يولداش جۇدەنخۇانىڭ مەسئۇل بولۇشىنى، جاڭ گۈيىن، لىيۇمىيەن ۋە مېنىڭ ھەمكارلىشىپ ئىشلىشىمىزنى بەلگىلىگەن ئىدى.

1945 ـ يىلى باھاردا، توتىنچى تۈرما قورچاق تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىنىڭ باشلىقى لى باۋگۇي بىر ـ بىرلەپ ئىسمىمىزنى چاقىرىپ، قورچاق سوجاڭ ئىشخانىسىنىڭ بىر ئېغىز بوش ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ سوراق قىلدى. دۈشمەن: سىلەر ئۆزەڭلەرنىڭ جىنايەتچى ئىكەنلىكىڭلارنى بىلەمسىلەر؟ دەپ سورىغاندا، مەن: تۈرمىغا تاشلانغان بارلىق 8 ـ ئارمىيە خادىملىرىمىزنىڭ جىنايىتى يوق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا تۆھپىسى بار، شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان يولداشلار شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان پايدىلىق ئىشلارنى قىلدى دەپ جاۋاپ بەردىم، مەن يەنە بىزنى سەۋەپسىز سولاپ قويۇشتەك جىنايى قىلمىشقا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، بىزنى دەرھال بوشۇتۇپ يەنئەنگە قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلدىم. دۈشمەن يالغان ئېيتىپ، ھازىر كومپارتىيىنىڭ مەركىزي كومىتېتى يەنئەندىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتـ

تى، سىلەر يەنئەنگە قايتىپ كېتىپ نىمە قىلىسىلەر، يەنئەنگە بارساڭ كاللاڭنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن قورقمامسەن؟ دىدى. مەن ئۇنىڭغا: "سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن، يەنئەن مەڭگۈ يەنئەن خەلقىنىڭ، مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تۇرۇۋاتقان يەنئەنگە قەتئىي قايتىپ كېتىمەن، ئىنقىلاپ ئۈچۈن كاللام كېتىشىدىنمۇ قورقمايمەن" دەپ رەددىيە بەردىم. سوراقتىن كېيىن دۈشمەنلەر مېنى ئىقرارنامە قەغىزىگە ئىمزا قويغۇزدى.

1945 - يىلى يازدا، ۋاڭ يۈنشۈ، جاڭ يىپىڭ ئىككىسى ئايرىم - ئايرىم هالدا سوراق قىلىندى، دۈشمەن بىر - بىرلەپ قويۇۋېتىش يولى بىلەن ئۇلارنى ئازدۇرۇپ ئىقرار قىلدۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، رەت قىلىشقا ئۇچراپ سۈيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى.

1945 - يىلىنىڭ ئاخىرى، ياپون جاهانگىرلىگى تەسلىم بولغاندىن كېيىن، دۈشمەنلەر بىزنى ئات هارۋىسى بىلەن ئىككىنچى تۈرمىگە ئېلىپ بېرىپ سوراق قىلدى. كاردۇردا سوراق قىلىشنى كۈتۈپ ئولتۇرغىنىمىزدا، دۈشمەن هەر بىرىمىزگە دەرهال تولدۇرۇش ئۈچۈن بىر پارچىدىن جەدۋەل تارقىتىپ بەردى، بۇ جەدۋەلگە تولدۇرۇشقا تېگىشلىك مەزمۇنلاردىن ئېسىمدە قالغىنى دادىسىنىڭ ئىسمىنى يېزىش، ئۇندىن باشقا ئارقىسىدا بىر ئىزاهات قىسمى بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا قولغا ئېلىنغان بارلىق يولداشلارنىڭ گۇناسىز ئىكەنلىگى، بوشۇتۇپ يەنئەنگە قايتۇرۇش هەققىدىكى قەتئىي تەلىۋىمنى يېزىپ قويغان ئىدىم. دۈشمەنلەر مېنى سوراق قىلغاندا، كومپارتىيە ۋە 8 - ئارمىيە "گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ هەمكارلىغى-



غا بۇزغۇنچىلىق قىلدى، "كوممۇنىزىم دولەت ئەهۋالىمىزغا ماس كەلمەيدۇ" كومپارتىيە سەنمىنجۇيىنى يولغا قويمىدى ... دەپ توهمەت قىلدى. بۇنى ئاڭلاپ غەزىۋىم تېخىمۇ ئۆرلىدى-دە، كومپارتىيە، 8 - ئارمىيىنىڭ توهپىسى باركى خاتالىقى يوق، كوممۇنىزىم — دۇنيا ئېقىمىنىڭ يۈزلىنىشى، پەقەت ماركسىزىم - لېنىنىزىملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدۇ، 8 - ئارمىيىمىز — سۇن جۇڭسەننىڭ ئىنقىلاۋى سەنمىنجۇيىسىنى ئەڭ ساداقەتلىك بىلەن يۈرگۈزۈپ، ئادەم ئالدايدىغان يالغان سەنمىنجۇيىغا قارشى تۇرىدۇ دەپ رەددىيە بەردىم. دۈشمەن سوراق يۈنۈلۈشىنى بىر - بىرلەپ قويۇپ بېرىش مەسىلىسىگە بۇرىغاندا، مەن قەتئىي قارشىلىق بىلدۇرۇپ، پۈتۈن يولداشلارنى بىرلىكتە قويۇپ بېرىپ يەنئەنگە قايتۇرۇش تەلىۋىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئۇ قېتىم دۈشمەنلەر سىياسى ئىدىيە جەهەتتە ئاياللار تۈرمىسىدىكى يولداشلارنىڭ كوممۇنىستىك ئىشەنچىسىنى تەۋرىتىش ئۈچۈن بىر - بىرلەپ قويۇۋېتىش سۈيىقەستىنى قوللانماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار مەخسىدىگە يېتەلمىدى.

1946 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، دۈشمەنلەر زورلۇق بىلەن شاڭ يۈن (خەن فۈيىڭ) ياشانغان موماي ۋە سۇ ئانا، جياۋ جەنخۇا، مايۈيجىنلارنى نامراتلار تەمىنات ئورنىغا ئاپىرىۋېلىپ، ئۇلار بىلەن توتىنچى تۈرمىدىكىلەرنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

1946 - يىلى ئەتىيازدا، ئىككىنچى تۈرمىدىكى دۇەن جىنچى، خۇاڭ يۈكچىڭ ئىككىسى دۈشمەننىڭ تەهدىتى ئاستىدا تەۋرىنىپ قالدى، دۈشمەنلەر يەنە ئۇلارنىڭ خوتۇنى

جاڭ يۈيلەن، جۇيۈيمىلار ئارقىلىق ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى، ئاخىرى ئىككىسى ئاسىلىق قىلىپ نومۇسسىز خائىنلارغا ئايلاندى.

يولداش ليۇپىڭ قاتارلىقلار تۇتىنچى تۈرمىدىن يۆتكىۋېتىلگەندىن كېيىنمۇ ئەرلەر تۈرمىسى بىلەن ئاياللار تۈرمىسىنىڭ ئالاقىسى قەتئىي داۋاملاشتى، ئۇلاردىن كەلگەن سىياسىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش ھەققىدىكى ماتېرىياللار ۋە خەتچەكلەرنى دائىم تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇلار بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئەھۋالى ۋە دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىش تاكتىكىلىرىدىن خەۋەر تېپىپ تۇردۇق. يەنە يولدۇشۇمنىڭ كۈرەشنى ئاخىرغىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ھەققىدە ئىلھام بېرىپ يازغان خەتلىرىنى كۆپ قېتىم تاپشۇرۇۋالدىم. بىز ئۆگىنىش ھەيئىتىنىڭ يولىيۇرۇقىغا ئاساسەن "يۈزلىگەن ئوغلانلار بىر نىيەتتە بولۇش" تەك روھ بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلدۇق.

1946 - يىلى ئەتىيازدا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇرۇمچىنىڭ قورچاق شەھەر باشلىقى چۈي ۋۇ، تۇتىنچى تۈرمىگە يولداش دۇخۇا (ياڭ جىژخۇا)نى ئىزدەپ كەلدى ھەمدە ئۇنىڭ قىزى يولداش دۈيىنى ئۆيىگە مېھمانغا تەكلىپ قىلىپ، يولداش دۈيىغا: "ھازىر جاڭ جىژجۇڭ شىنجاڭغا كېلىپ تەنپەن قىلىۋاتىدۇ، سىلەر پات ئارىدا تۈرمىدىن چىقىسىلەر" دەپتۇ.

نامراتلار تەمىنات ئورنىدىكى يولداش شې لياڭ، شىنجاڭ تۈرمىسىدىكى 8 - ئارمىيە خادىملىرىنىڭ تىزىملىكىنى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى يولداش جاۋ



پۇلىن (جاۋمىڭ) غا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇنى چۆچەكتىكى 8 - ئارمىيە ئىش بېجىرىش باشقارمىسى ئارقىلىق يولداش جۇ ئېنلەيگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە بەرگەن ئىكەن. بۇ تىزىملىك ئەينى چاغدا بىۋاستە جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ كاتىۋى ۋېي چۈەنتۇڭ ئارقىلىق تاپشۇرۇپ بېرىلگەن.

## 6. ئىككىنچى تۈرمىگە يىغىلغاندىن تارتىپ تۈرمىدىن چىققانغا قەدەر

1946 - يىلى مايدا بىزنى يەنە ئىككىنچى تۈرمىگە يۆتكىدى، بۇ چاغدا تۈرمىدىكى 8 - ئارمىيە خادىملىرىمىزنىڭ ھەممىسى مۇشۇ جايغا يىغىلغان ئىدى. يولداش جاڭ فىن يىلىڭ ليۇپىڭ قاتارلىق يولداشلارنىڭ پىكرىنى يەتكۈزۈپ: "بىز تۈرمىدىن چىقىپ، يەنئەنگە قايتىش ئالدىدا تۇرىۋاتىمىز، ئەمما بىر قانچە يىل تۈرمىدا ياتقانلىقىمىز ئۈچۈن سالامەتلىكىمىز ئاجىزلاپ كەتتى، شۇڭلاشقا بۇ يەردە ئۆزىمىزنى بىر ئاز ئوڭشاپ ئالايلى" دېدى. ئۇ ئۆگىنىش پىلانى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش تەرتىۋىمىزنى ئورۇنلاشتۇردى، يىغىنچاقراق بولۇش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى ساتقۇزدى.

شۇ يىلى مايىنىڭ ئاخىرىدا، جاڭ جىژجۇڭ مېھمان چاقىرىش - سۆھبەتلىشىش نامى بىلەن ئۆيىگە دۇنىڭ، جى خې، جۇ دەنخۇالارنى تەكلىپ قىلدى، جاڭ جىژجۇڭدىن گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە سۆھبىتىنىڭ ئىگى — تەكتىنى ئىگەللەپ كۆرۈپ، ئاندىن يەنئەنگە قايتىش ۋاقتىنى قارار قىلىش ئۈچۈن، تەشكىلدىن

يەنە گاۋيۇچېڭ (گاۋدېڭباڭ)، بىي خەندىڭ ۋە لى جۇلياڭ قاتارلىق ئۈچ يولداشنى ھەمرا بولۇپ بېرىشقا ئەۋەتتى، سوھبەت جەريانىدا يەنئەنگە قايتىش توغرىسىدا بىر قانچە مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، ئۇ: "ھازىر گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە سوھبىتىنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىت يوق، ئىككى تەرەپنىڭ ۋاقىتىنچە ئۇرۇش توختاتقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ يەنئەنگە قايتىۋېلىشىڭلار كېرەك" دېدى، بۇ چاغدا بىزنىڭ ۋەكىلىمىز جاڭجىجۇڭدىن يۈزمۇ - يۈز جاۋاپ ئېلىش ئۈچۈن، بىر قانچە مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرىنچى، يەنئەنگە بىخەتەر قايتىشتا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى جەزمەن كومپارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليۇرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىشىمىز لازىم؛ ئىككىنچى، يەنئەنگە قايتىش يولىدا بىخەتەرلىكىمىزگە كاپالەتلىك قىلىنىش لازىم؛ ئۈچىنچى، شۆي جېيې، جۇبېڭ، لىن جىلۇ قاتارلىق ئۈچ يولداش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدە ماتەم مۇراسىمى ئېچىش ۋە قولغا ئېلىنغان خادىملىرىمىزنىڭ گۇناسىز ئىكەنلىكىنى ۋە يەنئەنگە قايتۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى گېزىتكە بېسىش ۋە ئېلان قىلىش لازىم. جاڭ جىجۇڭ يۇقۇرىدىكى مەسىلىلەرگە جاۋاپ بېرىپ، پەقەتلا ماتەم مۇراسىمى ئېچىشقا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ليۇپىڭ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار جاڭ جىجۇڭ بىلەن قىلىنغان سوھبەتنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، يەنئەنگە قايتىشنى قارار قىلدى، شۇ يىلى 10 - ئىيۇندا ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقتۇق، يول بويى جاڭ جىجۇڭ ئەۋەتكەن گومىنداڭ گېنېرالى ليۇياجى ۋە



بىر تۈركۈم قوراللىق خادىملار بىزنى قوغداپ ماڭدى. تۈرمىدىن چىقىشتىن ئىلگىرى جاڭ جىجۇڭ ئىككىنچى تۈرمىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئىككىنچى تۈرمىدىكى ھەر بىر كىشىگە فرانسىيە پۇلىدىن 22 فرانك تارقىتىپ بەردى. تەشكىلىدىن ئۇ پۇلنى ئېلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. پۇل ئالىدىغان چاغدا تىزىملاش دەپتىرىگە بارمىقىمىزنى باستۇق.

10 - ئىيۇن چۈشتىن ئىلگىرى قولغا ئېلىنغان 131 ئادەم، بۇنىڭ ئىچىدە 23 كىچىك بالا بار بولۇپ، 8 قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق، يول ئۈستىدە يولداش شى جىشەن بىلەن جاۋجيەنخۇانىڭ قىزى كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتتى. بىز شىئەن ئىش بېجىرىش باشقارمىسىدا بىر ھەپتە تۇرۇپ يەنە يەنئەنگە قاراپ يول ئالدۇق.

## 7. يەنئەنگە قايتىپ كېلىش

يەنئەنگە قايتىپ كېلىش - ئارزۇ ھەسىياتلىرىمىز بىلەن شەنشى، گەنسۇ، نىڭشا چېگرا رايونىدىكى جىجاسۇن كەنتىگە كېلىپ، ماشىنىمىز توختىشىغىلا 8 - ئارمىيە بەلگىسىنى تاقىغان قوراللىق جەڭچىلەر ئالدىمىزغا چىقىپ، ماشىنىدىن چۈشۈشىمىزگە قىزغىن ياردەملەشتى، بۇ جايدا تاپشۇرۇپ بېرىش رەسمىيىتى بېجىرىلدى، چېگرا رايون خەلق ھۆكۈمىتى يول بويى بىزنى قوغداپ كەلگەن ئەسكەرلەرگە چېگرا رايون مەھسۇلاتلىرىنى تەقدىم قىلىپ، ئۇلاردىن ھال سورىدى.

10 - ئىيۇل چۈشتىن كېيىن بىز ئەر - ئايال، قېرى - ياش بولۇپ 129 ئادەم، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قۇتقۇزۇشى ھەمدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياردىمى ئاس-

تىدا، ئاخىرى يەنئەنگە بىخەتەر قايتىپ كەلدۇق. بەختىيار شات - خۇراملىق ئىچىدە، كومپارتىيە ۋە يەنئەن خەلقىنىڭ قىزغىن ھال سورىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. ئۇ كۈنى ماشىنىلىرىمىز شەھەر سىرتىدىكى چىلىنفۇ دىگەن جايغا يېتىپ كەلگەندە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئادەم ئەۋەتىپ بىزنى كۈتۈۋالدى. ماشىنا جەنۇبىي دەرۋازىدىن ئاستا - ئاستا كىرىپ كەلگەندە نۇرغۇن تونۇش يولداشلارنىڭ يول بويىدا تۇرۇپ قارشى ئېلىۋاتقانلىغىنى كوردۇق. ئاممۇ بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. بۇ مەنزىرىنى تەسۋىرلەش ھەقىقەتەن تەس ئىدى.

مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى بىزنى پارتىيە مەكتىۋىنىڭ ئىككىنچى بولۇمىگە ئورۇنلاشتۇردى، ئەينى ۋاقىتتىكى مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمى كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىغى يولداش لياۋجىڭگاۋ ماۋجۇشىنىڭ يولىيورىغىنى يەتكۈزۈپ، يەنئەندە ئۈچ ئاي دەم ئېلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىشىمىز ۋە سالامەتلىگىمىز ياخشىلانغاندا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىدىغانلىغىمىزنى ئېيتتى، ماۋجۇشى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىزگە قىلغان پۈتمەس - تۈگىمەس غەمخورلىغىنى چوڭقۇر ھېس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇندىن كېيىنكى مەسئۇلىيىتىمنىڭ تېخىمۇ زور ئىكەنلىگىنى ئويلاپ يەتتىم.

1946 - يىلى 17 - ئىيۇل - بىز ئۈچۈن ئەڭ بەختلىك بىر كۈن بولدى ئۇ. كۈنى چۈشتىن كېيىن ماۋجۇشى بىزنى ياڭ جيالىڭ زالىغا زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. ماۋجۇشى ئاتىمىزنىڭ يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى، ئۇ بىز بىلەن سەممىي ھالدا بىر - بىردىن قول ئېلىشىپ كورۇشكەندە



ھاياجانلانغىنىمدىن كوزۈمگە ئىسسىق ياش ئالدىم. شۇ كۈنى باش قوماندان جۇدې قارشى ئېلىش نۇتقى سوزلىدى، يولداش جاڭ زى ديې جاۋابەن سوز قىلدى.

ياچېيكىمىزدىكى يولداشلارغا خىزمەت تەقسىم قىلىنغان چاغدا، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى ھەر بىرىمىزگە ئىككى پارچىدىن باھالاش جەدۋىلى تارقىتىپ بەردى. ئۇنىڭ بىر نۇسخىسى يېڭى خىزمەت ئورنىغا ئېلىپ بېرىلاتتى. يەنە بىر نۇسخىسى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىدە ئارخىپتا ساقلىنىش ئۈچۈن قالدۇرۇلاتتى. باھالاش جەدۋىلىنىڭ بىرىنچى كاتەكچىسىغا، شىنجاڭ تۈرمىسىدىكى ئىپادىسى تولدۇرۇلاتتى، ھەر بىر يولداشقا نىسبەتەن باھانى پارتىيە گۇرۇپپىسى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قوشۇلۇشىغا ئاساسەن مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللايتتى، ئەينى ۋاقىتتا مەن ياچېيكا ھەيئەتلىگىگە سايلىنىپ تەشكىلىي خىزمەتكە مەسئۇل بولغانلىغىم ئۈچۈن، ھەر بىر يولداشنىڭ باھاسىنى جەدۋەلگە تولدۇرۇپ چىققان ئىدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە لى تاۋدىن باشقا يولداشلارنىڭ باھالىشىغا ”سىياسى مەيدانى مۇستەھكەم“ دەپ يېزىلغان ئىدى، يولداش لى يۈنياڭ ئىككىمىز يەنئەندىن كېچىكىۋىرەك ئايرىلغاچقا، مېنىڭ باھالىشىمنى يولداش جاڭزىيې ”شىنجاڭ تۈرمىسىدىكى سىياسى مەيدانى مۇستەھكەم، كومپارتىيىگە چەكسىز سادىق“ دەپ يازغان ئىكەن.

يېڭى پارتىيە ياچېيكىسى شىنجاڭدىن قايتىپ كەلگەن چۈدۈيى، ۋاڭ سۇجېن، زۇجيەن، ليۇجىڭفېن قاتارلىق تۆت يولداشنى پارتىيىگە قوبۇل قىلدى، ئۇلار كاندىداتلىق مۇد-

دىتىنى ئۆتمەيلا ياچېيكىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن رەسمىي پارتىيە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. بۇ، يولداش لياۋجېڭگاۋنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن بولغان ئىدى. يولداش لياۋجېڭگاۋ: "پارتىيىگە كىرىشنى تەلەپ قىلغان بۇ بىر قانچە يولداش شىنجاڭ تۈرمىسىدە تۆت يىللىق سىناق مۇددىتىنى باشتىن كەچۈردى، بۇ ئۇلارنىڭ كاندىداتلىق مۇددىتىگە ھېساپ بولسۇن" دېگەن ئىدى، شۇڭا ياچېيكىنىڭ ئۇقتۇرۇشى ئارقىلىق ئۇلار پارتىيىگە كىرگەندىن كېيىن رەسمىي پارتىيە ئەزاسى بولۇپ ھېساپلاندى.

پارتىيە مەكتىۋىنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدە تۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يولداش فاڭ جىچۈن، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ماتەم مۇراسىمى ئېچىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بۇ — شىنجاڭدا ۋاپات بولغان يولداشلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمى ئىدى. مەن يىغىن زالىغا كىرىپ، سەھنىدە پەقەت لىن جىلۇ، چاۋگوجىن، ۋۇماۋلىن، چېن جىنيا قاتارلىق يولداشلارنىڭ سۈرىتى ئېسىلغانلىقىنى كۆردۈم، يولداش چېن تەنچۇ بىلەن يولداش ماۋزېمىننىڭ رەسمى ئېسىلمىغان بولۇپ، تەزىيە نۇتقىدىمۇ ئۇلار تىلغا ئېلىنمىغان ئىدى. كېيىن يولداش چېن تەنچۇ بىلەن يولداش ماۋزېمىننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ھەقىقىي مۇقىملاشتۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇ ئىشنى گومىنداڭدىن سۈرۈشتە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدىم، شۇڭلاشقا ئۇ كۈنى يولداش چېن تەنچۇ بىلەن يولداش ماۋزېمىنگە تەزىيە بىلدۈرمىگەن ئىكەن، بۇ قېتىمقى تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىغا يولداش مامىڭفاڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. يولداش جۇدەنخۇا يىغىندا سۆز قىلدى،



تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىغا يولداش ساۋيىگاۋمۇ قاتناشتى، كېيىن يەنئەندە نەشر قىلىنىدىغان ئازادلىق گېزىتىدە بۇ بىر قانچە ئىنقىلاۋىي قۇربانغا تەزىيە بىلدۈرىدىغان ماقالە ۋە شېئىرلار ئارقا – ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ ئىچىدە يولداش لى يۈنياڭنىڭ ئىنقىلاۋىي قۇربان لىن جىلۇنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن يازغان بىر پارچە تەزىيە بىلدۈرۈش ماقالىسىمۇ بار ئىدى.

يەنئەندە مەن ئۈچ ئاي دەم ئالدىم. 1946 – يىلى ئۆكتەبىردە، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى مېنى چېگرا رايونغا ئاياللار خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئەۋەتتى. شۇ يىلى نويابىردا مەن يولداش لى يۈنياڭ، يولداش جاڭ زىيى بىلەن بىرگە سەنشى سۇيىيۈەنگە يۆتكەلدىم.

(ماقالىنى 8 – ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئ. ئىشقارمىسى خاتىرە مۇزېيى تەمىنلىگەن)

# تۈرمىدىكى كۈرەش خاتىرىسى

ۋاڭ جىچۈن

## ئومۇمىي بايان

سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى جىددىيلەشكەندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىڭ شىسەي بىلەن تىل بىرىكتۈردى. شۇنىڭ بىلەن شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇپ كوممۇنىستىك پارتىيىگە يېقىنلىشىش چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، 1942 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «شىنجاڭ ۋەقەسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى 160 دىن ئارتۇق خادىمى (شىڭ شىسەي خىزمەتكە تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلگەنلەر، مېيىپ بولۇپ دەم ئېلىۋاتقانلار، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتىپ شىنجاڭدا ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقانلار)نى قولغا ئالدى، بۇ كىشىلەر 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قويۇپ بېرىلدى.

بىز 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى يەنئەنگە يېتىپ باردۇق. تۈرمىدە ياتقان 4 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدىكى كۈرەشلەرنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئەسلەپ ئۆتىمەن.



1 - نەزەربەنت قىلىنغان مەزگىل (1942 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 1943 - يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە) شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن باشلاپ، شىڭ شىسەي «مېھمان» قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش دېگەن نام بىلەن بىزنى ئايرىپ نەزەربەنت قىلدى. ئالدى بىلەن يولداش چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن ۋە ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرىنى ئۈرۈمچى لاۋمەنچېڭدىكى بىر ھوجرىغا ئايرىپ نەزەربەنت قىلدى، لى زۈلىن، لىن ۋىلياڭ، لى يۈنياڭ قاتارلىق يولداشلار ۋە ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرى بولۇپ جەمئىي 20 دىن ئارتۇق كىشىنى ئۈرۈمچى سەنجۈدىكى ۋاقىتلىق مېھمانخانىغا ئايرىپ نەزەربەنت قىلدى. ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىدىكى بارلىق يولداشلارنىمۇ شۇ كۈنى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئارقا قورۇسىغا ئايرىپ نەزەربەنت قىلدى، بۇلاردىن باشقا يەنە 70 دىن ئارتۇق كىشىنى باخۇلياڭغا ئايرىپ نەزەربەنت قىلدى. شۇ چاغدا شىڭ شىسەي پارتىيىمىزدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلىكىنى تېخى رەسمىي جاكالىمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىڭ شىسەي موسكۋادا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تەنپەن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كۆپ قىسىم خادىملىرى تېخى قايتىپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىز نەزەربەنت قىلىنغان بولساقمۇ، ئۆزىمىز خاتىرجەم بولۇپ، (ئازساندىكى يولداشلار شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى بىلمىسىمۇ)، دىققىتىمىزنى ئۆگىنىشكە قاراتتۇق. يولداش چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىنلار بىللە تۇرۇۋاتقانلار ئىچىدە كېسەللەر بىر قەدەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار يولداش چېن تەنچيۇنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئايرىم سۆزلىشىش، ئۆز ئارا مۇھاكىمە قىلىش، ئۆز ئارا

پىكىرلىشىشتىن ئىبارەت ئۇگىنىش ئۇسۇلىنى قوللۇنۇپ، ئىستىل تۇزىتىش ئۇگىنىشى ئاساسىدا، ئوزى ئۇگىنىش پىرىنسىپىنى يولغا قويدى. سەنجۇدىدىكى يولداشلار يولداش لى زۇڭلىنىڭ ئومۇمى مەسئۇللىقىدا، يولداش لىن ۋىلياڭ، لى يۇڭلياڭ، خۇدۇڭسەندىن تەركىپ تاپقان ئۇگىنىشنى باشقۇرغۇچىلار ھەيئىتىنىڭ رەھبەرلىگىدە سوھبەت يىغىنى، سوئاللارغا جاۋاپ بىرىش يىغىنى، مۇزاكىرە يىغىنى ئوتكۇزۇش ئۇسۇلىنى قوللۇنۇپ، داۋاملىق تۇردە ئىستىل تۇزىتىش ھوججەتلىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخىنى ئۇگەندى. باخۇلياڭدىكى يولداشلار يولداش جاڭ زىيىنىڭ مەسئۇللىقىدا، ھەرقايسى ئورۇنلار بويىچە تەشكىل قىلىنغان ئۇگىنىشنى باشقۇرغۇچىلار ھەيئىتىنىڭ رەھبەرلىگىدە (شۇ چاغدىكى مىھمانخانىدا 3 ئورۇن بولۇپ، يېڭى ئويدىكى ئۇگىنىشنى باشقۇرغۇچىلار ھەيئىتى يولداش جاڭزىيى، ليۇخۇپىڭ، فاڭجىڭچۇنلەردىن تەركىپ تاپتى؛ بىنادىكى ئۇگىنىشنى باشقۇرغۇچىلار ھەيئىتى يولداش مامىڭفاڭ، جىخالوپ، خۇۋاڭ چۇخىپلاردىن تەركىپ تاپتى)، ئورۇنلار بويىچە رۇس تىلى، جۇڭگو تىلى ئۇگىنىشنى مەركەز قىلدى؛ ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىدىكى يولداشلار ئەسلىدىكى ئۇگىنىشنى باشقۇرغۇچىلار ھەيئىتىنىڭ رەھبەرلىگىدە، كەسپى ئۇگىنىش ئېلىپ باردى. (ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىدە ئۇگەنگەن دەرسلەرنى تەكرارلىدى). ئۇ چاغدا بىزنى ئايرىپ نەزەربەنت قىلىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن كوپ ساندىكى يولداشلار دىققىتىمىزنى ئۇگىنىشكە قاراتتۇق. ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىۋاتقانلىقىنى كورۇپ، تۇرمىدا يېتىشقىمۇ تەييارلىق كورۇپ



قويدۇق، سەنجۇدىدىكى يولداشلار بۇ جەھەتتە تېخىمۇ تولۇق تەييارلىق كورۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى ئورۇندىكىلەر شىڭ شىسەيگە ئاغزاكى ياكى يازما قارشىلىق بىلدۇردۇق ۋە تەلەپ قويدۇق. لېكىن بۇ ئەبلەخ بىلدۇرگەن قارشىلىغىمىزغا ۋە يوللۇق تەلىۋىمىزگە جاۋاپ بەرمەي تۇرىۋالدى.

2 ـ رەسمىي تۇرمىدا ياتقان مەزگىل. لېنىنگراد، ستالىنگرادتا ئەھۋال ئېغىرلاشقان بىر پەيتتە گومىنداڭ پىرقىسى 1943 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئۇرۇمچىدە قۇرۇلدى. شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى مەغلۇپ بولىدىغان بولدى دەپ قاراپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزىمغا قارشى بايرىغىنى ئېگىز كوتۇرۇپ، 1943 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۇنى يولداش چېن تەنچۇ، ماۋزېمىنلارنى ۋە سەنجۇدىدىكى بارلىق يولداشلارنى قاتتىق تۇرمىغا تاشلىدى. تۇرمىغا تاشلانغان سەنجۇدىدىكى يولداشلار يولداش لى زۇڭلىنىڭ باشچىلىقىدا، تۇرمىغا تاشلانغان كۇنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ 3 كۇن ئاچلىق ئېلان قىلىپ، تۇرمۇشنى ياخشىلىدى ۋە ماركسىزىم ـ لېنىنىزىم ئەسەرلىرىنى كورۇشنى قولغا كەلتۇردى. شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۇنى باخۇلياڭدىكى كوپ ساندىكى يولداشلارنى تۇرمىغا تاشلىدى. ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىدىكى بارلىق يولداشلارنى باشقا يەرگە يوتكىدى (يەنىلا نەزەربەنت قىلدى) باخۇلياڭدا قېپقالغان ئايال يولداشلار، بالىلار، مېيىپلار، كېسەللەر ۋە سەنجۇدىدىكى چېن تەنچۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى يىغىپ شىخابادىكى سابىق موڭغۇل، قازاق، قىرغىز مەكتىۋىگە ئاپىرىپ نەزەربەنت قىلدى. ئۇ چاغدا ئەرلەر

ياتقان تۇرمۇشنىڭ ئەھۋالى بىر قەدەر مۇرەككەپ ئىدى، بىرىنچىدىن، كۆپچىلىك بولۇۋېتىلگەن، ئىككىنچىدىن، ئازساندىكى يولداشلار شۇ چاغدىكى ئومۇمىي ئەھۋالنى تازا ئاڭقىرالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايرىم خائىنلار مەسىلەن: لىيۇشىپىڭ تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتقان ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، شۇ چاغدىكى پارتىيە تەشكىلاتىدىكى مەسئۇل يولداشلار تامال تېپىپ ھەرقايسى كامېردىكىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى. شۇنىڭ بىلەن يولداشلار بانىدىت شىڭ شىسەينىڭ قاتتىق قىيىن - قىستاقتا ئېلىش، تەھدىت سېلىش، ئالداش قاتارلىق رەزىل ۋاستىلىرى ئالدىدا مەيدا- نىدا چىڭ تۇردى. بۇنىڭدىن باشقا پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىش، مەيدانىدا چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق يولداشلارنى تەربىيىلىدى. ئاۋئاتسىيە ئەترىتىدىكى يولداشلار سەنداۋخاڭغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىككى يولداش مەجبۇرلاش ئارقىسىدا تۆۋە نامە (باش ئېگىش خېتى) يازغانلىقتىن ئاۋئاتسىيە ئەترىتىدىكى يولداشلارنىڭ تۇرمۇشىدا ۋە ئۆگىنىشىدە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى، شىخاباغا نەزەربەنت قىلىنغان مېيىپلار، كېسەللەر، ئاياللار، قېرىلار، بالىلارنىڭ تۇرمۇشى، ئۆگىنىشى بىر قەدەر مەركەزلىك، تەشكىللىك بولۇپ، ئاز- ساندىكى يولداشلار ئۆگىنىش، تۇرمۇشتا يولسىز چاتاق سېلىپ، پىرىنسىپسىز ماجىرا تۇغدۇرغاننى ھىساپقا ئالمىغاندا قالغانلار تەشكىلگە ۋە ئىنتىزامغا بويسۇندى. بۇ مەزگىل بىر قەدەر جاپا - مۇشەققەتلىك مەزگىل بولۇپ، دۈشمەن بىزنى بىر نەچچىگە بولۇۋەتكەن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ھەر بىر كامېردىكىلەر ياكى ھەر بىر ئورۇندىكىلەر ئۆز ئارا ئالاقە



قىلىپ، كوللېكتىپ تۇرمۇش كەچۈردۇق. 7 - ئايدا 4 - تۈر- مىدىكىلەر بىرلىشىپ ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشى ئېلىپ بېرىپ، ئوچۇق سوراق قىلىش ۋە تۇرمۇشنى ياخشىلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق، چۈنكى بۇ چاغدا شىڭ شىسەي بىر قەدەر مۇھىم مەسئۇل يولداشلىرىمىزنى، مەسىلەن: چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن ۋىنلياڭ، لى زۇڭلىنلارنى مەخپىي قىيىن - قىس- تاققا ئېلىپ سوراق قىلغان ئىدى، كېيىن ھەر قايسى ئەرلەر تۈرمىسىدىكىلەر 2 - تۈرمىگە يىغىلغان كۈندىن باشلاپ (1943 - يىلى 2 - ئاي) فاڭ جېجۈن، لى يۈنياڭ، مامىڭفاڭ، ليۇخۇپىڭلاردىن تەركىب تاپقان ئۆگىنىش باشقۇرغۇچىلار ھەيئىتى رەھبەرلىك يادروسى شەكىللەندى؛ ئاياللار تۈر- مىسىدا باشتىن - ئاياق جاڭزىيى باشچىلىقىدىكى شىيلياڭ، ياڭفىڭ، جۇ جالۇڭ، ۋۇنەييىن، جاڭ فىڭيىڭ، ليۇمېيلاردىن تەركىب تاپقان ئۆگىنىش باشقۇرغۇچىلار ھەيئىتىنىڭ رەھبەر- لىكى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. داۋالىنىش ئۆيىگە يولداش لى زۇڭلىن، چاۋگۇجىڭلار مەسئۇل بولدى.

شىڭ شىسەي تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، (1944 - يىل 8 - ئايدىن 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگە قەدەر)، شىخابادا نەزەربەنت قىلىنغان مېيىپلار، كېسەللەر باشقا بىر تۈرمىگە تاشلاندى، بۇ چاغدا ئاساسەن ئەرلەر تۈرمىسى ۋە ئاياللار تۈرمىسى دەپ ئايرىلدى. شىڭ شىسەي تەختتىن چۈشۈپ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى قالايمىقانلاشقانلىقتىن، ھەر قايسى كامېر، ھەر قايسى تۈرمىدىكىلەر ئۆز ئارا ئالاقە باغلاش ئىمكانىيىتى تۇغۇلۇپ، بۇرۇنقى ئايرىم، تارقاق كۈرەش ئېلىپ بېرىش بۇ چاغدا ئالاقە باغلاپ بىر تۇتاش

كۆرەش ئېلىپ بېرىشقا تەرەققىي قىلدى. بۇ چاغدا، جاڭ زىيى باشچىلىقىدىكى رەھبەرلىك يادروسى تۈرمىدىكى كۆرەشتە قولغا كەلتۈرۈلگەن تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ كۆپلىگەن "سول" ۋە ئوڭ خاھىشلارنى تۈزۈتۈپ، نىشاندىن ئاداشقان ئايرىم كىشىلەرنى قۇتقۇزۇپ، "ھەممەيلەننى گۇناسىز دەپ تۈرمىدىن بوشۇتۇپ يەنئەنگە قايتۇرسۇن" دېگەن شۇئارنى ۋە "ھەممەيلەن بىر نىيەتتە بولۇش" دېگەن ئىتتىپاقلىق فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆپچىلىكنى بىر كىشىدەك ئىتتىپاقلاشتۇردى، رەھبەرلىك توغرا بولغىنى ئۈچۈن، يولداشلارمۇ، دۈشمەننىڭ تۈرلۈك قىيىن - قىستاقلىرى، زىيانكەشلىكىگە قەتئىي تاقابىل تۇرۇپ، يەنئەنگە غەلىبە بىلەن قايتىپ كەتتۇق.

## تەشكىلات ۋە رەھبەرلىك

### 1. تەشكىلات ئەھۋالى

بىز كوممۇنىستلار ۋە 8 - ئارمىيە خادىملىرى تۈركۈملەپ تۈرمىگە تاشلاندۇق، دۈشمەن بىزنى مەقسەتلىك ھالدا ئايرىۋەتتى. نەزەربەنت قىلىنغان يەرلىكلەر بىلەن ئارىلىشىشىمىزدىن ئەنسىرەپ، 3 - 4 كىشىنى، كۆپ بولغاندا 7 - 8 كىشىنى بىر كامېرغا سولىدى. ئەتراپىمىزغا يەرلىكلەرنى سولىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كامېر ۋە تۈرمىنى ئالماشتۇرۇپ تۇردى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، بىز باشتىن - ئاياق بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۆگىنىش باشقۇرغۇچىلار ھەيئىتىگە



ئوخشاش تەشكىلاتنى ساقلاپ قالدۇق. بۇ تەشكىلات ئۆگىنىشنىڭ بىر قانچە يىل ئۈزۈلۈپ قالماي داۋام قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى (تۈرمىنى ھەقىقىي تۈردە چوڭ مەكتەپكە ئايلاندۇردۇق). بىر قانچە يىللىق فاشىست ئىشپىيونلارغا قارشى تۈرلۈك كۆرەشلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى.

1942 - يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 1943 - يىلى ئەتىيازغىچە نەزەربەنت قىلىنغان مەزگىلدە، 5 قىسىمغا بۆلۈندۇق، ھەر بىر قىسىم كىشىلەر ئاشكارا بولۇپ، ئۆگىنىش باشقۇرغۇچىلار ھەيئىتى تەشكىلىنى ساقلاپ، ئۇ ئارقىلىق ئۆگىنىش ۋە پارتىيە تۇرمۇشىنى باشقۇردۇق. 1943 - يىلى ئەتىيازدا (كۆپ ساندىكىلەر 4 ئاينىڭ 11 - كۈنى) قاتتىق تۈرمىگە تاشلىنىپ، تېخىمۇ بۆلۈنۈپ كەتتۇق، شۇندىن باشلاپ تۆۋەندىكىچە بۆلۈندۇق:

بىرىنچى، ئەرلەر قورۇسى. قاتتىق تۈرمىگە تاشلانغاننىڭ بىرىنچى يىلى ئەرلەر بىر يەرگە يىغىلدۇق. (بەزىلەر 1 - تۈرمىدا، بەزىلەر 2 - ۋە 4 - تۈرمىدا بولدى). بۇ چاغدا كامېرلارنى بىرلىك قىلىپ گۇرۇپپا قۇرۇپ كامېرلار ئوتتۇرىسىدا ئالاقە باغلاپ، مەركىزى گۇرۇپپا قۇردۇق. ئاخىرقى بىر رەت كامېر بىلەن ئىچكى قوروغا بىر كىشىنى ئومۇمىي يۈزلۈك مەسئۇل قىلدۇق، ئەمەلىيەتتە ھەر قايسى كامېرنىڭ خىزمىتىگە ئۆگىنىش باشقۇرغۇچىلار ھەيئىتى يېتەكچىلىك قىلدى. (مەسىلەن، دۈشمەنگە قوللۇنىدىغان تاكتىكا، پارتىيىنىڭ ئىچكى تۇرمۇشى، ئۆگىنىش). بىر قانچە كىشى ئاساسلىق مەسئۇل بولغاندىن باشقا، ھەربىر رەت كامېردىكىلەردىن بىر - ئىككى يولداشنى تاللاپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە ياردەملەشتۇردۇق، بەزىدە مەخ-

سۇس مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ (5 كىشىدىن 7 كىشىگىچە) ھەر قايسى رەت كامېردىكىلەرنىڭ ئېقىم مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلدۇق. ھەر قايسى رەت كامېردىكىلەرنىڭ مەدىنىيەت ئۆگىنىشىگە مەدىنىيەت ـ مائارىپنى باشقۇرغۇچى رەھبەرلىك قىلدى.

ئىككىنچى، ئايالالار قورۇسى (ئايالالار، بالىلار تۇراتتى، ئالدىنقى ئىككى يىلدا مېيىپلار ۋە ئازساندىكى كېسەللەرمۇ تۇرغان ئىدى) ئالدىنقى مەزگىلدە 3 كىشىلىك ئۆگىنىش باشقۇرغۇچىلار ھەيئىتى تەشكىل قىلىنىپ ئۇنىڭ ئاستىدا 4 گۇرۇپپا قۇرۇلغان ئىدى، كېيىنكى مەزگىلدە ئۆگىنىش باشقۇرغۇچىلار ھەيئىتىدىكى 3 كىشى يوتكىۋېتىلدى. (مېيىپلار كىسەللەر، ئايالالار قورۇسىدىن ئايرىۋېتىلدى)، كېيىن 4 كىشىلىك ئۆگىنىش باشقۇرغۇچىلار ھەيئىتى تەشكىل قىلىندى. گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى ئۇنىڭ ئەزالىرى قوشۇمچە ئۆتىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر كىشى مەخسۇس تاشقى خىزمەتنى باشقۇردى، يۇقۇرىدىكى 4 كىشىدىن بىرسى ئىقتىسادىي ئىشلارنى، بىرسى تازىلىق ئىشلىرىنى ، بىرسى كوڭۇل ئېچىش ئىشلىرىنى باشقۇردى، بىرسى باللار تەربىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

ئۈچىنچى، داۋالىنىش ئۆيىدە بەزىدە ئادەم كۆپىيىپ، بەزىدە ئازىيىپ تۇردى، ئۇنىڭغا بىر كىشى دائىم مەسئۇل بولدى، بىر ـ ئىككى كىشى ياردەملەشتى، ئاساسلىقى ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن ئالاقىلىشىش، كىتاپ، گېزىت سېتىۋېلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى باشقۇردى.

تۆتىنچى، قويۇپ بېرىلىشكە يېقىن يىل قالغاندا، بىرقىسىم يولداشلار ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش قورۇسىغا بولۇۋې-



تىلدى. (ياشىنىپ قالغانلار، تېنى ئاجىزلار، مېيىپلار بولۇپ جەمئى 17 كىشى)، بىر يولداش ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىشقا مەسئۇل بولدى، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى، تازىلىق ئىشلىرىنىمۇ بىر يولداش مەسئۇل ئىدى.

تەشكىلنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە رەھبەرلىك شەكلى مەيلى ئۆگىنىشنى باشقۇرغۇچىلار ھەيئىتى بولسۇن ياكى گۇرۇپپا باشلىقى بولسۇن، ئاساسەن ئۆزلىكىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ مەسئۇل بولۇش ۋە مەلۇم يولداشلار ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق بارلىققا كەلدى. (مۇتلەق كوپ ساندىكى يولداشلار تۈرمىگە تاشلىنىشتىن بۇرۇن ئۆگىنىش باشقۇرغۇچىلار ھەيئىتىدە ئىدى) ، ھەرقايسى كامېردىكىلەرنىڭ باشلىقىنىمۇ كامېردىكىلەر سايلاپ چىقتى. ھەر قايسى قىسىم كىشىلەر ئالاقە باغلاشتىن بۇرۇن، تەشكىلى رەھبەرلىك ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مەۋجۇت ئىدى. ئالاقە باغلىغاندىن كېيىن، يولداش جاڭزىيى سىياسى جەھەتتە ئومۇمى يۈزلۈك مەسئۇل بولدى. ھەر قايسى ئۆگىنىش باشقۇرغۇچىلار ھەيئىتى ئۆز ئورۇنلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ئىشىككە قۇلۇپ سېلىنغان شارائىتتا يەتكۈزۈش ۋە ئۆز ئارا مۇھاكىمە قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، ئىشىك ئېچىلىپ بىللە بولغان ئەھۋالدا، كۆپىنچە پىكىر ئېلىش ۋە قوبۇل قىلىش يولى بىلەن بىرلىكتە رەھبەرلىك قىلىش، قارار قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، رەھبەرلىكنىڭ ھەر قېتىملىق يوليورۇقىنى يەتكۈزۈش ۋە مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئىزچىللاشتۇرۇلدى، كامېرلارنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلىشنى ئاساسلىقى گۇرۇپپىلار ئۈستىگە ئالدى.

## 2 - رەھبەرلىك ئۇسۇلى

رەھبەرلىك بىر خىل سەنئەت، تۇرمىدىكى رەھبەرلىك تېخىمۇ ئالاھىدە سەنئەت. (1) ئىچىمىزدە خىزمەت قىلغانلار، داۋالىنىۋاتقانلار، ئۆگىنىۋاتقانلار، ئەرلەر، ئاياللار، ياشانغانلار باللار بولۇپ، ھەر يەر - ھەر يەرلەردىن كەلگەنلەر ئىدى، ئۇلار بولۇۋېتىلگەنلىكتىن ئۆز ئارا ئىشىنىپ رەھبەرلىك يادروسى تەشكىل قىلىش تەس ئىدى. (2) تاشقى جەھەتتە، بۇرۇن شىڭ شىسەي ئىدى، كېيىن جياڭ جيېشى ئورۇن باستى. بۇرۇن بولۇۋېتىلگەن ئىدۇق (كامېر بىرلىك قىلىنغان)، كېيىن بىر يەرگە يىغىلدۇق، بۇرۇن ئىشىك ئېتىكلىك ئىدى، كېيىن ئىشىك ئېچىۋېتىلدى. ئۆزگىرىشى كۆپ بولدى، بۇنىڭدىن قىيىنچىلىقنى ۋە رەھبەرلىك ئۇسۇلىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىشكە توغرا كەلدى، بۇ مەسىلىگە خېلى بۇرۇن دىققەت قىلىپ، «ھەممىيلەن بىر نىيەتتە بولۇش» دېگەن ماقالىدا ئاكىلار- ئاچىلار ھازىرلايدىغان شەرتلەر (كەڭ قوساق بولۇش، جاپا مۇشەققەتكە قارىماي ئىشلەش، كەمتەر بولۇش، توغرا نەسىھەتنى بىجانىدىل قوبۇل قىلىش، زېرىكمەي ئۆگىنىش، ئېرىنمەي ئۆگىتىش، ھودۇقۇپ كەتمەسلىك، خەۋپنى خەۋپسىزلىككە ئايلاندۇرۇش) نى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئىدۇق، كېيىن يەنە خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاشنى ئالاھىدە تەكىتلىدۇق. ئومۇمەن ئېيتقاندا، شۇ چاغدا تۇرمىدىكى رەھبەرلىك فاڭجېنى توغرا بولدى. لېكىن بىر مۇنچە كەمچىلىكلەرمۇ كۆرۈلدى. تەجرىبە - ساۋاق سۈپىتىدە تۆۋەندىكىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن:



بىرىنچى، ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىش مەسىلىسى: ئومۇمەن ئېيتقاندا، كادىرلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاقلارنىڭ بىرى ئىدى، لېكىن بۇ، تۇرمىدا خىزمەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى مەغلۇپ بولۇشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى گەۋدىلىك خىزمەت ئۇسۇلى مەسىلىسى بولۇپ قالدى، چۈنكى بىر كامېردىكىلەر چوڭ - كىچىك ئىشلارغا ھەر ۋاقىت دىققەت قىلاتتى، تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئۇششاق ئىشلار ئادەتتە مەسىلە دەپ قارالمىغان بىلەن، تۇرمىدىكى ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا خېلى چوڭ مەسىلە بولۇپ قالاتتى، شۇڭا رەھبەرلىك قىلغۇچى مەيداندا قەتئىي بولۇپلا قالماستىن (بۇ ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ)، بەلكى تۇرمۇشتا، قارارنى ئىجرا قىلىشتىمۇ ئۈلگە كۆرسىتىش لازىم ئىدى، ئۇنداق قىلمىسا كىشىلەر نارازى بولاتتى، خىزمەتكە دەخلى يېتەتتى، ئىشەنچىنى يوقۇتۇپ قوياتتى.

ئىككىنچى، ئارقىدا قالغان ئايرىم پىشقەدەم كادىرلارغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش: ئاكتىپلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ناھايىتى مۇھىم، كامېرلارنىڭ ئىشىكى ئېتىۋېتىلگەن ئەھۋالدا، ئايرىم كامېردىكىلەر ھەتتا ئۆز كامېرىدىكى ئەھۋاللارنى دېگىلى ئۇنىمايتتى، ئۇنى ئاكتىپلار ئارقىلىقلا ئۇققىلى بولاتتى، لېكىن ئاكتىپلارنىمۇ كۆزىتىش، ئۇلارنىڭ تارىخىنى ئىگەللەش لازىم. بىردەملىك ئىپادىسىگە قاراشقا بولمايتتى. بەزىلەر بەزىدە ئاكتىپ بولىۋالىدۇ، بەزىدە جىم بولىۋالىدۇ، بىرەر ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ھەتتا ئاسىيلىق قىلىدۇ (مەسىلەن، دۇەن جىڭچى)، شۇڭا، ئۇلارنى تاللاشتا ھوشيار بولۇش كېرەك. ئارقىدا قالغان، لېكىن پارتىيىگە كىرگىنىگە ئۇزۇن بولغان. ئاي-

ردىم پىشقەدەم كادىرلارغا ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلارنى چوقۇم ھۆرمەتلەش، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىگە قۇلاق سېلىش، پرىنسىپسىز كەمچىلىكلىرىگە بەزىدە يول قويۇش، پرىنسىپال خاتالىقلىرى ئۈستىدە سەۋىرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ قايىل قىلىش لازىم.

ئۈچىنچى، پرىنسىپسىز ماجرا ۋە ئاداۋەتلەرنى تۈگىتىش:
تۈرمىدا پرىنسىپسىز ماجرا ۋە پىكىرلەر ئاسان يۈز بېرىدۇ. ھەتتا بىر ۋاراق قەغەزنى دەپ قىزىرىشىپ قېلىش، قول تەككۈزۈش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ. بۇلار ھەل قىلىنمىسا ھېچكىممۇ ئارام تاپالمايدۇ، ھەتتا ئىتتىپاقلىق بۇزۇلىدۇ. تەجرىبىدىن قارىغاندا، ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ بىر نەچچە ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى بار: (1) ئۇلارنىڭ سىياسىي تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئىشپىيونلارغا قارشى تۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دىققەتنى ئۇششاق مەسىلىگە قارىتىپ قويماسلىق، (2) ئۆگىنىش تۇرمۇشىنى كۈچەيتىش، (3) رەھبەرلىك قىلغۇچى ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىش، كەڭ قوساق بولۇش، (4) ئۆز ئارا ياردەم قىلىش، ئۆز ئارا ئۆتۈنۈش روھىنى جارى قىلدۇرۇش، ئاداۋەتنى تۈگىتىشتە ئىش ئىپادىسى بىر قەدەر ياخشى بولغانلاردىن باشلاش، بىر تەرەپ ئەمەلىيەتتە ئاداۋەتنى تۈگەتسە، ئاندىن يەنە بىر تەرەپكە تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى، خىزمەت ئۇسۇلىدا پەۋقۇلئاددە جانلىق بولۇش، شارائىت، ۋاقىت، ماكانغا قاراپ كونكرېت ۋە پەرقلىق قوللىنىش ھەم ئۆزگەرتىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، ئاندىن ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.



## 3. ئالاقىلىشىش مەسىلىسى ۋە تېخنىكا مەسىلە

(1) تۈرمىدىكى ئالاقىلىشىش خىزمىتى تۈرمىدىكى پۈتكۈل خىزمەتنىڭ ھالقىسى، بۇ خىزمەت بولمىسا، ياكى ياخشى ئىشلەنمىسە، مۇناسىۋىتىمىز ئۈزۈلۈپ ھەركىتىمىز بىرلىككە كەلمەي، دۈشمەننىڭ بىزگە ھۇجۇم قىلىشىغا ئاسانلىق تۇغۇلىدۇ. ئالاقىلىشىش ياخشى بولسا ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، تەشكىلىي جەھەتتە، ھەركەتتە، ئىدىيىدە بىرلىككە كېلىپ، بارلىق يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلالايمىز. بۇ پرىنسىپ تۈرمىدا ياتقان 4 يىلدا ئىسپاتلاندى.

ئالاقىلىشىش خىزمىتىنى يولغا قويغاندا، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدۇق، مەسىلەن:

1 ـ بىز بەكمۇ تارقاقلىشىپ بەش قىسىمغا بۆلۈۋېتىلگەن ئىدۇق، 3 قىسىم كىشىلەر تېخىمۇ بۆلۈۋېتىلگەن ئىدى. ھەر بىر قىسىم كىشىلەر بىر تۈرمىدا بولۇپ، بىر تۈرمىدا بىر قانچە قورو ھەر بىر قورودا بىر قانچە كامېر بار ئىدى، سوراققا ئېلىپ چىقسا بېشىمىزنى پۈركەپ ھېچكىمگە كۆرسەتمەيتتى، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى مەھكەم ئېتىۋېتەتتى.

2 ـ تۈرمىدا باشقۇرۇش چىڭ، قائىدە ـ تۈزۈم كۆپ ئىدى. ھەر ئايدا كامېرلارنى تەكشۈرۈپ، ئالاقىلىشىش ئەھۋاللىرىنىڭ بولۇشىدىن قاتتىق ساقلىناتتى، ھەتتا سۆزلىشىش، يۆتىلىشنىمۇ چەكلەيتتى، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى بەلگىلىمە بويىچە جازالايتتى.

3 ـ 90 پىرسەنتتىن ئارتۇق يولداشلار بۇرۇن تۈرمىدا

يېتىپ كورمىگەچكە، ئۇلاردا تەجرىبە يوق ئىدى.

4 ـ تۈرمىدا ئۇرۇق ـ تۇققان ۋە ئائىلە ـ تەۋەلىرىمىز بىلەن كورۇشتۈرمەيتتى ، سىرتتىكى كىشىلەردىن مۇناسىۋىتىمىزنى پۈتۈنلەي ئۈزىۋەتكەن ئىدى.

5 ـ بەزى كامېرلاردا ئورنۇتۇپ قويغان مىخلار بار ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىچكى قىسمىمىزدا ئىشپىيونلۇق ھەركەت بار ئىدى.

دۈشمەننىڭ بىزنى قاتتىق قامال قىلىشتىكى مەخسىدى بىزنى يېتىم قالدۇرۇپ، ئارىمىزغا بولگۈنچىلىك سېلىپ، بىر ـ بىرلەپ تارمار قىلىش ئىدى.

بۇنداق يېڭى ئەھۋالدا، تېزدىن ئالاقە ئورنۇتۇش، بولۇپمۇ تۈرمىلار ئارا ئالاقىلىشىش ئىنتايىن تەس ئىدى. گەرچە يۇقۇردىكى قىيىنچىلىقلارغا يولۇققان بولساقمۇ، پايدىلىق شەرتلەردىن پايدىلىنىپ، تەدرىجى ئالاقە ئورناتتۇق، ئالاقە ئورنۇتۇشتا تۆۋەندىكى چارىلارنى قوللاندۇق:

(1) بىزگە ھېسداشلىق بىلدۈرىدىغان جىنايەتچى ئىشچىلاردىن پايدىلاندۇق، ھەر قايسى تۈرمىنىڭ ئاشخانىسىدا ئىشلەيدىغانلار، ھەتتا تاماق ئەكېلىپ بېرىدىغانلار، يەرسۈپۈرىدىغانلار جىنايەتچى ئىشچى ئىدى. تۈرمۈشتا ئاز ـ تولا نەپ يەتكۈزسەكلا بىزگە ئاز ـ تولا ئىش قىلىپ بېرەتتى.

(2) كوزى ئاچ، قىمارۋاز تۈرمە خادىملىرى بىلەن ئايرىم دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورناتتۇق، بەزەنلىرى بىزگە بىز تۈرمىدىن چىققانغا قەدەر ئالاقىچى بولدى.

(3) داۋالىنىش ئۈيىدىن پايدىلىنىپ دوختۇرلار بىلەن ئالاقە باغلىدۇق، داۋالىنىش ئۈيى خېلى ئۈزاقىچە ھەر قايسى



تۈرمىدىكىلەر ئالاقىلىشىدىغان پونكىت بولۇپ قالدى. ئەگەر ئەھۋال يامانلىشىپ مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالسا تۈرمىدىكى يولداشلار ئامال قىلىپ داۋالىنىش ئۈيىگە كېسەل ئاپىرىش يولى بىلەن ئالاقە باغلايتتى. بىز مۇشۇ شەرتلەردىن پايدىلىنىپ ھەر قايسى كامېرلار ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت ئورناتتۇق. يېرىم يىل ئوتكەندىن كېيىن، 1 ـ 4 ـ 5 ـ تۈرمىدىكى يولداشلار داۋالىنىش ئۈيىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ئارا مۇناسىۋەت ئورناتتى. بۇ چاغدا يۇقۇرى بىلەن ئاۋىئاتسىيە ئەترىدى تېخى مۇناسىۋەت ئورنىتالمىغان ئىدى. 1944 ـ يىلى قىشتا ئاۋىئاتسىيە ئەترىدىكى يولداشلار 2 ـ تۈرمىگە يوتكەلگەندىن كېيىن، يۇقۇرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى. شۇندىن ئېتىۋارەن يولداش چاڭ زىيىدىن دائىم يوليورۇق ئالالايدىغان بولدۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۈگىنىشتە، تەشكىلىي جەھەتتە، تاكتىكا جەھەتتە ھەركەتتە بىرلىككە كەلدۇق.

## ئالاقىلىشىش ئۇسۇلى

1 . ئالاقىلىشىش ئورنى: كوپىنچە ھاجەتخانىنىڭ ئەڭ پاسكىنا يېرىنى ۋە ئايلىنىپ كېلىدىغان ئورۇنلارنى ئالماشتۇرۇش پونكىتى قىلىپ ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ۋە كەچتە شامالداشقا چىققاندا، چۈشتىن بۇرۇن ئايلانغىلى چىققاندا خەتچەكلەرنى تاپشۇرۇپ ئالاتتۇق، خەت ـ چەك تاپشۇرۇپ ئالغاندا، تۆۋەندىكى بىر قانچە بەلگە ۋە ئۇسۇلنى بەلگىلىدۇق:

(1) تۈرمىدا يول قويۇلمايدىغان مەخپى ئىشلار ئۈستىدە

ئادەتتىكى بۇيۇملار، يېمەكلىكلەرگە ۋە ئادەتتىكى تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سوزلەر ئارقىلىق سوزلۇشۇش؛

(2) ھوكۇمەت ئورگانلىرى ۋە مۇھىم كىشىلەر ئۇستىدە، تۇرلۇك بەلگە ۋە تېخنىكا رەقەملىرىنى قوللۇنۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىرىنچى خىل ئۇسۇل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش؛

(3) ئېنگىلىزچە ھەرپلەردىن مەخپىي رەقەم ئىشلەش.

يۇقۇرىدىكى بىر نەچچە ئۇسۇلدىن 1-، 2- ئۇسۇلنى كوپ ئىشلەتتۇق. بۇ ئۇسۇللارنى يەنە تۇرمىدىكى ئەھۋالنىڭ ئوزگىرىشىگە قاراپ ئوزگەرتىپ تۇردۇق، بولۇپمۇ ئىچىمىزدىن خائىن چىققاندا، ھەممىسىنى ئوزگەرتىۋەتتۇق.

2. ئېۋەتىش. ئاپىرىپ بېرىش ئۇسۇلى: تۇرمىلار ئوتتۇرىسىدا بىرلا ۋاقىتتا ئالاقىلىشىش مۇمكىن بولمىغاندا، ئاساسەن نەرسە-كېرەك ئېۋەتىش ئۇسۇلىنى قوللۇنۇپ، كىيىم-كېچەك ئالغىلى كەلگەندە، ئاپىرىپ بەرگەندە، ياكى ئائىلىدىن يەيدىغان نەرسىلەر ئەكەلگەندە ھوججەتلەرنى ناھايىتى نېپىز قەغەزگە يېزىپ، نەرسە-كېرەككە قىستۇرۇپ يەتكۇزەتتۇق، سوپۇن، يوتقان-كورپە، ياستۇق ۋە رومانلاردىن پايدىلىنىپ ئالاقىلاشتۇق، بۇلارنى قىيىن شارائىتتا ئىشلەتتۇق، بۇ ھەقتە ئالدىن تەپسىلىي بەلگىلىمە بەلگىلىدۇق. بۇنىڭدىن باشقا تاش تاشلاش، يەنى ئايلىنىپ كېلىدىغان بۇ ئورۇندىن ئۇ ئورۇنغا تاش تاشلاش ئۇسۇلىنى قوللاندۇق، يەنە كامېرغا ئالماشقاندا دېرىزىدىن توشۇك تېشىپ بىۋاستە ئالاقىلاشتۇق،

ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ خىزمەت بىر قەدەر ياخشى ئىشلەندى، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىدى ۋە چوڭ چاتاق چىقمىدى.



(2) ئالاقىلىشىشتا قولغا كەلگەن نەتىجىلەر:

1) ھەر قايسى تۇرمىدىكى يولداشلار ئوز ئارا مۇناسىۋەت ئورناتتى. بۇ ئىتتىپاقلىشىپ ئوز ئارا ياردەم بېرىپ، رەھبەرلىكنى ھەركەتنى بىرلىككە كەلتۇرۇشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

2) دائىم يۇقۇرىنىڭ يوليورۇقىغا ئىگە بولۇپ، ئوز-ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، پىرىنسىپال مەسىلىلەردە پىكىرنى بىرلىككە كەلتۇردۇق.

3) كورىدىغان كىتاب، گېزىت-ژۇرناللار يوشۇرۇن يەتكۇزۇپ بېرىلدى. بۇ خىزمەت، بولۇپمۇ كېيىنكى مەزگىلدە ياخشى ئىشلىنىپ، ھەتتا «داگۇڭباۋ گېزىتى»، «دۇنيا گېزىتى»، «ساۋداگباۋ گېزىتى»، «شىنخۇا» گېزىتى قاتارلىقلارمۇ ئاز-تولا يەتكۇزۇپ بېرىلدى. بۇنىڭ مۇھاكىمە ۋە تەھلىل ئېلىپ بېرىشىمىزغا چوڭ ياردىمى بولدى.

4) يولداشلارغا ئالاقىلىشىش خىزمىتىگە دىققەت قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىلىپ، مۇناسىۋەت ئورناتمىساقمۇ بولىدۇ، دەيدىغان خاتا قاراش تۇگىتىلدى.

## تاشقى كۇرەش

1- ئادەتتىكى كۇرەشلەر توغرىسىدا ئەسلىمە. تۇرمىدىكى كۇرەش تۇۋەندىكى ئامىللارنىڭ ئوزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئوزگىرىپ تۇردى.

(1) فاشىستىك ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھوجۇمىنىڭ كۇچىيىشى ۋە ئاجىزلىشىشى؛

(2) شىڭ شىسەي، جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى؛

(3) تۈرمىغا تاشلاش ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، 1942 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 1943 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىگىچە بولغان ۋاقىت بىرىنچى باسقۇچ ھىساپلىنىدۇ.

بۇ مەزگىلدە باندىت شىڭ شىسەي بىزنى تۇرت ئورۇنغا (مېيىپلار، ئايالار، ئازساندىكى خىزمەتچىلەرنى باخۇلياڭغا؛ شۈي مىڭچۇ، ماۋزېمىن، چېن تەنچۇ، ليۇلىنجېن، فەن تۇڭلارنى ليۇۋېنلۇڭنىڭ قورۇسىغا، ئاۋىئاتسىيە ئەتىرىدىدىكىلەرنى تەلىم ـ تەربىيە يىڭىغا، شىنجاڭغا خىزمەت قىلىشقا كەلگەنلەرنى سەنجۇدىگە) قامىدى. شۇڭا ھەر قايسى ئورۇننىڭ ئەھۋالى ئوخشاش ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك يوق ئىدى. دۈشمەنلەر كورۇنۇشتە مېھمان قاتارىدا مۇئامىلە قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، بىزگە شەرت قويىاتتى. سوتلاشتىن بۇرۇن بىزنى نەزەربەنت قىلىپ قويغان ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، شىڭ شىسەي رەزىل ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، كېسەل كورۇنگىلى بارغاندا بىشىمىزنى پۈركەيدىغان گېزىت بەرمەيدىغان بولىۋالدى.

1943 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 1943 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە بولغان ۋاقىت ئىككىنچى باسقۇچ بولۇپ، بۇ مەزگىلدە شىڭ شىسەي توپىلاڭ كوتۈرۈش قەستىدە بولدى، دىگەن بەتنامىنى توقۇپ چىقىپ، ئۇنى بىزگە تېڭىپ، قانۇنسىز سوراق قىلىپ، قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئالغىلى تۇردى. بۇ چاغدا شىخابادىكىلەر (ئاياللار، مېيىپلار تۈرمىسى) نى



ھېساپقا ئالمىغاندا، قالغان ئورۇندىكىلەر (4 ـ تۈرما، 1 ـ تۈرما، ليۇۋېنلۇڭنىڭ قوروسى) دا سوراق قىلدى. سوراپ بولغاندىن كېيىن 2 ـ تۈرمىگە تاشلىدى. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى 4 ـ تۈرمىدىكى بىر قانچە كامېردىكىلەر ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشى ئېلىپ بېرىپ، زوراۋانلىققا ۋە خارلاشقا قارشىلىق بىلدۈردى، ئوچۇق سوتلاش، ئۆزى سوتلاش، كىتاپ ـ گېزىت تارقىتىپ بېرىش، تۈرمۈشنى ياخشىلاش ۋە باشقىلارنى تەلەپ قىلدى. ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشى 4 يېرىم كۈن داۋام قىلدى. كۈرەش ئارقىلىق، يۇقۇرىدىن كىتاپ ئالالايدىغان بولدۇق، تۈرمۇشىمىزمۇ ئازدۇر ـ كوپتۇر ياخشىلاندى. بۇ قېتىم كوللىكتىپ ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش شىنجاڭ تۈرمىسىدا يېڭى رىكورت يارىتىپ، شۇ چاغدىكى سىياسى جىنايەتچىلەرگە، تۈرمىداشلارغا ناھايىتى ياخشى تەسىر بەردى.

1943 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە بولغان ۋاقىت ئۈچىنچى باسقۇچ بولۇپ، بۇ مەزگىلدە شىڭ شىسەينىڭ بىزنى سوراق قىلىشى بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقتىن بىر يىلغىچە سوراق قىلمىدى. لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن تۈرمۈشىمىز ناچارلاپ كەتتى. شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىڭ شىسەي تەختتىن چۈشتى. 11 ـ كۈنى ئاۋىئاتسىيە ئەتىرىدىدىكى يولداشلار 2 ـ تۈرمىنىڭ ئىچكى قوروسىغا يۆتكەلدى. 1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئىچكى قورودىكى كامېرلارنىڭ ئىشىگى ئېچىۋېتىلدى. بۇ چاغدا كوپرەك تۈرمۈشتا مەسىلە يۈز بېرىپ، بىر قانچە كامېردىكىلەر بىر نەچچە كۈن تۇزلۇق سەي يېيىشنى رەت قىلدى ھەمدە ئاچلىق ئېلان قىلىشقا تەييارلىق كورۇپ، گېزىت كورۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش، قورو ئىچىدە ئەركىن

لىككە ئېرىشىش، تۇرمۇشنى ياخشىلاشنى ئاساسى نىشان قىلدى، ھەممەيلەننى گۇناسىز دەپ قويۇپ بېرىشنى جاكالاشنى تەلەپ قىلدى، لېكىن ئىككىلىسى ئەمەلگە ئاشمىدى. گومىنداڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن 2 - تۈرمىنىڭ تاشقارقى قورۇسىدىكى كامېرلارنىڭ ئىشىگىنى ئېچىۋەتتى. بۇ چاغدا بىز ئاغزاكى، يازما ھالدا ۋە بىر قەدەر تونۇش بولغان تۈرمىگە قارىغۇچىلار ئارقىلىق كامېردىكىلەر بىلەن ئالاقە قىلىپ، كىچىك ئىشىكنى ئاچقۇزۇش ئۇسۇلىنى قوللۇنۇپ، ئاخىرى كامېرلارنىڭ ئىشىگىنى ئاچقۇزۇپ بىر قورودا بولۇش مەخسىدىگە يەتتۇق.

1944 - يىلى 9 - ئايدىن 1946 - يىلى 5 - ئايغىچە بولغان ۋاقىت تۆتىنچى باسقۇچ بولۇپ، بۇمەزگىلدىكى ئالاھىدىلىك ئالدىنقى مەزگىللەردىكى ئالاھىدىلىكلەرگە كۆپ ئوخشىماي كەتتى.

بۇ مەزگىلدە شىڭ شىسەي تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولغان، گومىنداڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان بولسىمۇ لېكىن ئەھۋال ياخشىلانمىدى. ئۇلار جىنايەتچىلەرنى شىڭ شىسەينىڭ زوراۋان ھاكىمىيىتىدىن قۇتقۇزۇش قىياپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، لېكىن بىزگە يەنىلا باشقىچە مۇئامىلە قىلدى. مەسىلەن، بىز تۇرغان كامېرلارنىڭ ئىشىگىنى ئەڭ ئاخىردا ئېچىپ بەردى ھەمدە بىر قانچە يىلدىن بۇيان كۈرۈپ كەلگەن كىتاپلىرىمىزنى مۇسادىرە قىلىپ، روھى جەھەتتىن قورالسىزلاندۇرماقچى بولدى. 3 - ئايدا سوتلاش ئۆمىگى چۆچەكگە قايتماقچى بولۇپ، بىزنى يەرلىك ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ چاغدا تۇرمۇش



جەھەتتە بىزنى تېخىمۇ قىسىپ، تويغىدەك نان، سەي بەرمىدى، بىر قانچە قېتىم قانۇنسىز ھالدا سوراق قىلىپ، ئۇرۇپ قىينىدى. ئالدىنقى مەزگىلدىكىگە ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، بۇ چاغدا تۈرمىدا تۇرغان ۋاقتىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ھەممە يولداش بىر يەردە بولۇپ، ئاياللار تۈرمىسىدىكى يولداش جاڭ زىيىي بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، سىياسى ۋە تەشكىلى كۆرەشتە قوللىنىدىغان تاكتىكا جەھەتتە پىكرىمىز بىرلىككە كەلدى. ئىش باشقۇرغۇچىلار ھەيئىتى تەشكىل قىلىپ، بۇرۇنقى تەجرىبە - ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، سىياسى ھاياتىمىزغا تەھدىت سالمىغان چاغلاردا يېنىكلىك بىلەن ئاچلىق ئېلان قىلىش پىرىنسىپىنى قوللانماسلىق، سول كەيپىياتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دىققەت قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن، سول كەيپىيات تۈگىتىلمىگەنلىكتىن، ئاياللار قورۇسىدىكىلەر شىنجاڭلىق ئاياللارنى بولىۋېتىش سۇيىقەستىگە قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن بىر قېتىم چوڭ كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، بولۇم باشلىغى، ساقچىلار بىلەن تىركىشىش، سوقۇشۇشتىن ئىبارەت ئالاھىدە كۈرەش ئۇسۇلىنى قوللاندى. نەتىجىدە ئىشپىيونلار باشلىغى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇلارنى باغلاپ 6 نەپەر شىنجاڭلىق ئاياللاردىن باشقىلارنى كامېرلارغا ئايرىپ قاماۋەتتى. ئۇلار باش ئەگمەي قارشىلىق بىلدۈرگەنلىكتىن، شىنجاڭلىق ئاياللاردىن باشقىلارنى ئەسلى ئورنىغا قايتۇردى. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاياللارنى خارلاشتەك زوراۋانلىق ھەركەتكە يازما قارشىلىق بىلدۈرۈپ، شىنجاڭلىق ئاياللارنى ئەسلى ئورنىغا قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلدۇق. شۇ كۈنى كەچتە قۇم ئارىلاشتۇرغان نان ئورنىغا بىر ۋاق گۈرۈچ تامىقى بەردى. شۇندىن كېيىن

نانغا قۇم ئارىلاشتۇرمايدىغان بولدى. قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرۈشىنى يەنىلا داۋاملاشتۇردۇق. 8 - ئارمىيىنىڭ بارلىق خادىملىرىنى گۇناسىز دەپ قويۇپ بېرىپ يەنئەنگە قايتۇرۇش، قاتىللارنى قاتتىق جازالاپ بېرىش، تۇرمۇشنى ياخشىلاش، كىتاپ كۆرۈش ئەركىنلىكى بېرىش، كېسەللەرنىڭ دوختۇرخانىغا بېرىپ كۆرۈنۈشىگە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، كۆپ قېتىم يازما ۋە ئاغزاكى كۈرەش ئېلىپ باردۇق، 2 - تۇرمىدا ئاياللار قوروسى جەنۇبى تۇرمىدىكىلەر يازما ياكى ئاغزاكى قارشىلىق بىلدۈرۈپ، كىتاپلارنى مۇسادىرە قىلىش، ئۇرۇپ قىيناش، بولمۇيتىشكە ۋە كامېرلارنىڭ ئىشىگىنى قايتىدىن ئېتىۋېتىشكە قارشى تۇردى. بۇ مەزگىلدە چوڭراق بىر قانچە قېتىم كۈرەش ئېلىپ بېرىلدى.

(1) 3 - ئايدا ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ كۈرەش باشلىنىشتىن بۇرۇن، دۈشمەن كامېرلارنىڭ ئىشىگىنى قايتىدىن ئېتىۋەتمەكچى بولدى، ئاياللارنى ئۇرۇپ قىينىدى، تاماق بارغانسېرى ناچارلىشىپ كەتتى. 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى موما بەك ناچار بولغانلىقى ئۈچۈن، 3 - رەت كامېردىكىلەر ئۇنى يىغلى ئۇنىمىدى. قارشى تەرەپ ئۇلارنىڭ 3 ۋەكىلىنى چاقىرتىپ ئاپىرىپلا ئەھۋال سورىماي ئۇرۇپ قىيىنىدى ۋە قاراڭغۇ كامېرغا بولۇپ سولىدى. بۇ چاغدا ھەممەيلەن تاقەت قىلىپ تۇرالماي ئاچلىق ئېلان قىلىپ، ئۇرۇپ قىيناشقا ۋە قانۇنسىز سوراق قىلىشقا قارشى تۇردۇق، ۋەكىلنى قايتۇرۇشنى، قاتىللارنى جازالاشنى، تۇرمۇشنى ياخشىلاپ بېرىشنى شىنجاڭدىكى بارلىق 8 - ئارمىيە خادىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تەۋەلىرىنى بىر يەرگە قويۇشنى، كامېرلارنىڭ



ئىشىگىنى قايتىدىن ئېچىشنى تەلەپ قىلدۇق. 3 - كۈنى ئىشپىيونلار باشلىقى خۇگوچېڭ بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئامانلىق قوغداش سىلىڭبۇسىنىڭ ۋەكىلى تۈرمىگە كېلىپ ۋەكىللىرىمىز بىلەن تەنپەن ئۆتكۈزدى. ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىمىزگە ئاساسى جەھەتتىن ماقۇل بولدى. شۇندىن ئېتىۋارەن كىتاپ، گېزىت كۆرۈشىمىزگە يول قويىدىغان بولدى. بۇ قېتىمقى كۈرەش ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. ئادەتتىكى جىنايەتچىلەر بىزنىڭ ئىتتىپاق، باتۇر، قەتئىي روھىمىزغا ئاپىرىن ئوقۇپلا قالماستىن، بەلكى تۈرمىگە قارىغۇچىلارمۇ كېلىپ بىزنى تەبرىكلىدى. لېكىن كۈرەش غەلىبە قىلغانلىقتىن، ئاچلىق ئېلان قىلىش بىردىن بىر ياخشى چارە دەپ قاراپ، تاماق ناچارلىشىپ قالسىلا ئاچلىق ئېلان قىلىش كەيپىياتى كېلىپ چىقتى، بۇ چاغدا ئۆگىنىشنى باشقۇرغۇچىلار ھەيئىتى بۇ خىل كەيپىياتقا دىققەت قىلىپ، يېنىكلىك قىلىپ ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشى ئېلىپ بارماسلىقنى، ئاچلىق ئېلان قىلىشتىن ساقلىنىشنى، بۇنى مەلۇم شارائىتتا ئاندىن قوللىنىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن بۇ كەيپىياتنى تۈزۈتۈش ئۈزۈل - كېسىل بولمىغاچقا، ئايرىم يولداشلار، مەسىلەن، جىخالوپ قاتارلىق يولداشلار بۇنداق قىلىشقا زادى قوشۇلمىدى. ئۆزى ئاچلىق ئېلان قىلىپ، نىمە ئۈچۈن قامىغانلىقنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشنى، تۇرمۇشنى ياخشىلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا ئايرىم كىشىلەر ھەممەيلەن ئاچلىق ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ ھەركىتىنى قوللاشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۆگىنىشنى باشقۇرغۇچىلار چۈشەندۈرۈپ بېرىش ئارقىسىدا ئاچلىق ئېلان قىلىش يۈز بەرمىدى. لېكىن بارلىق يولداشلار باشقىچە قارشىلىق بىلدۈرۈش ئۇسۇلى

بىلەن تۇرمۇشنى ياخشىلاپ بېرىشنى، يولداش جىخالوپنىڭ تەلىۋىگە دەرھال جاۋاپ قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئىش 6 كۈن داۋام قىلدى. شۇ سەۋەپتىن تۈرمە دائىرىلىرى ۋەكىل ئەۋەتىپ جىخالوپقا ئاغزاكى ماقۇل بولۇپ، تاماقنى ياخشىلاپ بېرىشكە قوشۇلدى. بۇ ئىش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئۆگىنىش باشقۇرغۇچىلار ھەيئىتى بۇ ھەركەتنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسەتتى. لېكىن يولداشلارنىڭ ئىدىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاۋغۇست كۈرىشى يۈز بەردى. بۇ كۆرەش يۈز بېرىشتىن بۇرۇن، بەزى يولداشلارنى ئېلىپ چىقىپ سوراق قىلغان ئىدى ھەمدە ئىچكى قورودىكى يولداشلارنى تاشقارقى قوروغا بىر-بىرلەپ يۆتكىگەن ئىدى، داۋاملىق يۆتكەش ئەلپازى بار ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ماجاڭنى مۇسادىرە قىلىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، يولداشلىرىمىزنى ئۇرغان ئىدى. يولداشلار بۇنىڭدىن ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، ئاخىرى ئاچلىق ئېلان قىلىشقا بىردەك قوشۇلۇپ، قانۇنسىز سوراق قىلىشقا قارشىلىق بىلدۈردى، ئېتىقات ئەركىنلىكىنى قوغداش، ئۇرۇپ قىيناپ سوراق قىلماسلىققا كاپالەتلىك قىلىش (بولىۋەتكەنلەرنى قايتۇرۇپ كېلىش)، تاماقنى ياخشىلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئاچلىق ئېلان قىلىپ ئىككىنچى كۈنى يۆتكىۋېتىلگەن ئىككى كىشى قايتىپ كەلدى، يەنە ئىككى كىشى قايتىپ كەلمىدى، قارشى تەرەپ يەنە ۋەكىل ئەۋەتىپ، بەزى مەسىلىلەرگە جاۋاپ بەردى. بىز بۇنىڭغا قانائەتلەنمەي داۋاملىق ئاچلىق ئېلان قىلدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن قارشى تەرەپ كامېرلارنىڭ ئىشىگىنى مەھكەم ئېتىپ، ئىچىدىغان سۇنىمۇ بەرمەي سۈت ئوكولى ئۇرۇشقا مەجبۇرلىدى. ئاچلىق ئې-



لان قىلىشنى گېزىت كۆرۈشكە يول قويۇلغانغا قەدەر، بىر كامېرغا بىر كىشى قاماشنى بىر كامېرغا كۆپ كىشى قاماشقا ئۆزگەرتكەنگە قەدەر داۋاملاشتۇردۇق. بۇ قېتىمقى ئاچلىق ئېلان قىلىش 7 كۈن داۋام قىلىپ، سالامەتلىكىمىز چوڭ زىيانغا ئۇچرىدى. بۇ پاكىت كۈرەشچىلىكنى تەربىيىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق سول ھەركەت يۈز بەرمىدى.

2 - ئىشپىيونلارنىڭ سوراق قىلىشىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى.

شىنجاڭدا شىڭ شىسەي بىلەن جياڭ جيېشى تىل بىرىكتۈرۈپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل ۋە جياڭ جيېشى ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل بولدى. ئالدىنقى بىر مەزگىل 1942 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 1944 - يىلى 9 - ئايدا شىڭ شىسەي تەختىدىن چۈشكەنگە قەدەر داۋام قىلدى. شىڭ شىسەي ئىشپىيونلىرىنىڭ تۈپ مەقسىدى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش يولىدا كەڭ كولەمدە ئەنزە، يەنى ”توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستى“ دىگەن ئەنزىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىش ئىدى. شىڭ شىسەي ئىشپىيونلىرىنىڭ ئىزچىل قوللۇنۇپ كەلگەن ۋاستىسى مىڭلاپ، تۈمەنلەپ قولغا ئېلىش ۋە جازا بىلەن مەجبۇرلاپ ئىقرار قىلدۇرۇش ئىدى. ئۇلار 1942 - يىلى بىزنى تۈركۈمگە بولۇپ نەزەربەنت قىلدى. 1943 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئالدى بىلەن چېن تەنچۇ قاتارلىقلارنى، ئارقىدىن لىن ۋېلياڭ، كۇاڭ زۇڭچۇ، لى زۇڭلىن، خۇاڭ يىمىڭ، رېن ليۇكې، لى يى، ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى شېن لىن، ليۇ لىنجېن، لى يىڭشى، جىخالوپلارنى سوراق قىلدى. چېن تەنچۇلار بىلەن بىر تۈركۈمدە تۈرمىگە تاشلانغان ليۇ شىپىڭ تۈرمىگە تاشلىنىش بىلەنلا ئاسىيلىق قىلدى. فەن تۇڭ سەل - پەل تەھدىت ئاستىدىلا ئاسىيلىق قىلدى، شۇ مىڭچۇمۇ ئىك-

كى قېتىم قاتتىق جازالانغاندىن كېيىن ئاسىيلىق قىلدى. ئۇلار
ئاسىيلىق قىلغاندىن كېيىن، دەرھال سوراق قىلىشقا قاتناشتى.
شۇ مىڭچۇ شىڭ شىسەي تەختىدىن چۈشكەندىن كېيىن كىشىلەرگە
كورۇندى. (1944 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى). ئۇلار ئاسىيلىق
قىلغانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەسكىلەر بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. لىن
ۋېلياڭ جازالانغاندىن كېيىنمۇ باش ئەگمەي مەيدانىدا چىڭ
تۇردى. كۇاڭ زۇڭچۇ سوراق قىلىنغاندا، فەن تۇڭ كېلىپ ئارد-
لاشتى، سوراققا قاتناشقان ئىشپىيونلار كۇاڭ زۇڭچۇغا سوۋېت
ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزىمغا قارشى نۇرغۇن سوئاللار قويۇپ،
تومۇر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزغان ۋە ئېسىپ ئۇرغاندىن كېيىن ئۇ
ئاچچىق ئېلان قىلىپ قارشىلىق بىلدۇردى. ئاخىرى ئۇ-
نى قاراڭغۇ كامېرغا بىر يېرىم يىل قامىدى. لى زۇڭلىننى سو-
راق قىلغاندىمۇ فەن تۇڭ كېلىپ ئارىغا بولگۇنچىلىك سېلىپ،
لى زۇڭلىننىڭ چىن تەنچۇغا قارىتا نارازىلىقىنى قوزغىماقچى
بولدى. سوراققا قاتناشقان ئىشپىيونلار لى زۇڭلىنغىمۇ سوۋېت
ئىتتىپاقىغا قارشى، كوممۇنىزىمغا قارشى نۇرغۇن سوئاللارنى
قويدى. لى زۇڭلىن فەن تۇڭنىڭ شەرمەندىلىگىنى پاش قىلدى
ۋە ئىشپىيونلارنىڭ قويغان سوئاللىرىغا رەددىيە بەردى. ئىشپىـ-
يونلار لى زۇڭلىننى 3 قېتىم جازالىغاندىن كېيىن، شۇ مىڭچۇ-
نىڭ توۋەنامىسىدىكى بىر قانچە قۇر خەتنى ۋە ئۇنىڭ ئىم-
زاسىنى كورسەتكەن بولسىمۇ، لى زۇڭلىن قىلچىمۇ تەۋرەنمىدى. ئۇ-
نىڭ نىيرۋىسى بۇزۇلغانلىقى ۋە يېرىم ئاچلىق ئېلان قىلىپ تۇرۋال-
غانلىقى ئۈچۈن، ئىشپىيونلار ئۇنى داۋاملىق سوراق قىلىشقا ئامالسىز
قېلىپ، داۋالىنىش ئويىگە ئاپىرىپ قويدى. كېيىن ئاسىيلىق
قىلغان خۇاڭ يىمىڭ، رىن ليۇكېلار سوراق قىلىنغاندا، ليۇ شىپىڭ



يەنە ئوتتۇرىغا چىقىپ بولگۇنچىلىك سېلىپ، چىن تەنچۇ ياخ-
شى ئادەم ئەمەس، دېدى. ليۇ لىنجېن، لىي يىڭشىلار سوراق
قىلىنغاندىمۇ، ليۇ شىپىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ سىياسى
جەھەتتىكى نادانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ليۇ لىنجېننى قىستاپ
توۋەنامىگە قول قويدۇردى. لىي يىڭشىنى قىستاپ توۋەنامە
يازدۇردى ھەمدە ئاۋئاتسىيە ئەترىتىدىكى يولداشلارنى ئىنقىلا-
ۋى مەيدانىدىن ۋاز كېچىشكە قىستىدى. جىخالوپنىڭ سوراق
قىلىنغان ۋاقتى ئەڭ قىسقا بولۇپ، بىر سائەتتىن كوپرەك
ۋاقتتىن كېيىن كامېرغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرد-
شىچە، ئۇنىڭدىن ئاساسلىقى چىن تەنچۇ بىلەن سوۋېت ئىتتىـ-
پاقى كونسۇلخانىسى ئوتتۇرىسىدا تەرجىمانلىق قىلغان ـ قىلمىغان-
لىقىنى سورىغان، ئۇ تەرجىمانلىق قىلمىدىم، دەپ جاۋاپ
بەرگەن.

شىڭ شىسەي ئىشپىيونلىرىنىڭ بىزنى سوراق قىلىشتىكى
ئالاھىدىلىكلىرى:

(1) پارتىيىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە قىستاش ۋە ئۈنـ-
دەش. بۇنىڭدىكى ئاساسى مەقسىدى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوم-
مۇنىزىمغا قارشى ئەنزە ئويدۇرۇپ چىقىرىش ئىدى. بۇ مەقسەتـ-
كە يەتسە، قالغان ئىشلار ئىككىنچى ئورۇندا قالاتتى.

(2) جازا بىلەن سوراق قىلىپلا قالماستىن، مۇھىمى
خائىنلاردىن پايدىلىنىپ ئالداش.

(3) باندىت شىڭ شىسەي ئىشپىيونلىرى بىزنى ئوبدان
بىلىدىغان ۋە بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى چۈشۈنىدىغان خائىنلارنى
بىز بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۇرۇش ئارقىلىق ئارىمىزغا بولگۇنچىلىك
سېلىش.

شىڭ شىسەي تەختىدىن چۈشكەندىن كېيىن، بىزنى بىرىنـ-

چى قېتىم سوراق قىلىش ئىشى گومىنداڭ مەركىزى سوتلاش ئۇمىگى شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن بولدى. (1944 - يىلنىڭ ئاخىرىدا)، بۇ، ئۇمەكنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسى شېڭ شىسەي ئويدۇرۇپ چىقارغان ئەنزىنى قانۇنى رەسمىيەت بىلەن ئاغدۇرۋېتىش ئىدى. شېڭ شىسەي ئۆزى قولىۋېلىپ ئادەتلەنگەن، "توپىلاڭ كوتۇرۇش قەستىدە بولدى" دىگەن بەتنامىنى چاپلاپ، 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى گومىنداڭ ئولكىلىك پىرقىسىنىڭ باشلىقى خۇاڭ رۇچىڭنى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىر نەچچە يۈز كىشىنى ھەممە نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قولغا ئالغان. شېڭ شىسەي، گومىنداڭغا زىيانكەشلىك قىلىش ئەنزىسى بىلەن بۇرۇنقى ئىلغار زاتلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ئەنزىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرچوڭ ئەنزە قىلغان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن گومىنداڭ تەرەپتىن كەلگەن ئۇمەك گومىنداڭدىن باشقا كىشىلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمىدى ھەممە كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ خەلقنى ئالداش ئۈچۈن، تۈرمىدا ئولمەي قېپقالغان كىشىلەرنى "گومىنداڭغا ئەزا بولۇش، ئىشپىيونلۇق قىلىش، كېپىلگە بېرىپ قويۇپ بېرىش" دىگەن شەرتلەر بىلەن قويۇپ بەردى. بۇ ئۇمەك شېڭ شىسەي بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكىنى بىزدىن كۈچىنىڭ بېرىچە يوشۇردى، تولدۇرىدىغان ئانكىتقا (تەرجىمە ھالى، ئېتىقاتى، تۈرمىدا ياتقانلىقى، تەسىراتى، 6 بۈيۈك سىياسەتكە قارىتا پىكرى) دىگەن مەزمۇنلارنى كىرگۈزدى، تەرجىمە ھالى قىسمىدا "توپىلاڭ كوتۇرۇش سۇيىقەستى"گە قاتناشقانمۇ - يوق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تەشكىللىك ھەركىتى بارمۇ - يوق؟ دىگەن سوئاللار قويۇلدى. سوراق قىلىش ئاشكارا بولغاچقا، بىزگە پارتىيىدىن



ئايرىلىش توغرىسىدا تەھدىت سېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، لېكىن ئىشپىيونلۇققا تايىنىپ جان بېقىپ كەلگەن بۇ "مەركىزى كومىتېت ئەزالىرى" بەزىدە ئاز ساندىكى يولداشلارنى قويۇپ بېرىش دىگەننى يەم قىلىپ ئالداپ كوردى. بەزى يولداشلارنى ئولۇم جازاسى بېرىدىمىز دەپ تەھدىت سېلىپ پارتىيە مەيدانىدىن ۋاز كەچتۈرمەكچى بولدى. بۇ قېتىمقى سوراقتا ھەممىمىز بىرگە بولغانلىقىمىز، تاقابىل تۇرۇشقا تەشكىللىك ھالدا تەييارلىق كورگەنلىكىمىز ئۈچۈن، بىر كىشىمۇ ئالدام خالتىغا چۈشمىدى ھەممە بىزنى قانۇنسىز قولغا ئېلىپ قاماپ قالغانلىقى توغرىسىدا شىكايەت قىلدۇق ۋە گۇناسىز دەپ قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق. نەتىجىدە سوتلاش ئۇمىگى بۇ ئەنزە مۇرەككەپ ئىكەن دىگەننى بانا قىلىپ، بىزنى يەنە تۈرمىگە ئاپىرىپ تاشلىدى. ئاياللار تۈرمىسىدىكى بىر قانچە پارتىيىسىز يولداشلارنى ساقچى باشقارمىسى بىر قېتىم چاقىرتىپ گەپ سوراپ، ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنى ئولدى دەپ ئالداپ مەيدانىدىن ۋاز كەچتۈرمەكچى بولدى. لېكىن ئۇلارمۇ ئالدام خالتىغا چۈشمىدى.

ئىككىنچى قېتىم ئومۇمى يۈزلۈك سوراق قىلىش 1945 - يىلى 7 - ئايدىن 8 - ئايغىچە داۋام قىلدى. 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا بىرىنچى قېتىم سوراققا ئېلىپ چىققاندا، تۈرما باشلىقى قاتارلىق ئىشپىيونلار يولداشلارغا شەرمەندىلىك بىلەن ئاشكارە ھالدا پارتىيىدىن ئايرىلىش مەسىلىسىنى قويۇپ، پارتىيىدىن ئايرىلمىسا ياخشى ئاقىۋەت كورمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بىر قانچە يولداش مۇشۇ سەۋەپتىن كاچات ۋە تاياق يىدى. 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئىشپىيونلار داغدۇغا بىلەن

سوراق قىلىش ھەيئىتى تەشكىل قىلىپ، كۈنگە بىر كىشىنى
يەنى جىخالوپ، گۇشەننەن، خۇدۇك، لى يىلارنى ئېلىپ چىقىپ
سوراق قىلدى. بەشىنچى كىشىنى ئېلىپ چىققانىدا ئاچلىق
ئېلان قىلدۇق، ئاچلىق ئېلان قىلىپ 4 ـ 5 ـ كۈنلىرى ئىشـ
پىيونلار يولداشلىرىمىزنى ئېلىپ چىقىپ سوراق قىلىش جەرـ
يانىدا 3 ـ 4 ئىشپىيون نۆۋەتلىشىپ سوراق قىلىنغۇچىغا
ھەم قاتتىق، ھەم يۇمشاق گەپلەر بىلەن سىياسى، ئىقتىسادى،
تارىخ، پەلسەپە جەھەتلەردىن سوئال قويدى. بۇ يەردىكى مەقـ
سەت سوراق قىلىنغۇچىنى پارتىيىدىن ئايرىلىشقا قىستاش
ئىدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئۇلار ئادەمنى يەپ تاشـ
لايدىغان ئەلپازى بىلەن ھەم يۇمشاق گەپلەر (ئويلۇنۇپ كور)،
ھەم قاتتىق گەپلەر (ئولتۇرىمىز) بىلەن نۇرغۇن سوئاللارنى
قويۇپ سوراق قىلىپ، ئازاپلاپ باش ئەگدۇرمەكچى بولدى.
ئاچلىق ئېلان قىلىشنى توختاتقاندىن كېيىن سوراققا ئېلىپ
چىقمىغان يولداشلارنى سوراققا ئېلىپ چىقتى ھەمدە "ئېتىـ
قات" نى قوغداشقا ماقۇل بولدى. بۇ قېتىم ئومۇمى يۈزلۈك
سوراققا ئېلىپ چىققاندا، مۇتلەق كوپ ساندىكى يولداشلار
سالماق پوزىتسىيە تۇتۇپ، قارشى تەرەپنىڭ تېررورلىغى ۋە
تەھدىدىگە تاقابىل تۇردى.

ئۈچىنچى قېتىم ئومۇمى يۈزلۈك سوراق قىلىش 1945 ـ
يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا بولدى. بۇ قېتىم يا ئۆلۈم، يا
كورۇمنى تاللا! دەيدىغان شەرتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە، بىرلىككە، قاتناشقا بۇزغۇنچىلىك
قىلدى، دەپ قارا چاپلىدى ھەمدە جىنايەتچى ئىشچى قىلىمىز
دەپ ئالدىدى. ۋەزىيەت يامانلىشىۋاتقان بۇ پەيتتە قۇربان



بولۇشتەك ئىنقىلاۋى ئىرادىسى بولمىغان ۋە ئىستىقبالنى ئېنىق
كورۇۋالالمىغان دۈەن جىڭچى خائىن ۋە قاچقۇن بولۇپ كەتتى.
خوتۇنى جاڭ يۈيىڭمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ۋاڭ مىڭلۇن جىناـ
يەتچى ئىشچى بولدى. يۈتەنيۇ، پىڭ خاۋ، خوشاۋبىڭلارمۇ
شۇ چاغدا قاچقۇنغا ئايلاندى. لېكىن قالغان يولداشلار مەيدانىـ
دا چىڭ تۇرۇپ، ئۇلىسىمۇ مەيداندىن تەۋرەنمەيدىغانلىقىنى
بىلدۇرۇپ، جىنايەتچى ئىشچى بولۇشنى رەت قىلدى. بۇ قېـ
تىممۇ بىر مۇنچە يولداشلار قىيىن ـ قىستاققا ئېلىندى. 12 ـ
ئايدا جاڭ جى جۇڭ ۋەكىل ئېۋەتىپ قۇتقۇزۇش يولى ئارقىتىپ
بەردى. (12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن كېيىن)، دولەت ئىچىـ
دىكى ئەھۋال داۋاملىق يامانلاشتى. لېكىن كېڭىشىش پۇرىتى
چىقىشقا باشلىدى، بۇ چاغدا ئىشپىيونلار ھۇجۇمنى جىددىيلەشـ
تۈرۈپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە قانچىلىك تارتسا شۇنچە تارتماقچى
بولۇپ، پايدىلىنىشقا بولىدۇ دەپ ھىساپلىغان يولداشلاردىن
گەپ سوراق قىلدى ھەمدە ئېنىق جاۋاپ بەردى دەپ ھىساپـ
لىغان بىر قىسىم يولداشلارنى سوراق قىلىپ، يەنىلا بۇرۇن
سورىغانلىرىنى سورىدى. ئاساسى مەقسىدى ئىدىيە ۋە مەيدانىـ
مىزدىن ۋاز كەچتۈرۈش ئىدى. نەتىجىدە خۇاڭ مىڭيىنى تارـ
تىپ كەتتى (ئاڭلىشىمىزچە كېيىن ۋەزىيەت ياخشىلانغاندا
بىنادىن ئوزىنى تاشلاپ ئولىۋاپتۇ)، قالغان يولداشلار سوراق
قىلىنغاندا، ئىشپىيونلارنىڭ خام خىيالىنى يەنە بىر قېتىم تارـ
مار قىلدى. پەقەت خۇاڭ يۈكچىڭلا خوتۇنى چۇشۇمىينىڭ گېـ
پىگە كىرىپ ئاسىيلىق قىلدى. بۇ بىر مۇشكۇل مەزگىلدە
دۇشمەننىڭ سوراق قىلىشى ۋە ھۇجۇمغا تەشكىللىك ۋە تەيـ

يارلىق كۆرگەن هالدا تاقابىل تۇردۇق.

ئەڭ ئاخىرقى سوراق 1946 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا شەرقىي شىمال مەسىلىسى ئەڭ ئەۋج ئالغان ۋاقىتتا بولدى. تۈرمە دائىرىلىرى 7 نەپەر ئالى مەكتەپ پۈتتۈرگەن زىيالىلارنى ئوبيېكت قىلىپ، ئۇلارغا مەركەزلىك هالدا مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ شەرقىي شىمالنى ئىشغال قىلىۋالدى، دەپ قارىلاش؛ (2) ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى چوقۇم پارتلايدۇ، ئاتوم بومبىسىنىڭ قۇدرىتى زور، دېگەننى تەرغىپ قىلىش. دۈشمەننىڭ ئارىمىزغا بولگۇنچىلىك سالىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، تەييارلىق كۆرۈپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈن، تەبىئى يوسۇندا تاقابىل تۇردۇق. سوراق ئۈستىدە يولداشلار مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ ئالدانمىدى. گومىنداڭنىڭ 2 ـ ئومۇمى يىغىنى چاقىرىلىپ، جياڭ جيېشىغا رەددىيە بېرىلگەن ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئەسەبىلىك بىلەن سوراق قىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ تەييارلىق كوردۇق. كېيىن جاڭ جۇڭنىڭ شىنجاڭغا كەلگەنلىكى سەۋەپ بولغان بولسا كېرەك، قايتا سوراق قىلمىدى.

3 ـ خائىنلارغا قارشى كۆرەش جەريانى

1942 ـ يىلى شىنجاڭدا تۈرمىگە تاشلىنىپ، تۈرمىدىن چىققانغا قەدەر بولغان 4 يىل ۋاقىت ئىچىدە، 3 قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدۇق. بىرىنچى قېتىمدا ئىنقىلاپ دەهشەتلىك دولقۇن ئىچىدە كېتىۋاتقاندا، بۇ دەهشەتلىك دولقۇندىن قورقۇپ چىڭ تۇرالمىغان كىشىلەر ئىنقىلاۋى قوشۇندىن ئايـ



ـرىلدى. تۈرمىدا 3 قېتىم شەرمەندە خائىن چىقتى. بىرىنچى قېتىمى تۈرمىگە تاشلانغان دەسلەپكى مەزگىلدە، 1943 ـ يىلى ئەتىيازدا بولۇپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تەهدىت سېلىشى، ئازدۇرۇشى ئارقىسىدا، ۋىجدانى يوق توخۇ يۈرەك هايۋان شۈمىڭچۇ، فەن تۈك، ليۇشىپىڭ ۋە شۈمىڭچۈنىڭ خوتۇنى لى يۈلەن قاتارلىقلار تىز پۈكۈپ تەسلىم بولۇپ دۈشمەننىڭ يالاقچىسى بولۇپ كەتتى. ئىككىنچى قېتىمى شىڭ شىسەي تەختىدىن چۈشۈپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىنجاڭغا كەلگەن ۋاقىتتا بولدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىشپىيونلىرى شىڭ شىسەينىڭكىدىنمۇ زەهەرلىك، هىلىگەر ئىدى. مۇشۇنداق ئەهۋالدا دىڭ مىڭ، شۈجۈ شياڭ، خۇاڭ يىمىڭ، رېن شياڭگې قاتارلىق خائىنلار ئىنقىلاۋى قوشۇندىن ئايرىلدى. ئۈچىنچى قېتىمى ياپون قاراقچىلىرى تەسلىم بولۇشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىچكى ئۇرۇش جىددى داۋام قىلىۋاتقان چاغدا بولدى. بۇ چاغدا گومىنداڭ بىزگە تېخىمۇ پاجىئەلىك هالدا هۇجۇم قىلىپ، قاتتىق ئۇرۇپ قىيناش، ئۆلتۈرۈش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تەهدىت سالغان هەمدە پۇل، سەتەڭلەر ئارقىلىق بىزنى ئازدۇرماقچى بولدى. مۇشۇ مەزگىلدە دۇەن جىڭچى، ۋاڭ مىڭساۋ، خۇاڭ يۈڭچىڭ، خۇسۇڭبىن، پىڭ خۇ، خۇاڭ مىڭخۇاڭ، يۈتەنشى قاتارلىق ئۆلۈمدىن قورقىدىغانلار ئىنقىلاۋى قوشۇنىمىزدىن ئايرىلدى.

هەر قېتىم خائىنلارنى سەزگەندە (ئاڭلىغان گەپ ـ سۆزلەرگە ئەمەس، بەلكى هەقىقى دەلىل ـ ئىسپاتقا ئاساسەن)، ئۇنىڭ تارىخى ئىدىيىسى ۋە قانداق ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىش، يەنە

بىر تەرەپتىن ھوشيارلىقنى ئاشۇرۇپ، ھەر بىر خائىننى ئىمكان قەدەر تەپسىلى تەتقىق قىلدۇق ھەمدە تاقابىل تۇرۇش چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق:

(1) پىرىنسىپنى ئېتىراپ قىلىش، ئادەمنى ئېتىراپ قىلماسلىق، مەيلى ئۇنىڭ ئۆتكەندىكى تارىخى قانچە شەرەپلىك، ئورنى قانچە يۇقۇرى بولسۇن بۇگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ قىلغان ئەتكەنلىرى پىرىنسىپال مەيداندىن چەتنىگەن ئىكەن، ئۇنى خائىن، ئەڭ ئەشەددى دۈشمەن، دەپ قارىدۇق.

(2) خائىنلاردىن بارلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش.

(3) ئەگەر خائىن سوتتا ئوتتۇرىغا چىقسا، ئۇنىڭ بىلەن سوزلۇشۇشنى رەت قىلىش، ياكى ئۇنى مىللى مۇناپىق دەپ تىللاپ، ئۇنىڭ ئىقرار قىلغانلىرىنى بىردەك ئىنكار قىلىش.

بىز خائىنلارغا قارشى كۈرەشتە ناھايىتى زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق ھەم نۇرغۇن قىممەتلىك تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئىگە بولدۇق:

(1) ئىدىيىۋى ئېڭى ئارقىدا قالغان، شەخسى مەنپەئەت بىلەن ھېساپلىشىدىغان، ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان، تۇرمۇشتا چىرىكلەشكەن، خوتۇنىنى بىرىنچى ھېساپلايدىغان، پۇلنى جاندىنمۇ ئەزىز بىلىدىغان ئادەملەر جىددى پەيتتە جەزمەن خائىن بولۇپ كېتىدۇ.

(2) تەشكىلگە، يولداشلارغا قۇۋۇلۇق-شۇملۇق قىلىدىغان، تەشكىلگە نارازى بولغان، يولداشلاردىن يىراقلاشقانلار جىددى پەيتتە جەزمەن ئىنقىلاپتىن يۈز ئورۇيدۇ.



(3) سىياسى جەھەتتە ئارقىدا قالغان، ئاكتىپ ئۆگەنمەيدىغانلار جەزمەن چۈشكۈنلىشىپ چاكىنىلارغا ئايلىنىپ، ئىنقىلاۋى لاگىردىن ئايرىلىدۇ.

(4) ئۆزىدە ئېغىر خاتالىق بولۇپ، ۋاقتىدا تۈزەتمىگەنلەر ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىلىدىغان بولسا، جەزمەن ئىنقىلاپقا ئاسىيلىق قىلىش يولىغا ماڭىدۇ.

## ئىچكى تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىش

1. ئىچكى جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش ۋە ئاغمىچىلارغا قارشى كۈرەش قىلىش: كوممۇنىستلارنىڭ ئىتتىپاقلىق، دوستانە، ھەمكارلىق روھى تۈرمىدا ئىنتايىن زورۇر ۋە ئىنتايىن روشەن كورۇندى، بۇ روھنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، قىيىن ئۆتكەللەردىن ئۆتۈپ، ئىدىيىۋى ئىشەنچىنى كۈچەيتىش ۋە ئىنقىلاۋى پەزىلەتنى ساقلاشتىكى رولى ئىنتايىن زور بولدى.

ئەرلەر تۈرمىسىدا:

ئەر يولداشلارنىڭ ھەممىسى «قاتتىق كامېر»دا بولۇپ، سىرت بىلەن ئالاقە قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى كامېرلار ئارامۇ ئالاقە قىلالمايتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ئىتتىپاق بولۇپ، ھەمكارلىشىپ، سىرتقا بىردەك تاقابىل تۇرۇش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. لېكىن بىز بۇنى ئىشقا ئاشۇردۇق، بەلكى خېلى ياخشى ئىشقا ئاشۇردۇق.

كۆندۈلۈك تۇرمۇشتا، ئىش بولىدىكەن ھەممە تەڭ قىلىش، تاماق بولىدىكەن ھەممىلەن تەڭ يېيىش، شەخسىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئومۇمىيەتچىل بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ، تۇرمۇشنى تەشكىللىك ئۆتكۈزۈش شۇئارىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇق. ئۇزاق مۇددەتلىك تەييارلىق كۆرۈپ ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە قارشى تۇرۇپ، دۈشمەننىڭ بىزنى ئاستا - ئاستا كاردىن چىقىرىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماسلىقىنى تەشەببۇس قىلدۇق. مەسىلەن: بىر كامېردىكى يولداشلار بار پۇلنى يىغىپ (ئاساسلىقى نەرسە - كېرەكلىرىنى ساتقان پۇل) ئۇزۇقلىنىش، كۈندۈلۈك تۇرمۇشقا كېرەكلىك بويۇملارنى سېتىۋېلىش ۋە كېسەللەرگە ياردەم بېرىش راسخودى قىلىپ، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىسراپ قىلىۋېتىشىگە، ياكى بىر تىيىن ئارتۇق خەشلىشىگە يول قويمىدۇق. كامېرلار ئارا بىر - بىرىگە ياردەم بەردۇق.

نەرسە تەقسىم قىلغاندا، ئادەتتە مۇتلەق تەڭ تەخسىماتچىلىقنى يولغا قويۇپ، پۇشۇرغان بىر تۇخۇمنىمۇ بىر ئادەمگە بەرمەي، بىرقانچە پارچىگە بولۇپ، ھەربىر كىشىگە ئېغىز تەككۈزدۇق. ئاياللار تۈرمىسىدىكى ئاچا - سىڭىللار ئەۋەتكەن نەرسىنى كىمگە ئەۋەتكەنلىكىدىن قەتئىي نەزەر، تۈرمۇشقا مەسئۇل بولغان يولداشلار بىر يەردە ساقلاپ، تەڭ تەقسىم قىلىپ بەردى. سالامەتلىكى بەك ئاجىز ياكى كېسەل يولداشلارغا ئايرىم قوشۇمچە ياردەم بەردۇق. نۆۋەت بىلەن ئۇلاردىن خەۋەر ئالدۇق، ئۇلارنى تەرەت قاچىسىنى تۆكىدىغان، يەر سۈپۈرىدىغان ۋە ھەرقانداق باشقا ئىشقا سالمىدۇق، داۋالىنىش ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان يولداشلارغا نۆۋەت بىلەن قارىدۇق، بۇنىڭغا تۈرمىگە قارايدىغان-



لارمۇ قايىل بولدى.

ئۆگىنىش جەھەتتە، كىتاپ بولىدىكەن ھەممىلەن كۆرۈش، كامېرلار نۆۋەتلىشىپ كۆرۈش، بىلىمى بارلار بىلىم ئۆگىتىش شۇئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھېساپ، جۇغراپىيە، تارىخ قاتارلىقلارنى ئۆگەندۇق. ئۆگەتكۈچىلەر ئېسىدە قالغىنىنى بويىچە سۆزلەپ بەردى.

دۈشمەنگە قارشى كۆرەشتە، يولداشلار ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق روھىنى ئىپادىلەشتى. تۇرمۇش جەھەتتە خارلاش ۋە يولسىزلىق بىلەن ئۇرۇپ تىللاشقا نۇرغۇن قېتىم قارشىلىق كۆرسەتكەندە، 9 قېتىم ئاچلىق ئېلان قىلغاندا باشتىن - ئاخىر بىردەك ھەركەت قىلدى. بىرىنچى قېتىم سوراققا ئېلىپ چىققاندىن كېيىن تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، خاتالىقنى تۈزۈتۈپ، بىردەك تاقابىل تۇرۇش چارىلىرىنى بەلگىلىدۇق.

مۇشۇنداق قىلىپ، پىكىردە ۋە ھەركەتتە بىرلىككە كەلگەن، ئېغىر ئەھۋالدا بىرگە بولىدىغان چوڭ ئائىلىنى پەيدىن - پەي شەكىللەندۈردۇق.

ئوخشاش بولمىغان تەبىقىدىن كەلگەن 100 دىن ئارتۇق كىشىدە ئىدىيىۋى ئاڭ جەھەتتە پەرق ناھايىتى چوڭ بولۇپ، تۈرلۈك ناچار خاھىشلار مەۋجۇت ئىدى، بەلكى بەزى جەھەتلەردە خېلى ئېغىر ئىدى. شەخسىيەتچىلىك ۋە مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ ئىپادىسى بولغان ئىشلار، مەسىلەن: مېنىڭ ئىشىم ئۆزەمنىڭ ئىشى دەپ باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرى بىلەن كارى بولماسلىق ئىشلىرى ئاز ساندىكى يولداشلاردا ناھايىتى ئېغىر ئىدى.

ئاز ساندىكى يولداشلار ئەھۋالدىن ئۆز ئارا خەۋەرلىشىپ

تۈرۈش، ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلمايتتى، لېكىن بۇلارنى تېز تۈزىتىۋالدۇق.

مۇتلەق دېموكراتىيىنى تەكىتلەش، كوپچىلىكنى ھەممە ئىشتىن خەۋەردار قىلىش، ھەممە ئىشنى كوپچىلىكنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىشتەك خاھىشىمۇ قىسقا ۋاقىت ساقلاندى.

سولچىل كەيپىياتنىڭ يولداشلاردىكى تەسىرى ناھايىتى چوڭ، ناھايىتى ئومۇمى يۈزلۈك بولۇپ، ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ساقلاندى. سولچىل كەيپىيات مۇھىت ۋە شارائىت بىلەن ھىساپلاشماي، ھەممىلا ئىشتا چوقان سېلىش، ھەممىلا يەردە كۆرەش. قىلىش، كۆرەشنى قانچىكى ئاشۇرىۋەتسە، شۇنچە ياخشى دېيىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنەتتى. تاماق مەسىلىسىدە ۋە يولسىزلىق بىلەن ئۇرۇپ - تىللاش، خارلاشقا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە كوپرەك ئىپادىلىنەتتى. بۇ خاتا نۇقتىئى نەزەرلەرنى تۈگىتىش ۋە تۈزىتىشكە كوپ كۈچ ۋە ۋاقىت سەرپ قىلدۇق.

ئايالللار تۇرمىسى جەھەتتە:

ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە مېيىپلار ۋە ئايالللار بىر يەرگە نەزەربەنت قىلىندى. ئۇ يەردە قارايدىغان بالىلار، خەۋەر ئالىدىغان قېرىلار. كېسەللەر بولغىنى ئۈچۈن، ناھايىتى چوڭ قىيىنچىلىق يۈز بەردى. لېكىن ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق روھىمىزغا تايىنىپ ھەممە قىيىنچىلىقلارنى يەڭدۇق.



ئايال يولداشلار بالىلارغا قارايدىغان ئەھۋال ئاستىدا، بىر قىسىم ۋاقىت ئاجرىتىپ كېسەللەرگە ياردەم قىلدى. مەسىلەن: يولداش ۋۇماۋلىن كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر باشقىلار خەۋەر ئالدى. تاماق ئېتىپ بېرىش، قانغا بويالغان كىيىملىرىنى يۇيۇپ تازىلاش، تاماق يېگۈزۈپ قويۇش، كىيىمىنى يەڭگۈشلەپ قويۇشقا ئوخشاش ئىشلارنى ياردەملىشىپ قىلدى. ئايال يولداشلار نەرسە - كېرەك ساتقان پۇلنىڭ بىر قىسمىنى تېجەپ ئومۇمغا تاپشۇردى، ئۇنى تەشكىل تەقسىم قىلىپ ئىشلەتتى، ياكى كېسەللەر، بالىسى كوپ ئانىلار، قېرىلارغا ياردەم قىلدى، ياكى ئەرلەر تۇرمىسىغا نەرسە - كېرەك ئېلىپ ئومۇمنىڭ ئىشلىرىغا ئىشلەتتى. كېيىنكى بىر مەزگىلدە ئايال يولداشلار ئاساسلىقى ئۆزلىرىنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى سېتىپ، بالىلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە ئوزۇقلىنىشىنى تەمىن ئەتتى.

ئايالللار تۇرمىسىدىكىلەر دائىم ئەرلەر تۇرمىسىغا سوغا ئەۋەتىپ، بىر تەرەپتىن مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەر يولداشلارغا ناھايىتى زور مەدەت بەردى. ئايال يولداشلار ماددى - مەنىۋى كۈچى، ۋاقتى چەكلىك بولغان ئەھۋال ئاستىدا بەزى خېلى مول يېمەكلىكلەرنى ئېتىپ، ئەر يولداشلارنى (10 نەچچە ئايال 80 كىشىگە نەرسە - كېرەك ئەۋەتتى) ئوزۇقلاندۇردى.

پۈتىدىن ئايرىلغان مېيىپ يولداشلار ئىككى قولى بىلەن ئايال يولداشلارغا كىيىم، ئاياق تىكىشىپ بېرىپ، ئانىلارنىڭ چوڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى، ئۇلار ئەرلەر تۇرمىسىغا مەجبۇرى يوتكەلگەندىن كېيىن، بالىلارغا

كوپلەپ، ئاياق ئىككىپ ئەۋەتىپ بەردى. ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش قوروسىغا يوتكىلىپ بارغاندىن كېيىنمۇ، تۇرمۇش ئىنتايىن قىيىن بولغان ئەھۋالدا، ئايالىلار، بالىلارغا ناھايىتى چوڭ ياردەم قىلدى. تاشقى كۆرەشكە نىسبەتەن بىر قىسىم يولداشلار دەسلەپتە كوڭۇل بولمىدى، ئايرىم يولداشلارغا قاراپ تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى، لېكىن بۇنى ناھايىتى تېزلىكتە تۈزىتىۋالدۇق. ئايالىلار تۇرمىسىدا يۈز بەرگەن بىر قانچە قېتىملىق تاماق مەسىلىسىدە، مەجبۇرى بولىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە، ئامىۋى خاراكتېرلىك كۆرەش ئېلىپ باردۇق، بۇ كۆرەشتە ئىتتىپاقلىشىش روھى ئىپادىلەندى. يەنئەنگە قايتىش ئالدىدىكى بىر مەزگىلدە، ئايالىلار تۇرمىسىدىكى ئىتتىپاقلىق مىسلىسىز بولدى.

ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش قوروسى جەھەتتە: گومىنداڭ دائىرىلىرى بەزى مېيىپلار، قېرىلارنى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش قوروسى دەپ بىر يەرگە مەركەزلەشتۈردى، ئۇلار دىۋانىلار قاتارىدا تۇرمۇش كەچۈردى، ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ (ئەڭ ئاخىرقى يېرىم يىلدا)، لېكىن ئەڭ كوپ قىيىنچىلىقتا ئۇچرىدى، ئۇ يەرگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن 17 يولداش ئىچىدە 5 مېيىپ، 6 بالا، 3 قېرى، 3 ئايال يولداش بولۇپ، قوناق ئۇنى يىدى (كوكۇرۇپ كەتكەن)، كوكتات كورمىدى. ئوي كوپ بولمىغانلىقتىن، ئەرلەر بىلەن ئايالىلار بىر يەردە ياتتى.

ئالدىمىزدىكى مەسىلە "قانداق ياشاش" ئىدى. بۇ مەسىلىگە "كوپچىلىك قول سېلىپ ئىشلەپ كوپچىلىكنى قامداش، كوللېكتىپنىڭ كۈچىگە تايىنىپ قىيىن ئۆتكەلدىن



ئۆتۈپ كېتىش" دەپ جاۋاپ بەردۇق.

ئالدى بىلەن بالىلارنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ھەممەيلەن ھۈنەر قىلماقچى بولدۇق. ھۈنەر بىلمىدىغانلار ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن مەسىلە ھەل بولماي "يېڭى ئىقتىسادى سىياسەت" يۈرگۈزۈپ، پايدىكەشلىك قىلىپ، ئومۇمنىڭ نەرسىلىرىنى سېتىپ پاي قىلىپ، شەخسلەردىن پاي قوبۇل قىلىپ، ھەر ئايدا ھىساپىنى بوغۇپ، پايدىنى تەقسىم قىلىپ بەردۇق، ئومۇمنىڭ پېيى ئۈچۈن قالدۇرۇلغان پايدىنى ھەر بىر يولداشلارغا ئالاھىدە ياردەم پۇلى قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئايال يولداشلار خەۋەر ئالدى، مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش قوروسىدىكى يولداشلار تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى:

1. دائىم ماددى نەرسىلەر بىلەن ئەرلەر تۇرمىسى ۋە ئايالىلار تۇرمىسىدىكى كېسەل ۋە سالامەتلىكى ئاجىز يولداشلارغا ياردەم بەردى. (30 مىڭ كوي شىنجاڭ پۇلى)

2 . ئايالىلار تۇرمىسىغا دائىم گېزىت يەتكۈزۈپ بەردى.

3 . تۇرمىدىكى يولداشلارنىڭ كىيىم - كېچەك سېتىشى ۋە نەرسە - كېرەك ئېلىشىغا ياردەملەشتى، جەمى بىر مىليون كويدىن ئارتۇق شىنجاڭ پۇلى.

4 . شىنجاڭدىكى تەرەققىپەرۋەر ياشلارنىڭ يەنئەنگە بېرىشىغا ياردەملەشتى (ئۇلار بىزگە كوپ ياردەم قىلدى).

دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە ھەممىمىز بىردەك بولدۇق. ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش قوروسىدىكى يولداشلار پۈتۈن كۈچىنى، ۋاقتىنى تۇرمۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا قارىتىپ، تۆۋەندىكى

يېيەلمەي، تولۇق دەم ئالالماي، چارچاپ ئورۇغلاپ كېتەتتى، باللار قاتتىق كېسەل بولۇپ كەتتى، لېكىن كوللېكتىپنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، يەنئەنگە قايتىش دېگەن ئاخىرقى مەقسەتكە يەتتۇق.

2 - ئۆگىنىش ئەھۋالى (1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى). بىز تۈرمىغا تاشلانغاندىن كېيىن، فاشىست ئونسۇرلار مەيلى قانداق شەكىلدىكى تۈرمىغا تاشلىسۇن، مەيلى شۇ ۋاقىتتىكى مۇھىت ۋە شارائىت قانچە قىيىن بولسۇن، ئۆگىنىشنى بوشاشتۇرۇپ قويمىدۇق ۋە توختىتۇپ قويمىدۇق، تۈرمىغا تاشلانغاندىن كېيىن، تۈرمىنى مەكتەپكە ئايلاندۇردۇق. ھەممە بىر تەرەپتىن كۈرەش قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش، ئۆگىنىش ئارقىلىق كۈرەش تاكتىكىسىنى ئىگەللەش، كۈرەش ئارقىلىق ئەمەلىي كۈرەش تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش پرىنسىپىنى قوللاندۇق. 4 يىلدىن بۇيان، بارلىق يولداشلار مۇشۇ فاڭجېن ۋە پرىنسىپقا ئاساسەن تەشكىللەپ رەھبەرلىك قىلدى ۋە ئۆگىنىش ئېلىپ باردى.

1. 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، باخۇلياڭدىن چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق يولداشلارنى تۇتۇپ كەتتى، ئارقىدىنلا شىنجاڭغا خىزمەت قىلىشقا كەلگەن 13 يولداشنى تۇتۇپ كەتتى. شۇ چاغدا باخۇلياڭدا ئەر - ئايال، قېرى - ياش بولۇپ 100 دىن ئارتۇق كىشى بار ئىدى. ئۇلار ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قالغان بولسىمۇ، لېكىن نەزەربەنت خاراكتېرىدا بولغاچقا، ئۇلاردا نۇرغۇن كىتاپ - گېزىتلەر بار ئىدى، بىر قەدەر خاتىرجەم مۇھىت ۋە نۇرغۇن ئەپلىك شارائىتقا ئىگە ئىدى. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، يولداشلارنىڭ نەزىرىيە،



سىياسى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۇستۇرۇش ئۈچۈن ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ ئىستىل تۈزىتىشنى باشلىدۇق، ئۇ چاغدا باش ئۆگىنىش ھەيئىتى ئومۇمىي يۈزلۈك رەھبەرلىك قىلدى (بۇ تەشكىل ئىستىل تۈزىتىش ۋاقتىدا قۇرۇلدى، ئەسلى 7 ھەيئەت ئەزاسىدىن بۇ چاغدا 4 ھەيئەت ئەزاسى قالغان ئىدى)، ئۇنىڭ قارمىقىدا 3 ئۆگىنىش ھەيئىتى، ئۇنىڭ ئاستىدا ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى، ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرىغا بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىسىز ئامما قاتناشتى. جۇڭگو تىلى گۇرۇپپىسى، روس تىلى گۇرۇپپىسى، پارتىيە قۇرۇش گۇرۇپپىسى، ۋ ك پ (ب) تارىخى گۇرۇپپىسى، جۇڭگو مەسىلىسى گۇرۇپپىسى، پەلسەپە گۇرۇپپىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. گۇرۇپپىلار ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن، ئۆگىنىش ۋە دەرس ئوتۇش، مۇزاكىرە قىلىشنى قوشۇمچە قىلىش، خاتىرە يېزىش، ئىمتىھان ئېلىش، يات يازدۇرۇش، ئوقۇتۇش، ماقالە يازدۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللاندى، ھەر قايسى گۇرۇپپىغا مەخسۇس ئادەم مەسئۇل بولدى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى.

2. سەنجۇدە ۋە 4 - تۈرمىدا شىنجاڭغا خىزمەتكە كەلگەن بىر قىسىم يولداشلار ياتتى، 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قولغا ئېلىنغان 13 يولداش بۇ يەرگە نەزەربەنت قىلىندى. ئۇلارنىڭ مۇھىتى ۋە شارائىتى باخۇلياڭدىكىدىن قېلىشمايتتى، لېكىن ئۆگىنىش تەشكىلى شۇ ئاندا قۇرۇلۇپ ۋ ك پ (ب) تارىخى، يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە ۋە ئىستىل تۈزىتىش ھۆججەتلىرىنى داۋاملىق ئۆگەندى، بۇنىڭدىن مەقسەت يولداشلارنىڭ شۇ چاغدىكى تەشكىلى كۆز قارىشىنى كۈچەيتىش ۋە ئىدىيىۋى ئېڭىنى تەرتىپكە سېلىش ئىدى. مەدەنىيەت

دەرسكە ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەر قاتناشتى. ئۆزى ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىش، مۇزاكىرە قىلىش، ئىمتىھان ئېلىش، سوھبەتلىشىشنى قوشۇمچە قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. يېقىنقى زامان جۇڭگو ئىنقىلاۋى تارىخى، يېڭى دېموكراتىزىم بىلەن جۇڭگونىڭ قىبلىنامىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ ئۆگىنىلدى. ئارىلىقتا بىر ئاينى زەربىدارلىق بىلەن ئۆگىنىش ئېيى قىلىپ، ئىستىل تۈزىتىش ھوججەتلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئورۇنلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ھەر بىر كىشى تەرجىمە ھال يېزىشقا تەييارلىق كوردى. (كېيىن شارائىتنىڭ چەكلىشى بىلەن يېزىپ چىقالمىدى). بۇ يولداشلار سەنجۇدىدە تەخمىنەن 4 ئاي تۇرغاندىن كېيىن، 4 ـ تۈرمىگە يۆتكەلدى. شۇندىن ئېتىۋارەن ئىشىكلەر كۈن بويى قۇلۇپ سېلىنىپ، ئوز ئارا ئالاقىلىشىش ناھايىتى قىيىن بولۇپ قالدى. ئۆگىنىش كامېر ئىچىدىلا ئېلىپ بېرىلدى. مۇناسىۋەت ئورنىتىۋالغاندىن كېيىن، ئۆگىنىش يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، كامېر بىرلىك قىلىنغان ھالدا پارتىيە تارىخى ۋە ئىستىل تۈزىتىش ھوججەتلىرى داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىندى. (ئاساسلىقى خىزمەت ۋە ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىندى). ئايرىم يولداشلار يېقىنقى زامان جۇڭگو ئىنقىلاۋى تارىخى، سىياسى ئىقتىسات، روس تىلى، ئېنگىلىز تىلى ئۆگەندى. كامېرلار ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ھەر قايسى كامېرلار ئۆزلىرىنىڭ مۇھاكىمە تېزىسىنى بەلگىلەپ، مۇھاكىمىنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، مۇھاكىمە خۇلاسىسىنى يېزىپ چىقتى. ھەر قايسى كامېرلارغا كورسىتىپ، ھەركۈنى ئۆزىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ خۇلاسە چىقىرىپ تۇردى.



3. دۈبەن مەھكىمىسىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە لىيەنى تۇرغان ئورۇن بىلەن لىۋۇبىنلۇڭنىڭ قوروسى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىدىكى يولداشلارنى نەزەربەنت قىلىدىغان ئورۇن بولۇپ قالدى. ئۇلارنى بىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىپ، قاتتىق قامال ۋە نازارەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى باخۇلياك، سەنجۇدىدىكى ئەھۋالغا ئاساسەن ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەسلىدىكى ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى رەھبەرلىك قىلدى. شۇ چاغدىكى ئىچكى قىسىمدىكى شارائىت سەۋەۋىدىن خاتىرجەم بولالماسلىق كەيپىياتىنى تۈگىتىپ، ئىچكى جەھەتتە ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكلىكنى كۈچەيتىشنى ئاساسى ئۆگىنىش مەزمۇنى قىلىندى. ھەممە يولداشلارنىڭ ئېھتىياجى ۋە تەلىۋىگە ئاساسەن، روس تىلى، فىزىكا، يېقىنقى زامان جۇڭگو ئىنقىلاۋى تارىخى، يېڭى دېموكراتىزىم ۋە كەسىپ ئۆگىنىش ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئۇلار كوپىنچە ئۆزى ئۆگىنىشنى ئاساس قىلدى، ئايرىم دەرسلەردە دەرس ئوتۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى، ئاندىن مۇزاكىرە ئېلىپ باردى ۋە ئىمتىھان ئالدى.

4. 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن كېيىن باخۇلياڭدىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى دىگىدەك قولىغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى ھەمدە كامېرلارغا قامالدى. ئۇلار ئۆگىنىشنى كامېرلار بويىچە ئۇيۇشتۇردى. دەسلەپتە كىتاپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ئەسەرلەرنى، مەسىلەن: پارتىزانلىق ئۇرۇشى، پارتىيە ۋە ئاممىۋى خىزمەت. مىللى مەسىلە، ئارمىيە ئىچىدىكى سىياسى خىزمەت، تەبىئى پەن ساۋادى قاتارلىقلارغا ئالدىن تەييارلىق كورۇپ، سېستىمىلىق دوكلات بەردى. سوھبەت ئۆتكۈزۈپ رەتلەپ چىققاندىن كېيىن، كامېرلارنىڭ كورۇشىگە بېرىپ پىكىر ئالماش

تۇردى. كىتاپقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ھەر قايسى كامېرلاردىن رەسمى پىلان تۈزەپ ئاساسەن ۋ ك پ (ب) تارىخى، يېقىنقى زامان جۇڭگو ئىنقىلاۋى تارىخى، سىياسى ئىقتىسات، لېنىنىزىم مەسىلىلىرى، پەلسەپە، جۇڭگو تىلى، روس تىلى، ماتېماتىكا قاتارلىقلارنى كىرگۈزدى. روس تىلىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئاساسەن ئۆزى ئۆگىنىش، سۆھبەت، مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللاندى.

5. شىڭ شىسەي تەختىدىن چۈشۈشتىن بۇرۇنقى ۋە گومىنداڭ تەختىگە چىققاندىن كېيىنكى ئەھۋالىمىز ۋە شۇ چاغدىكى ئۆگىنىش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى (1944 ـ يىلدىن 1946 ـ يىلى تۈرمىدىن چىققانغا قەدەر)

بۇ مەزگىلدە شىنجاڭدىكى بارلىق خادىملار تەخمىنەن ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈندۇق ۋە تۆۋەندىكى ئىككى تۈرمىدا ياتتۇق.

(1) ئاياللار تۈرمىسى (شىخابادا تۇردى، كېيىن چىداۋانغا، ئەڭ ئاخىرىدا 4 ـ تۈرمىغا يۆتكەلدى. ئۇنىڭدا ئاياللار، باللار، مېيىپلار بار ئىدى) نىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشى.

ئاياللار تۈرمىسىنىڭ ئەھۋالى، ئەرلەر تۈرمىسىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىمايتتى، ئۇلار شەكىل جەھەتتە يېرىم نەزەربەنت قىلىنغان ئىدى. كورۇنۇشتە بەزى جەھەتلەردە ئەركىنرەك ھەم بىر يەردە ئىدى (بەزىدە مەجبۇرى ئايرىپ قامايتتى). ئۇلارنى قامال ۋە نازارەت قىلىش ئەرلەر تۈرمىسى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇلارنىڭ كوپ قىسمى 1938 ـ يىلىدىن كېيىنكى ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، يېڭى پارتىيە ئەزالىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 5 نەپەر يەرلىك ئايال بار ئىدى. مېيىپلارنىڭ ھەممىسى پىشقەدەم كادىرلار بولۇپ، ئەسلىدىكى كىتاپلىرىدىن ساقلاپ كەلگەنلىرى بار ئىدى. ئۇلار بۇ كىتاپلارنى ئەركىن كورەلەيتتى ۋە يېزىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇنداق ئەھۋالدا باللارنى تەربىيىلىگەن، كېسەللەر، مېيىپلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاندىن تاشقىرى، ئۆگىنىش قىلمىسا باشقا قىلىدىغان ئىشى يوق ئىدى. شۇڭا شۇ چاغدا ئۆگىنىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش شۇئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يېرىم ئاشكارا ھالدا ئۆگىنىش ھەيئىتى (3 كىشى) تەشكىل قىلىپ، يولداشلارنىڭ شۇ چاغدىكى سىياسى سەۋىيىسى ۋە ھەر بىر كىشىنىڭ قىزىقىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، جۇڭگو مەسىلىسى، جۇڭگو تىلى، روس تىلى، سىياسى ئىقتىسات قاتارلىق گۇرۇپپىلارنى قۇردى. ئۆگىنىشتە ھەركىم ئۆزى ئۆگىنىشنى ئاساس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سوھبەت مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىش، خاتىرە يېزىش، ئىمتىھان ئېلىش قاتارلىقلارنى قوشۇمچە قىلدى، پەقەت جۇڭگو تىلى گۇرۇپپىسىلا دەرس ئوتۇشنى ئاساس قىلدى، بۇ 1945 ـ يىلدىن 1946 ـ يىلى تۈرمىدىن چىققانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇلدى. گومىنداڭ تەختكە چىقىپ بىزگە سىياسى جەھەتتىن جىددى ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئۈچۈن تېخىمۇ تەييارلىق كورگەن ھالدا، دائىم ئېقىم مەسىلىلىرى ۋە ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلغاندىن تاشقىرى، ماركسىزم ـ لېنىنىزم نۇقتىئىنەزىرى بىلەن سەنمىنجۇيىنى (مۇھاكىمە تېزىسى بار ئىدى) مۇھاكىمە قىلدۇق. "ھەممەيلەن بىر نىيەتتە بولۇش" ھەمدە ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە تاكتىكىمىز دىگەن 3 ھوججەتنى مۇھاكىمە قىلدۇق. بۇ ھوججەتلەرنى مۇھاكىمە قىلغانلىقىمىز گومىنداڭ ئەكس-

يەتچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى. كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىزنى پارچىلاشنى كۈچەيتىش، ئاياللارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مېيىپلارنى مەجبۇرى قاتتىق تۇرمىغا يوتكىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى "ئازات قىلىش" دىگەن نام بىلەن ئىجتىمائى قۇتقۇزۇش قوروسىغا مەجبۇرى يوتكىدى. (شەرت - شارائىتى ئۇرغۇن جەھەتتە تۇرمىدىكىدىن ناچارلاشتى). لېكىن ئۇلار ئۆگىنىشنى ئۈزۈپ قويمىدى.

(2) ئەرلەر تۇرمىسىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشى (ئاساسەن 2 - تۇرمىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى قوروسى ھەمدە ئىچكى قورو).

شىڭشىسەي كېيىنكى بىر مەزگىلدە پۈتكۈل تۇرمىنى باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا قاراشنى بىر ئاز بوشاشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوز ئارا ئالاقىلىشىش ۋە سىرتتىكى ئەھۋاللارنى بىلىپ تۇرۇش بىر قەدەر ئاسان بولدى. باشقا تۇرمىدىكى يولداشلارمۇ بىز ياتقان تۇرمىغا مەركەزلەشتى. شۇ چاغدىن باشلاپ پۈتكۈل ئۆگىنىش مەزمۇنى، ئومۇمى پىلانىنى ۋە كوللىكتىپ مۇھاكىمە قىلىشنى يولغا قويدۇق، بۇ چاغدا ئاساسەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگىنىش مەزمۇنى قىلدۇق. (سوراق قىلىش، ئىقرار قىلدۇرۇش، باش ئەگدۈرۈش قاتارلىقلارغا تەييارلىق كورۇش). بۇرۇن تەييارلىق كورگەن بولساقمۇ، لېكىن گومىنداڭ تەختىگە چىققاندىن كېيىن، بىرلىكنى ساقلاش ئۈچۈن، بەزى ئىقرارلارنى ئوزگەرتىشكە توغرا كەلدى. مۇشۇ مەقسەتتە يېڭى دېموكراتىزىم ۋە سەنمىنجۇيى، ئېقىم مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلدۇق.



بۇ بىزگە كۈندۈلۈك تىما بولۇپ قالغان ئىدى.

**ئوتمۇشنى** ئەسلەش ۋە ھازىرقىنى مولچەرلەش، ھازىرقى **ۋەزىيەت** ۋە بىزنىڭ تاكتىكىمىز، "ھەممەيلەن بىر نىيەتتە بولۇش" دىگەن 3 ھوججەتنى بىر قەدەر ئۇزاق ۋاقىت مۇھاكىمە ۋە مۇزاكىرە قىلدۇق. مەركىزىي سوتلاش ئۇمىگى سوراق قىلغاندىن كېيىن، ئۆگىنىشنى قايتىدىن سىياسى جەھەتكە قاراتتۇق (پارتىيە قۇرۇش، ئېقىم مەسىلىلىرى ۋە ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىدىكى يولداشلارغا قارىتىلغان ئالاھىدە تەربىيىنى ئوز ئىچىگە ئالدى)، بارلىق يولداشلارنى تېخىمۇ پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىلگىرى ھەر قايسى كامېردا ئۆزلىكىدىن مەسئۇل بولغان بىر نەچچە يولداشتىن ۋاقىتلىق باش ھەيئەت تەشكىل قىلىپ (يېرىم مەخپى)، ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشى ۋە تۇرمۇشقا رەھبەرلىك قىلدۇق، بولۇپمۇ ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن (1945 - يىلى 3 - ئايلاردا)، ھوججەت ئۆگىنىشكە تېخىمۇ ئاسانلىق تۇغۇلدى. شۇڭا، ئېقىم مەسىلىلىرى، جۇڭگو تىلى، روس تىلى ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىش، تۇرمۇشنى باشقۇرۇش، مەدىنى كوڭۇل ئېچىش، سىياسى مۇھاكىمە، كەسىپ تەكرارلاش قاتارلىقلارغا مەخسۇس كىشى مەسئۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئۆگىنىشنى بىر تۇتاش پىلانلىق ئېلىپ باردۇق. بۇ جەرياندا ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىدىكى يولداشلارنىڭ مۇستەقىل كۈرەش قىلىشىغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن (مەجبۇرى بولۇۋېتىلگەن) تەشكىلى جەھەتتە 7 يولداشنى مەخسۇس مەسئۇل قىلغاندىن تاشقىرى، ۋاقىت چىقىرىپ، مەخسۇس تەربىيە، يەنى كۈرەش تاكتىكىسى، رەھبەرلىك ئۇسۇلى، مەيدان، ۋىژدان، مەخپىيەتلىك خىزمىتى (ئالاقىلىشىشنى ئوز ئىچىگە

ئالىدۇ) توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ باردۇق. 8 ـ ئايدىن كېيىن، كۆرەش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن بارلىق مەنپەئەتلىرىمىز (كۆندۈزى كامېرلارنىڭ ئىشىگىنى ئوچۇق قويۇش، گېزىت كورۇش، سىرتقا كېسەل كورۇنگىلى بېرىش) نى قارشى تەرەپ ئەمەلدىن قالدۇردى ھەمدە بارلىق كىتاپلارنى مۇسادىرە قىلىپ، يېڭىۋاشتىن قاتتىق قامال ۋە نازارەت قىلدى. مەيلى قانداق قىلمىسۇن كامېرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ھەرگىزمۇ ئۈزۈپ قويمىدۇق، پەقەت كەڭ تۈردىكى كوللىكتىپ ئۆگىنىشنى ئورۇنلار بويىچە كوللىكتىپ مۇھاكىمە قىلىشقا ئۆزگەرتتۇق. ھەر قايسى كامېرلار دائىم مۇھاكىمە سوھبەت ئېلىپ بارغاندىن باشقا (ئېقىم مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئايرىم كامېرلار يەنە دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ئۈستىدە لېكسىيە سوزلەشنى ئېلىپ باردى. (سوزلەپ بولغاندىن كېيىن يېزىپ چىقىپ، كامېرلارنىڭ كورۇشىگە بەردى)، سىياسى ئۆگىنىش جەھەتتە دائىم سوھبەت يۈرگۈزۈپ سىياسى كېڭەش قارارى، شەرقىي شىمال مەسىلىسى ئۈستىدە كوپ قېتىم مۇزاكىرە ئېلىپ باردى ھەمدە خۇلاسە چىقاردى، مەدەنىيەت ئۆگىنىشىنى ئۈزۈپ قويمىدى. تۈرمىدىن داۋالانغىلى بارىدىغان يولداشلار ناھايىتى ئاكتىپ ئۆگەندى. بولۇپمۇ ئېقىم مەسىلىلىرىنى ئاكتىپ مۇھاكىمە قىلدى. كوپچىلىكنى نۇرغۇن ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى.

تۈرمىدىكى 4 يىللىق ئۆگىنىشتە ھەقىقەتەن ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھەر بىر يولداشنىڭ نەزەرىيە، سىياسى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى زور دەرىجىدە يۇقۇرى كوتۈرۈپ، ھەر بىر يولداشنىڭ كېيىن داۋاملىق تۈردە ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئاساس سالدۇق.



## يەنئەنگە قايتىش جەريانى

شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ تۈرمىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ بىزنى كوزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، تۈرمىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتى. تاماقنى ياخشىلىدى ھەمدە "سىياسى جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بېرىش" نى جاكالىغانلىقىنى ئېيتتى، بۇ رەسمى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تەشكىلدىن ئۆگىنىشنى توختىتىپ بەدەن چېنىقتۇرۇشنى كۈچەيتىش، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇزۇن سەپەرگە تەييارلىق كورۇشنى قارار قىلدى. ئېغىر كېسەللەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ھەر كۈنى يېنىك تەنھەركەت قىلىپ، ئەتىگەندە، كەچتە ئىككى سائەت مېڭىپ بەردۇق. تەشكىل ياردەم قىلغان پۇلنى تاماقنى ياخشىلاشقا ئىشلەتتۇق، كېسەللەرگە يېرىم قاچا سۈت قوشۇپ بەردۇق، بۇنىڭدىن باشقا، نەرسە ـ كېرەكلەرنى سېتىپ ھەر بىر كىشىنىڭ ئوزۇقلىنىشىنى كۈچەيتتۇق. قىسقىغىنە 20 نەچچە كۈن ئىچىدە، سالامەتلىكىمىز ئومۇمەن تۈرمىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ قويۇلغان چاغدىكىگە قارىغاندا كوپ ياخشىلاندى.

يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، جاڭ جىجۇڭغا تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى قويدۇق:

1 ـ دەرھال ئەركىنلىكىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەمدە گېزىتتە ئېلان قىلىش؛

2 ـ ئىجتىمائى قۇتقۇزۇش قورۇسىدىكى ۋە ھەر قايسى تۈرمىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە جەم قىلىش؛

3 ـ يول ئۈستىدە دىققەت قىلىنىدىغان ئىشلار توغرىسىدا جاڭ جىجۇڭ، ماۋجۇشى ۋە يولداش جۇئېنلەيگە تېلېگىرامما يوللاش؛

4 - ئۈرۈمچىدە بىر ئاي ياكى ئىككى ئاي دەم ئېلىش (بىر تەرەپتىن سالامەتلىكىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆزىتىش)؛

5 - يەنئەنگە قايتقاندا يول ئۈستىدە بىخەتەرلىكىمىزگە ۋە توسقۇنلۇققا ئۇچرىماسلىقىمىزغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جاڭ جۇجۇڭ بىزگە ئادەم قوشۇش؛

6 - يېتەرلىك ئاپتوموبىل (8 دىن 10 غىچە) بېرىش؛

7 - يېتەرلىك دورا تەييارلاپ بېرىش؛

8 - كېسەللەر، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ تامىقىغا دىققەت قىلىش؛

9 - ھەر بىر كىشىگە × × خىراجەت بېرىش.

بۇ تەلەپلەر ئۈستىدە جاڭ جۇجۇڭ 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ۋەكىللىرىمىز (ياڭ زىخۇا، جى گوشىڭ، مى جالۇڭ، جاڭ فىڭيىن، لى يۈنياڭ، دۇلې) غا ئايرىم - ئايرىم ھالدا جاۋاپ بەردى ھەمدە 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى يولغا چىقىش قارار قىلىندى.

مولچەرلىشىمىزچە بىزنى قويۇپ بېرىش شۇ چاغدىكى ئەھۋالدا تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئىچكى سىياسى ۋەزىيەت تازا ئوچۇق ئەمەس ئىدى. شەرقىي شىمال، شىمالى جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا جۇڭگودا ھەربى توقۇنۇش ناھايىتى جىددى بولغانلىقتىن، يول ئۈستىدە بىزنى توساپ قويۇش ئېھتىماللى بار ئىدى. مەسئۇل يولداشلار شۇ چاغدىكى سىياسى ئەھۋال توغرىسىدا دوكلات بەردى. روھى جەھەتتىن تەييارلىق كوردۇق ھەمدە تۈرلۈك ئىنتىزامنى، ئەگەر كۈتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بەرسە، ھودۇقۇپ كەتمەسلىكنى بەلگىلىدۇق.

مېيىپلار، قېرىلار، تېنى ئاجىزلار، كېسەللەر ۋە ئاياللار، بالىلارغا ياردەم قىلىش ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، بەلگىلەنگەن ئاپتوموبىل (7 ئاپتوموبىل) بويىچە ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردۇق. ھەر بىر ئاپتوموبىلدا بىر مەسئۇل يولداش بولۇپ، يول ئۈستىدىكى ئىچكى - تاشقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى باشقۇردى. قارشى تەرەپ ھەر بىر ئاپتوموبىلغا بىر فۇگۇەن، 5 مۇھاپىزەتچى ئەسكەر قوشۇپ قويدى، بىر باش مەسئۇل (غەربى شىمال مەمۇرى مەھكىمە قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ليۇ ياجې)، بىر ھەربى دوختۇر، بىر ھەربى تەمىنات ئەمەلدارى ۋە بىر پەي مۇھاپىزەتچى ئەسكەر بىر ئاپتوموبىل بىلەن بىزنى قوغداپ ماڭدى.

يولغا چىقىش ئالدىدا، تەشكىل بىزگە مۇنۇ يوليورۇقلارنى بەردى: يەنئەنگە قايتىش يولىدا بىخەتەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاۋارىچىلىقتىن ساقلىنىش، ئۆزىمىزگە ئورۇنسىز چاتاق تېپىۋېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىرىنچى، ئىشپىيونلاردىن ھوشيار بولۇپ، ئارىمىزدىكى مەسئۇللارنى ئىمكان قەدەر يوشۇرۇش؛ ئىككىنچى، قارشى تەرەپنىڭ ئورۇنسىز ئۇقۇشماسلىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن يول ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماسلىق؛ ئۈچىنچى، بىزنى قوغداپ ماڭغۇچى خادىملار بىلەن تۇرمۇش ئۈستىدىلا پاراڭلىشىش، سىياسى مەسىلە ئۈستىدە پاراڭلاشماسلىق؛ تۆتىنچى، يول ئۈستىدە بۇيرۇققا، قوماندىغا بويسۇنۇش، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش؛ ئاپتوموبىلدا ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق روھىنى يۈكسەك دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش؛ بەشىنچى، ھەر بىر ئاپتوموبىلدىكى مەسئۇللار (قارشى تەرەپ گۇرۇپپا باشلىقى دەيتتى) يول ئۈستىدىكى مەسىلىلەرگە مەسئۇل بولۇش، بۇنىڭدىن باشقا قارشى تەرەپ ۋە تەشكىل بىلەن ئالاقە قىلىش ئۈچۈن سىرتقا قارىتا بىر

# كۆك ئاسماندىكى قىزىل قەلب

(چېن شۈك ئاغزاكى بايان قىلغان)

پارتىيىمىز بۇرۇنلا ئىگىزدە تۇرۇپ، يىراقنى كۆرۈپ، ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى. بىرىنچى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ۋاڭ بەي، چاڭ جىكۇن قاتارلىق يولداشلارنى، 1934 - يىلى لىيۇ فىڭ قاتارلىق 7 يولداشنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاۋىئاتسىيە تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بىر قىسىم قىزىل ئارمىيە كادىرلىرىنى ئاجرىتىپ شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىدە تېخنىكا ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى.

1936 - يىلى 2 -، 4 - يونۇلۇش ئارمىيىسى بىرلەشكەندىن كېيىن، يەنە ئىككىنچى قېتىم شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، گەنسۇنىڭ خۆينىڭ دىگەن يېرىدە بىرىنچى يونۇلۇش ئارمىيىسى بىلەن بىرلەشكەن ئىدى. لېكىن بۇ چاغدا جاڭ گوتاۋ قارا نىيىتىدىن يانماي داۋاملىق بۆلۈنۈش قەستىدە نىڭشا ئۇرۇشى پىلانىنى ئىجرا قىلىشنى بانا قىلىپ، مەركىزىي كومىتېتقا تۆيدۇرماي "خېشى بازىسى قۇرۇش"، "خەلقارا رايونىنى ئېچىش" شۇئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن 4 - يونۇلۇش ئارمىيىسىگە غەربىي يونۇلۇش قوشۇنى تەش-



كىللەپ غەرپتە خۇاڭخېدىن ئۆتۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بىر قىسىم قوشۇن ئۆتۈپ بولغاندا، قوغلاپ كەلگەن خۇزۇڭنەن قوشۇنى ئېغىزنى تىزگىنلىۋالدى. نەتىجىدە غەرپكە يۈرۈش قىلغان قوشۇن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ توساپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى. ئۇرۇش ناھايىتى دەھشەتلىك بولدى. قوشۇنىمىز گەرچە قەھرىمانلىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، قېپقالغان يەتتە - سەككىز يۈز ئادەم شىنجاڭغا چېكىندۇق، بۇ ئېچىنىشلىق كۆرەش مۇساپىسى پۈرسەتپەرەست جاڭ گوتاۋ لۇشيەنىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل بەربات بولغانلىقىنى جاكالىدى.

بىز شىنجاڭغا يېتىپ كېلىشىمىز بىلەنلا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش چېن يۈن بىلەن يولداش تىڭ دەيىۋەننى ئالدىمىزغا ئەۋەتتى، ئۇلار شىنجاڭغا بىزدىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەن ئىدى، ئۇلارنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى موسكۋادىن شىنجاڭغا كېلىپ غەرپكە يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنى ئېلىپ كېتىشكە ئەۋەتكەن ئىدى، ئۇلار 5 كىشى ئىدى، يولداش چېن يۈن، تىڭ دەيىۋەنلەردىن باشقا، دۇەن زىجۈن، فىڭ شۈەن ۋە لى پامىلىلىك 3 نەپەر خىزمەتچى يولداشلارمۇ بار ئىدى. شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دەسلەپتە بىزنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتمەكچى بولغان ئىدى. كېيىن ياپون قاراقچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ ئۇيۇشتۇرۇلغاندا، پارتىيە بىزنىڭ شىنجاڭدا قېلىپ ئۆگىنىشىمىزنى قارار قىلدى. شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دۇبەنى شېڭ شىسەي يەرلىك مىلىتارىست بولۇپ، ئۆزىنىڭ كۈچ - تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، سىياسىي جەھەتتە پۈرسەتپەرەسلىك

قىلىپ ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش سىياسىتىنى قوللىغان ھەمدە پارتىيىمىز بىلەن بىرلىكسەپ قۇرغان ئىدى، پارتىيىمىز بۇ چاغدا يولداش چېن يۈننى بىرىنچى قېتىم پارتىيە ۋەكىلى قىلىپ ئەۋەتكەن.

## يېڭى ۋەزىپە

يەتتە ـ سەككىز يۈز ئادەم شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن سىرتقا قارىتا يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى دەپ ئاتىدى. لى شيەنيەن، چېڭ شىسەي، لى زورەن قاتارلىق يولداشلار مەسئۇل بولدى، يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرىنىڭ قارمىقىدا كادىرلار ئەترىتىدىن باشقا يەنە تۆت ئەترەت قۇرۇلدى، 1 ـ ، 2 ـ چوڭ ئەترەت ئاپتوموبىل ھەيدەشنى ئۆگەندى، 3 ـ ئەترەتنىڭ بىر روتىسى بىرونېۋىك ھەيدەشنى ئۆگەندى، قالغانلار پىلىموت ئېتىشنى ئۆگەندى 4 ـ چوڭ ئەترەت توپ ئېتىشنى ئۆگەندى. 1937 ـ يىلى قىشتا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىر قىسىم كىشىنى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى، يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرىدىن ئاجراتقان 25 كىشى يەنئەندىن كەلگەن 18 كىشى جەمئى 43 كىشى بولۇپ ئىككى سىنىپقا بۆلۈندۇق. بىر سىنىپ ئۇچقۇچىلىقنى، يەنە بىر سىنىپ ئاۋىئاتسىيە تېخنىكىسىنى ئۆگەندى. يولداش لېي لىپىڭ ئۇچقۇچىلىق سىنىپىنىڭ باشلىقى بولدى، يولداش يەن جىنچۇ تېخنىكا سىنىپىنىڭ باشلىقى ئىدى. يولداش يەن جىنچۇ يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن ، يولداش جوجاۋخۇا سىنىپ باشلىقى بولدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى 25 مىڭ يولۇق مۇساپىنى ئۇز



بېشىدىن كەچۈرگەنلەر ئىدى. ئۇ چاغدا ياش، تېنى ساغلاملار تاللانغان ئىدى. بىرمۇنچە ئوقۇغۇچىلار يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ئىدى. مەسىلەن، 30 ـ جۈن مۇھاپىزەت بولۇمىنىڭ باشلىقى يولداش لى ۋاڭخۇا، 4 ـ يونۇلۇش ئارمىيىسى ئۇرۇش قىلىش بولۇمىنىڭ باشلىقى يولداش لېي لىپىڭ قاتارلىقلارمۇ ئوقۇغۇچى ئىدى.

بىزنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىمىز ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. مەن ئەسلىدە بىرونېۋىك ھەيدەشنى ئۆگىنىشكە بارغان ئىدىم، يولداش لى زورەن مېنى چاقىرىپ، ئاۋىئاتسىيە تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشىمىزنى تاپشۇردى. مەن ئاۋىئاتسىيە تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئاسترونومىيىلىك ماتېماتىكا نەزىرىيىسىنى بىلىشىم كېرەك، سەۋىيەم تۆۋەن، بارمىسام دەپ تۇرۇۋالدىم. يولداش لى زورەن كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇچقۇچىلىقنى ئۆگىنىپ ئايروپىلان ھەيدەپ جەڭگە قاتناشسىڭىز نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى. تېخنىكا ئۆگىنىپ مېخانىك بولۇپ، ئاسراش تېخنىكىسىنى ئىگەللەپ، جەڭگە قاتنىشىدىغان ئايروپىلانلارنى ئاسرىسىڭىز بومۇ ياخشىمۇ؟ دېدى. ئۇ يەنە ئۆزىمىزدە ئايروپىلان بولمىغاچقا ، جەڭدە كۆپ قىيىنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقىمىزنى كۆرۈۋاتىسىزغۇ؟ دېدى، بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر كوممۇنىستنىڭ ۋە قىزىل ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى مەندىكى قىيىنچىلىقتىن قورقۇش روھى ھالىتىنى يەڭدى . شۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت ئۆگىنىش جىددىي ئېلىپ بېرىشقا بەل باغلىدىم.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يىراقنى كۆزلەپ، شۇ چاغدىكى بارلىق شەرت ـ شارائىتتىن پايدىلىنىپ كادىر

يېتىشتۈردى، پارتىيە ۋەكىلى بۇنى يېقىندىن قۇرۇلغان لاگېرنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسى قىلىپ، ھەربىر كىشىدىن بىر تۈرلۈك تېخنىكا ئۆگىنىۋېلىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. سالامەتلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەندىن كېيىن، 1938 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىگە كېلىپ ئىككى سىنىپقا بولۇندۇق. سىنىپقا بولگەندە يولداش دۇەن زىجۇن بىلەن يولداش فىڭ شۈەن بىز بىلەن ئايرىم سۆزلىشىپ چىكىر ئالدى. يولداش دۇەن زىجۇن مەندىن، سىز نېمىنى ئۆگىنەي دەۋاتىسىز؟ دەپ سورىدى، مەن كۆڭلۈمدە مەدىنىيەت سەۋىيەم تۆۋەن، قايسى ئاسان بولسا شۇنى ئۆگىنەي دەپ ئويلىغان ئىدىم، ئۇ چاغدا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇچقۇچىلىقنى ئۆگىنىشنى ئويلايتتى، مەن تەشكىلنىڭ تەخسىماتىغا بويسۇناي، دەپ يولداش دۇەنزىجۇنگە، نېمىنى ئۆگىنىشكە تەقسىم قىلسا شۇنى ئۆگىنەي، دېدىم. شۇنداق قىلىپ، ماشىنا ئاسراشنى ئۆگەندىم، لىن بياۋ، "4 كىشىلىك گۇرۇھ" مېنى تەكشۈرگەندە، "نېمە ئۈچۈن ئۇچقۇچىلىقنى ئۆگەنمىدىڭ، ئۆلۈمدىن قورقتۇڭمۇ؟" دەپ سورىدى، بۇ نېمە دېگەن كۈلكىلىك گەپ، ئۇلار بىز كوممۇنىستلارنىڭ پارتىيىنىڭ تەقسىماتىغا بويسۇنىدىغانلىقىمىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان. مەن ئەينى يىللارنى ئويلىسام، ئۇ چاغلاردا تەشكىلگە بويسۇنۇش، پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا بويسۇنۇشنى ئوبدان بىلەتتۇق. بۇ دەل بىزنىڭ كۆرمىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىمىزنىڭ كۈچ مەنبەئى ئىدى.

1939 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، بىزنىڭ سىنىپ ئوقۇش پۈتتۈردى، ئۇچقۇچىلىق سىنىپى تېخى ئوقۇش پۈتتۈرمىگەن ئىدى، تېخنىكا سىنىپى ئوقۇش تۈگەتسە ئۇلارغا ئىش بار ئىدى،



ئۇچقۇچىلار ئوقۇش تۈگەتسە، شىڭ شىسەي ئۇلارنىڭ ئۇچىشىغا يول قويمايتتى. ئۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇلۇغ ماركسىزمچى يولداش ستالىننىڭ رەھبەرلىكىدە دۇنيا خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋى كۈرىشىنى قوللايتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئوقۇتقۇچىلىرى بىزنى قوللايتتى. شۇڭا ئۇلار ئۇچقۇچىلىق سىنىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈشىگە قوشۇلمىدى. بۇنداق قىلغاندا، ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىدە كۆپرەك ئۇچقۇچىلىق بىلىمىنى ئۆگىنىش مۇمكىنچىلىكى بولدى. تېخنىكا سىنىپى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىدە مېخانىك بولدۇق.

## پارتىيىنىڭ تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماسلىق

ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىدە ئۆگەنگەندە ئوتتۇلىدىغان دەرسلەر بىر قەدەر تولۇق ئىدى. ئۇچقۇچىلىق سىنىپىدا، ئۇچقۇچىلىق دەرسىنى ئۆگەندىن تاشقىرى يول باشلىغۇچى ۋە ئاتقۇچىلىق دەرسلىرىنىمۇ ئۆگىتەتتى. تېخنىكا سىنىپى ئايروپىلان، موتور قائىدىسى، تۈزۈلۈشى ۋە مەشغۇلات تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەندىن تاشقىرى خەۋەرلىشىش، يول باشلاش، ئېتىش، بومبا تۇتۇش، رەسىمگە ئېلىش قاتارلىق دەرسلەرنى، يەنە ياغاچچىلىق، كەپشەرلەش ۋە باشقا ئاساسى بىلىملەرنىمۇ ئۆگەنتى. بىز گەرچە بەزى نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن بولساقمۇ، لېكىن بۇلارنى ئۆگىنىش ناھايىتى قىيىنغا چۈشتى. شىڭ شىسەي كورۇنۇشتە بىز بىلەن ھەمكارلىشىدىغاندەك كورۇنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىزنى ھەر تەرەپتىن چەكلىدى. ئۈچ ئىشقا، يەنى كوممۇنىزىمنى تەشۋىق قىلىشقا، يەرلىك تەشكىلاتنى كېڭەيتىشىمىزگە، سالاھىيىتىمىزنى ئاشكارىلاشقا يول قويمىدى. پارتىيىمىز ھەركەت قىلىشتا ناھايىتى قىيىنالدى.

پەقەت پارتىيە ۋەكىلى تۇرغان يەر (سىرتقا قارىتا مېھمانخانا) گە بېرىپ مەجلىس ئاچالىدۇق.

ئۆگىنىش شارائىتىمىزمۇ ناھايىتى قىيىن ئىدى. كانىسپىلك بولمىغاچقا، دەرسنى ئۆزىمىز خاتىرىلەشكە تايىنىدۇق. مەدەنىيەت سەۋىيىمىز تۆۋەن بولغاچقا، دەرستىن كېيىن، خاتىرىنى ئۆز ئارا كۆرۈپ 4 ـ 5 قېتىم سېلىشتۇرۇپ ئاندىن رەتلەپ چىقاتتۇق. موتور توغرىسىدا دەرس ئۆتكەندە سىلىغلاش ماي يولىنى خاتىرىلەپ ئالالمىدۇق. دەرستىن كېيىن، ئامال ئىزدەپ بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ، بىر بېشىدىن پۈۋدەپ، يەنە بىر بېشىدىن ئىس چىقاردۇق، مۇشۇ چارە بىلەن ماي يولىنىڭ ئىشلەش ئەھۋالىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئالدۇق.

بىر قېتىم بىر ئورتا ئەترەت باشلىقى بىزگە دەرس بەرگىلى كېلىپ، يوقلىما قىلغاندا مەندىن "سەن قانچىلىك ئوقۇغان؟" دەپ سورىدى، مەن "ئوقۇمىغان" دەپ جاۋاپ بەرسەم، بۇ ئەبلەخ بوزنى تاشلىۋېتىپ، دەرس ئۆتمەي كېتىپ قالدى، كېتىۋېتىپ ئاغزىنى بۇزۇپ "ئوقۇمىغان ئادەم ئاۋىئاتسىيە تېخنىكىسى ئۆگىنەرمىش، بۇ ئىشەك قولىغا غىجەك چالغانلىق" دېدى. بىزنىڭ سىنىپتىكى يولداشلار ناھايىتى نارازى بولۇپ، شۇ چاغدىكى پارتىيە ۋەكىلى يولداش دىڭ فاغا بېرىپ، بۇنداق سېسىق گەپنى ئاڭلىمايمىز، ئوقۇمايمىز، دېدۇق. يولداش دىڭ فا بىزگە سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەپ "ئۇ (ئورتا ئەترەت باشلىقىنى دېمەكچى) كوممۇنىست ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسۇن، بىز ئاساسلىقى تېخنىكا ئۆگەنگىلى كەلدۇق، كەلگۈسىدە ئۆزىمىزنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىنى قۇرىمىز. ئەگەر ھاۋا ئارمىيىسى



قۇرمىساق، ئۇرۇشتا زىيان تارتىمىز" دېدى. يولداش دىڭ فا بىزگە "ھەمكارلىق گۇرۇپپا قۇرۇڭلار، دەرس تەكرارلىغاندا ئۆزەڭلار ئۆگىنىڭلار" دېدى ھەمدە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قانداق قىلغاندا ياخشى ئۆگەنگىلى بولىدىغانلىقىنى مۇزاكىرە قىلىپ كۆرۈشنى تاپشۇردى. پارتىيە ۋەكىلىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، مەجلىس ئېچىپ مۇزاكىرە قىلىپ، ھەر بىر سىنىپ بىرقانچە ھەمكارلىق گۇرۇپپا قۇرۇپ، ھەر كۈنلۈك دەرسنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشنى قارار قىلدۇق. يولداشلار دەرسخانىغا دەرس تەكرارلاشقا بارسا، ئۇلار دەرسخانىنى قۇلۇپلاپ قويىدى، ئامالسىز خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ تالاغا چىقىپ دەرەخ ئاستىدا مۇزاكىرە قىلدۇق ۋە ھەمكارلاشتۇق. تەتىل قويۇپ بەرگەندە، باشقا ئوقۇغۇچىلار كېتىشتى، بىز پارتىيە ۋەكىلى تۇرغان يەرگە بېرىپ، خاتىرە كۆچۈرۈپ، دەرس تەكرارلاپ، ئۆز ئارا ئۆگەتتۇق. پارتىيە رەھبەرلىكىدە، كوللېكتىپنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىمىز جاپاغا چىداپ ئۆگىنىپ، خېلى زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىدۇق. ئاۋىئاتسىيە ئەترىتى بىرىنچى قېتىم ئىمتىھان ئالغاندا، بىزنىڭ نەتىجىمىز شىنسەي ئۆزى يېتىشتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسىدىن ئەلا بولۇپ چىقتى. ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، ياخشى ئۆگەنمىگەنلىكتىن نەتىجىسى بىزنىڭكىگە يەتمىدى! ئىمتىھان ئېغىز ئىمتىھانى ئىدى. ئادەتتە ھەتتا ئايروپىلان ۋە موتورنىڭ ئاساسىي سان ـ سىفىرلىرىنى يادلاپ بېرەلەيتتۇق. لېكىن شىنسەي ئىگىلىۋالغان ئىمتىھان ئېلىش ھەيئىتى نەتىجىنىڭ بۇنداق بولۇشىغا قانداقمۇ يول قويسۇن؟ ئۇلار قايتىدىن نومۇر قويۇپ ئۆزلىرىنىڭ

ئوقۇغۇچىلىرىنى بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتكۈزدى. بىز بۇنىڭغا ناھايىتى نارازى بولدۇق. پارتىيە ۋەكىلى بىزگە: بىز نومۇر ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاۋىئاتسىيە تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ ئىگەللەش ئۈچۈن كەلگەن، ئۇنى تاللاشماسلىق كېرەك، دېدى.

بىز ئۆگىنىشنى پارتىيىنىڭ تاپشۇرۇقى، پارتىيىنىڭ بىزگە تاپشۇرغان ۋەزىپىسى دەپ بىلىپ، جەڭگىۋار ۋەزىپە قاتارىدا ئورۇنلىدۇق. باشقىلار ئەجەپلىنىپ، بۇلار نېمە ئۈچۈن دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ دەم ئالمايدۇ، بۇلارنى قوغلاپمۇ چىقىرىۋېتەلمەيمىز؟ دېدى. بىز ئاساسەن پارتىيىنىڭ تاپشۇرۇغىنى يەردە قويماي ھەر قانچە قىيىنچىلىققا يولۇقسامۇ، ئۇنى چوقۇم يېڭىپ كېتىمىز دەپ ئويلىدۇق. ئارىمىزدا بىرلا كىشى چۈشۈنەلىسە ھەممىمىز چۈشىنىۋالاتتۇق. ئاۋىئاتسىيە ئەترىتى گەرچە بىزنىڭ بىرىنچى بولۇشىمىزغا يول قويمىسىمۇ لېكىن ئۇلار بىزگە ئىنتايىن قايىل بولدى.

تېخنىكا سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىگە تەقسىم قىلىندۇق. ھەربىر ئايروپىلاندا ئىككى مېخانىك بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى شىڭ شىسەيىنىڭ ئادىمى، بىرى بىزنىڭ ئادىمىمىز ئىدى. نامدا ئۇلار ئاساسلىق ئىدى، ئەمەلىيەتتە ئاساسىي ئىشىنىڭ تولىسىنى بىز قىلاتتۇق. بىزنىڭ خىزمەت ئىقتىدارىمىز ئۇلارنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى. ھەممىمىز ئوپىتسېر بولساقمۇ، تەمىناتىمىز ئوخشىمايتتى. ھەر ئايدا بىزگە ئاران 20 كوي تۇرمۇش خىراجىتى بېرەتتى، ئۇ چاغدا ئۆگىنىشتە پەقەت كەلگۈسىدە ئۆزىمىزنىڭ ئارمىيىسىنى قۇرۇشنى مەخسەت قىلغان ئىدۇق، تېخنىكىنى مۇكەممەل ئىگەللىشىمىز ھاۋا ئۇرۇشىغا كاپالەتلىك



قىلىش ئىدى. كەلگۈسىدە سىلىڭيۈەن، قۇرۇلۇش قىسىملىرىنىڭ باشلىقى ياكى ئىنژېنېر بولۇش ئەمەس ئىدى. 20 كوي تۇرمۇش خىراجىتى قارلىق تاغ، ساسلىق يەردىن ئۆتكەن چاغدىكىگە قارىغاندا كۆپ ياخشى ئىدى.

1939 ـ يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇرۇن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئاۋىئاتسىيە تېخنىكىسى ئۆگەنگەن ۋاڭ بەي، چاڭ چەنكۇن قاتارلىق يولداشلارنى شىنجاڭغا يوتكىدى ھەمدە شىڭ شىسەي بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇلارنى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىگە ئوقۇتقۇچى قىلماقچى بولدى. بۇنداق بولغاندا كادىرلىرىمىزنى تېخىمۇ ياخشى يېتىشتۈرگىلى بولاتتى. لېكىن شىڭ شىسەي دېگەن مۇناپىق بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمىدى. ئۇلار پارتىيە ۋەكىلى تۇرغان يەردە تۇرۇپ، ھەر ھەپتە دەم ئېلىش كۈنى دەرس تولۇقلىشىمىزغا ياردەم بېرىپ، ئايروپىلان ۋە موتور قائىدىسى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆگەتتى. بۇنىڭ بىزگە ناھايىتى چوڭ ياردىمى بولدى. 1940 ـ يىلى ئاپتوموبىل ھەيدەش ۋە زەمبىرەك ئېتىش تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەن يولداشلارنىڭ ھەممىسى يەنئەنگە قايتتى. ئاۋىئاتسىيە تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋاتقان، داۋالىنىۋاتقان ۋە شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان تەخمىنەن 100 دىن ئارتۇق كىشى قېپقالدۇق. يولداش ۋاڭ بەي، جاڭ چەنكۈنلەرمۇ 1941 ـ يىلى يەنئەنگە قايتىپ كەتتى.

1941 ـ يىلى سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشى باشلىنىپ موسكۋادا ئەھۋال ئېغىرلاشتى. بۇ چاغدا پۇرسەتپەرەست شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسقاتمايدىغان بولدى، دەپ، جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى.

يۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ھەمكارلىقى كىرىزىسقا ئۇچرىدى، شىڭ شىسەي جياڭ جيېشىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، كوممۇنىزىمغا قارشى تۇرۇشنى جىددىلەشتۈرۈپ، 1942 - يىلى 6 - ئايدا بىزنى ئاۋئاتسىيە ئەترىتىدىن ئايرىلىشقا قىستىدى، 9 - ئايدا شىنجاڭدىكى بارلىق يولداشلارنى قولغا ئالدى. ئۇ چاغدا پارتىيە ۋەكىلى يولداش چېن تەنچيۇ ئىدى؛ يولداش چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇلار قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، تۈرمىدە باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، دۈشمەنگە قەتئىي باش ئەگمىدى، 1943 - يىلى ياۋۇز شىڭ شىسەي ئۇلارنى ئۆلتۈردى، ئۇلارنىڭ كوممۇنىستلارغا خاس شانلىق ئوبرازى ۋە ئىنقىلاۋى پەزىلىتى بىزنىڭ مەڭگۈ ئۈگىنىش ئۈلگىمىز.

## «ئانا» قويىنغا قايتىش

1945 - يىلى 8 - ئايدا ماۋجۇشى جۇزۇڭلىنىڭ ھەمراھلىقىدا چۇڭچىڭغا تەنپەنگە باردى، ماۋجۇشى ۋە جۇزۇڭلىنىڭ قۇتقۇزۇشى ئارقىسىدا، 1946 - يىلى 6 - ئايدا، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ئۇرۇش توختىتىش تەنپەنى بولىۋاتقان مەزگىلدە، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بىزنى قويۇپ بەردى. ھەممە ئاپتوموبىل بىلەن قوراللىق خادىم قوشۇپ يولغا سالدى. 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا يەنئەنگە يېتىپ باردۇق.

بىز يەنئەنگە يېتىپ بارغاندا، باش قوماندان جۇدې ۋە مەركىزىي كومىتېتتىكى باشقا باشلىقلار چىلىپوغا ئالدىمىزغا



كەلدى، خۇددى ئانا قويىنغا قايتىپ كەلگەندەك بولۇپ، كۆزىمىزدىن تارام - تارام ياش ئاقتى، باش قوماندان جۇدې ۋە مەركىزىي كومىتېتتىكى باشقا باشلىقلارنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتۇق، ماۋجۇشى بىزنى 3 قېتىم قوبۇل قىلدى، مەركىزىي كومىتېت زالىدا قارشى ئېلىش يىغىنى ئېچىلىپ، بىز بىلەن بىرگە سەنئەت نومۇرلىرى كۆردى. پېشقەدەم لىن بوچۈي چىگرا رايون ھۆكۈمىتى زالىدا شىنجاڭدىن قايتىپ بارغان يولداشلارغا زىياپەت بەردى، تۈرمىدە 3 يىلدىن ئارتۇق تۇرمۇش كوچۇرگەندىن كېيىن، پارتىيە قويىنغا قايتىپ كېلىپ ھەر بىر يولداش پارتىيىنىڭ مېھرىۋان ئانىدەك غەمخورلۇقىغا ئېرىشتۇق. باش قوماندان جۇدې مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىۋىدە قوبۇل قىلىپ، بىز بىلەن سەمىمىي سۆزلۇشۈپ، قانچىلىك كىشىنىڭ ئۇچقۇچىلىق ئۈگەنگەنلىكىنى، قانچىلىك كىشىنىڭ ئاۋئاتسىيە تېخنىكىسى ئۈگەنگەنلىكىنى سوراپ، "سىلەرنىڭ قايتىپ كەلگىنىڭلار ياخشى بولدى! ياپون قاراقچىلىرى تەسلىم بولغاندىن كېيىن، شەرقىي شىمالدا ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئايروپىلانىنى ئۇتكۇزىۋالدۇق، چاڭ چەنكۈن، ۋاڭ بەيلەر ئۇ يەردە ئاۋئاتسىيە مەكتىۋى قۇردى، (دۈكئەن ئاۋئاتسىيە مەكتىۋىنى دىمەكچى). سىلەر ھاردۇقۇڭلارنى چىقارغاندىن كېيىن، شەرقىي شىمال ئاۋئاتسىيە مەكتىۋىگە بېرىڭلار" دىدى.

بىز يەنئەنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىۋىنىڭ ئىككىنچى بولۇمىدە تۇردۇق. ئۇ چاغدا يەنئەندىكى تۇرمۇش ناھايىتى جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىزگە خۇددى ئۆز يۇرتىدىن ئاي-

رىلغان مۇساپىرلارغا قىلغان مۇئامىلىدەك غەمخورلۇق قىلىپ، تۇرمۇشىمىزغا ئالاھىدە ئېتىبار بەردى، قارا ئاشلىق بەرمىدى، تامىقىمىز شۇ چاغدىكى كىچىك ئاشخانا تامىقىدىنمۇ كۆپ ياخشى بولدى.

بىز شەرقىي شىمالغا يۈرۈش ئالدىدا، باش قوماندان جۇدې بىزنى ئۆيىگە تاماققا تەكلىپ قىلدى، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەيمۇ قاتناشتى. باش قوماندان جۇدې چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن: "كوپىرەك بىر مەزگىل دەم ئالساڭلار بولاتتى، لېكىن ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن، تېزراق شەرقىي شىمالغا بېرىپ، ئاۋىئاتسىيە قوشۇنى تەشكىل قىلىپ ئازاتلىق ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك" دېدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقى بىزنى ھاياجانلاندۇردى، بىز سادىق قەلبىمىزنى كۆك ئاسمانغا بېغىشلىدۇق.

## قەلبىمىزنى كۆك ئاسمانغا بېغىشلاش

1946 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاۋىئاتسىيە ئەترىتى تەشكىل قىلىندۇق. يولداش فاڭ زىيى ئەترەت باشلىقى، يولداش لى فاڭخۋا مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى، يولداش يەن جېنچۇ سىياسىي كومىسسار بولدى.

1946 ـ يىلى ھەقىقەتكە قايتقان ليۇ شەنبىن، جاڭ شۈيى، تاڭ شىياۋ قاتارلىق يولداشلارمۇ بىرگە يولغا چىقتى.

مەركىزىي كومىتېت ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، يول ئۈستىدە بىزنى قوغداشقا ئادەم قوشتى. بىز سەنشىدىكى



مۇھاسىرە لىنىيىسىدىن ئۆتكەندە، پارتىيە قوشۇن ئەۋەتىپ بىزنى قوغدىدى، يەنتەيگە يېتىپ بېرىپ دېڭىزدىن ئۆتىدىغان چاغدا، شەرقىي سەندۇڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى يولداش شۈي شىيۇ بىزنى قوبۇل قىلىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەمدە تۇرمۇش ياردەم پۇلى بەردى. بىز دېڭىز بىلەن دالىيەنگە قاراپ ماڭغاندا، يولداش شۈي شىيۇ 4 دانە كېمە بىر لىيەن ئادەم قوشۇپ قوغدىدى ھەمدە "ئەگەر دۈشمەننىڭ ھەربىي پاراخودى يولۇققان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم" دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. بىز دالىيەنگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، كېمە بىلەن چاۋشەنگە بېرىپ، ئۇ يەردىن پويىزغا ئالمىشىپ، تۈمەنجاڭ دەرياسى ئارقىلىق، شەرقىي شىمال ئازات رايونىغا كەلدۇق.

1947 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئاخىرى پارتىيىمىز قۇرغان بىرىنچى ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى بار جاي ـ ئەندۇڭغا يېتىپ باردۇق. شۇندىن ئېتىبارەن رەئىس ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقىدا، خەلقىنىڭ ئۆز ھاۋا ئارمىيىسىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ سەپەرنى باشلىدۇق.

(ماقالىنى 8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرۇش ئورنى خاتىرە بولۇمى تەمىنلىدى)

# خەۋپ ـ خەتەرلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ يەنئەنگە قايتىش

ليۇ ياجي

## كوممۇنىستلارنى شىنجاڭدىن مۇھاپىزەت قىلىپ يەنئەنگە ئاپىرىپ قويۇش جەريانى

سوۋېيوملۇك جوزۇڭلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى نامىدىن، مۇئاۋىن ۋېيۈەنجاڭ جاڭ جۈ جۇڭغا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن شىنجاڭدا قامالغان بىر تۈركۈم كوممۇنىستلارنى قويۇپ بېرىش ۋە ئۇلارنى يەنئەنگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى ھاۋالە قىلىش ئىشى جۇڭگو تارىخىدا خاسىيەتلىك بىر ۋەقە ئىدى. كېيىن مەن ئۇلارنىڭ، بىر تۈركۈم 1937 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دولقۇن كۆتۈرۈلگەن چاغدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونى شىنجاڭدا ۋەزىيەتتىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ ياتقان شىڭ شىسەي بىلەن بىرلىكسەپ ئورنىتىپ، 1938 ـ يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەش ئۈچۈن ئەۋەتكەن كادىرلار ئىكەنلىكىنى بىلدىم، بۇلار ئىچىدە



چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ، مامىڭفاڭ، فاڭ جۈچۈن، جاڭ خەنيى، گاۋدېڭباڭ، جى خې، شې لياڭ، لويۈنجاڭ، فاڭ كۈي، شيۇڭ مىبىڭ، چېن يەن، يۈسۇڭ، لى يۈنياڭ، ۋۇخەيىن، ليۇميەن، ماجۇ، فاڭزىيى، يۈەن پىڭ، چېنچىكې، چېن گۈيىن، شيا بوشۇن، لۈي لىپىڭ، جېن شىڭ، جاڭيى، شې لياڭخوڭ، ۋاڭ شياۋچۈن، لى زۇڭلىن، جاڭ جىڭچۈن، جۇدەنخۇا، يەن يىجىڭ، لى ۋۇرۇ، جاڭ ليەنمۇ، ۋاڭ يۈنشۈي، شىن گۇنەن، چېن ۋېنلۇڭ، ياڭ خەنگۈي، ليۇ خۇبىڭ، قاتارلىقلار بار ئىدى. يۇقۇرىدىكىلەر ئىسمىنى بىلىدىغانلىرىم، بۇ بىر تۈركۈم ئىنقىلاۋى تايانچ كۈچلەر شىنجاڭغا كېلىپ، يېرى كەڭ، بايلىقى مول زېمىندا، ئىقتىسادى، سىياسى، مەدەنىي ـ مائارىپ جەھەتلەردىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشتى. يەنە ئاۋئاتسىيە مەكتىۋىدە كوممۇنىستلارنىڭ بىر تۈركۈم ئاۋئاتسىيە خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى.

1942 ـ يىلى سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە گومىنداڭنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى ئېقىمىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن بولغۇنچى مىلىتارىست شىڭ شىسەي ئۆزىگە يۆلەنچۈك تېپىش ئۈچۈن، جياڭ جېيشىغا تەسلىم بولۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئورناتقان بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتىگە ئاسىيلىق قىلدى. كوممۇنىستلارنى ۋە ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى غالجىرلارچە قولغا ئېلىپ قىرغىن قىلىپ، شىنجاڭنى دوزاققا ئايلاندۇردى.

1945 ـ يىلى 7 ـ ئايدا گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ ئىمزالىغان (20 مادىدىلىق كېلىشىم) كېلىشىمدە گەرچە سىياسى

جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بېرىش ماددىسى بار بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ بۇ كېلىشىمنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتىپ، شىنجاڭدىكى تۈرمىدا ياتقان كوممۇنىستلار بىلەن زادىلا كارى بولمىدى.

1946 - يىلى 3 - ئايدا گېنېرال جاڭ جىجۇڭ، جياڭ جيېشىنىڭ غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولۇپ ئايروپىلان بىلەن چۆچەكتىن شىنجاڭغا ئۇچۇش ئارىسىدا، سۆيۈملۈك جۇزۇڭلى ۋە يولدىشى دېڭ يىڭچاۋ بىلەن گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن، تۈرمىدا قامىلىپ ياتقان كوممۇنىستلارنى يەنئەنگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى ھاۋالە قىلغاندا، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ بۇنىڭغا ماقۇل بولغان ئىدى.

1946 - يىلى مەن شىنجاڭ گارنىزون شىتابىدا قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ھەربىي قاتناش خىزمىتىگە مەسئۇل ئىدىم. 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، بىر كۈنى باش قوماندان تاۋسىيۇي ماڭا: "مۇدىر جاڭ جىجۇڭ تۈرمىدىكى كوممۇنىستلارنى قويۇپ بەرمەكچى، ھەممە ئۇلارنى يەنئەنگە يەتكۈزۈپ قويماقچى بولىۋاتىدۇ، سىز مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىڭىز" دېدى. مەن ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ قانچىلىك ئادەم، قانچىلىك يۈك - تاقى بارلىقىنى، نېمە ماددىي ئەشيا تەييارلايدىغانلىق ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ساقچى باشقارمىسىغا باردىم. مېنى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ليۇ خەندۇڭ بىلەن مۇدىر كاتىپ خوۋۇچيۇ كۈتۈۋالدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسى



ئەمەلىيەتتە ھەربىي سىستېمىدىكى ئىشپىيونلۇق ئورگىنى ئىدى. مەن بۇ ئىشپىيونلارنىڭ ئىككى كاتتىۋېشىغا ئۆزەمنىڭ كېلىش مەقسىتىمنى چۈشەندۈردۈم. ليۇ خەندۇڭ: "پىلان تۈزۈپ نېمە قىلىمىز، ئۇلارنى بىر نەچچە ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭسىلا بولىدۇ" دېدى. مەن دەرھاللا بۇ سۆزدىن، مۇدىر جاڭ جىجۇڭنىڭ كوممۇنىستلارنى قويۇپ بېرىشىگە ئىشپىيونلۇق ئورگىنى قوشۇلمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بارلىقىنى چۈشەندىم. ئەمما مېنىڭ پىلان تۈزۈش ۋەزىپەم بولغاچقا، ئۇلارنىڭ زىددىيىتى بىلەن چاتىقىم بولمىدى. مەن ليۇ خەندۇڭغا: "قاتناش باشقارمىسى ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالدى، پىلان تۈزمەكچى، ئادەم سانى بىلەن قانچىلىك يۈك - تاقى بارلىقىنى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ» دېدىم. خوۋۇچيۇ: "تەخمىنەن 120 - 130 دەك ئادەم بار. شىكىلىمۇ ئاز ئەمەس، چۈنكى بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ ماڭىدىغانلار ناھايىتى كۆپ" دېدى.

پىلان تۈزۈش جەريانىدا مەن بۇرۇنقى ئىشلارنى شۇنىڭدەك بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم، ئەگەر شي جوزەي ماڭا: "ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى يەنئەنگە بارمىسىمۇ ھەممە يەردە ئوخشاش ئىشلىگىلى بولىدۇ" دېگەن بولسا، مەن ئەگەردە ئۆزلىگىمدىن يەنئەنگە بارغان بولسام، بەلكى مەنمۇ شىنجاڭغا خىزمەت ئىشلەشكە كەلگەن بولاتتىم. ئۇنداقتا مەنمۇ مۇشۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر بىلەن بىللە تۈرمىدا ھاياتىمنى ئۆتكۈزگەن بولاتتىم. ئەھۋال مۇنداق بولغان ئىدى: 1939 - يىلى ئەتىيازدا، مەن لەنجۇ ھاۋا ئارمىيىسى قارمىقىدا سىياسىي كومىسسارلىق ۋەزى

پىسىنى ئۇنتۇۋاتقاندا، كوممۇنىزىم جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، جۇڭگودا چوڭ پومىشچىك، چوڭ كاپىتالىستلار يوق، پەقەت چوڭ كەمبەغەل بىلەن كىچىك كەمبەغەللەرلا بار، دېگەنلەر تەشۋىق قىلىنىپ، قانداق قىلغاندا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقازغىلى بولىدۇ دېگەن سۆزلەر تىلغا ئېلىنمايتتى. مەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا يالغان قارشى تۇرۇپ، گۇڭچەنداڭغا راستىن قارشى تۇرىدىغان مۇنداق چىرىك سىياسىي ۋەزىيەتنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئىنتايىن بىئارام بولاتتى. ئۇ چاغدا 8 - ئارمىيىنىڭ لەنجۇدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىدا، شې جوزەي، ۋۇشۇچۈەنلەر مەسئۇل ئىدى. مەن شې جوزەينى ئىزدەپ بېرىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا سۆزلۈشىشنى ھەمدە يەنئەنگە بېرىش ئويۇمنىڭ بارلىقىنى ئېيتماقچى بولدۇم، يولدۇشۇم گاۋشۇچې، قېينانام موبوگۇاڭنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى، قېيناتام گاۋجىنچىڭ بولسا، خېشى كارىدورىدىكى جاڭيېدا دوختۇرخانا ئېچىپ، ئۆزى دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى بولغان ئىدى ۋە قېينانام بولسا، لەنجۇدا ئائىلە تۇغۇت دوختۇرخانىسى ئېچىپ، ئۆزى تۇغۇت ئانىسى بولاتتى. ئۇ چاغدا قېيناتامغا چىڭخەيدىكى باندىت ماخۇڭكۈينىڭ ئەسكەرلىرى يۇشۇرۇن زىيانكەشلىك قىلىپ، تىرىك كۆمۈۋەتتى، چۈنكى قېيناتام بىلەن قېينانام يەر ئاستى خىزمەت خادىملىرىدىن بولۇپ شې جوزەي، ۋۇشۇچۈەنلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىدى ھەم يولداش ۋاڭ دىڭگو بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەت قىلاتتى. شې جوزەينىڭ ئايالى يولداش ۋاڭ دىڭگو تۇنجى بالىسىنى قېينانامنىڭ تۇغۇتخانىسىدا تۇغقاندا، قېينانام ئۆزى ئانا بولغان ئىدى.



مېنىڭ يولدۇشۇم قېينانامنىڭ ئۆيىدە تۇرغاچقا، مەنمۇ ئەلۋەتتە بېرىپ تۇراتتىم.

بىر قېتىم مەن قېينانامنىڭ ئۆيىدە شې جوزەي بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇزۇن ۋاقىت پاراڭلاشتىم. شۇ نۆۋەتتە مەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش مەسىلىسىنى سۆزلەشكەندىن باشقا، ئۆزەمنىڭ يەنئەنگە بېرىش ئويۇمنىڭ بارلىقىنىمۇ ئېيتقان ئىدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن، مەن داۋاملىق تۈردە يولداش ۋاڭ دىڭگو بىلەن ئۇچرىشىپ تۇردۇم، سۆزلۈشۈش جەريانىدا شې جوزەينىڭ يولداش ۋاڭ دىڭگو ئارقىلىق ماڭا بەرگەن ئىنقىلاۋى ئىشلارغا ئالاقىدار تەلىم - تەربىيىلىرىنى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا دائىر سىياسىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولدۇم. مەسىلەن: يولداش ۋاڭ دىڭگو: شې لاۋ سىزگە "ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى يەنئەنگە بارمىسىڭىزمۇ ھەممە يەردە ئوخشاش ئىشلىگىلى بولىدۇ، يەنئەننىڭ ئىشىكى ئوچۇق، ئەگەر يەنئەنگە بارالمىغاندا، ئۆزىڭىزنىڭ خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش بىرلىكسەپ قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرمىساق جۇڭگو مۇنقەرىز بولىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش لازىم، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بۇرچى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىن باشقا يول يوق» دېگەن سۆزلەرنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى ئېيتتى، دېدى.

يولداش ۋاڭ دىڭگو ماڭا يەنە: "ئىنقىلاۋى خىزمەت خەۋپ - خەتەرلىك، جاپا - مۇشەققەتلىك، بۇنىڭدا جۈرئەتلىك ۋە ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇش كېرەك. ئۆزۈڭىز قۇربان بېرىشتىن ساقلىنىش، زورۇر تېپىلغاندا قۇربان بېرىش ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا پايدىلىق، بۇمۇ شەرەپلىك ھىساپلىنىدۇ" دىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن يولداش ۋاڭ دىڭگو بىلەن مەلۇم مۇناسىۋەت باغلىدىم، يولداش ۋاڭ دىڭگو ماڭا ماۋجۇشى ئەسەرلىرىدىن «10 چوڭ پىروگىراما» بەردى. مەن بۇ كىتاپلارنى كۆپ قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. مەن يەنە 8 - ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا بېرىپ، شې جوزەي بىلەن ۋۇشۇچۇەننىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش فاڭجېن - سىياسەتلىرى توغرىسىدا بەرگەن چۈشەنچىلىرىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. ھەربى سېستىمىنىڭ ئىشپىيونلىرى بۇ ئەھۋالنى سېزىپ قېينانامنىڭ تۇغۇت دوختۇرخانىسىنىڭ يېنىدىكى 5 - ئىشىكتە بىر ئىشپىيونلۇق ئورنى قۇرۇپ مەن ۋە يولدۇشۇم گاۋ شۇجيىگە پايلاقچىلىق قىلدى. بىز ئىككىمىز ھەر قېتىم سىرتقا چىققاندا، ئىشپىيونلار كەينىمىزگە كىرىۋالاتتى، مەن بۇ ئەھۋالنى سەزگەندىن كېيىن، ئەلۋەتتە ھۇشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ تەدبىر قوللاندىم.

ئاخىرى مەسىلە يۈز بەردى. 8 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، مەن ۋۇخەن ھاۋا ئارمىيىسى سىياسى بولۇمىنىڭ خىزمىتىمنى ۋۇخەنگە يوتكىگەنلىكى توغرىسىدىكى بۇيرۇغىنى ئېلىپ يولدۇشۇم بىلەن بىللە ۋۇخەنگە كەتتىم. سىياسى بولۇمنىڭ مۇدىرى جيەنپو ماڭا: "سىزنىڭ ئەمەلىڭىز ئېلىپ تاشلاندى، سەۋەۋى



بىلمىسىڭىز تۇۋەن، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدىڭىز" دىدى. مەن ئۇلارنىڭ نىمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى بىلگەنلىگىمدىن، گەپ - سۆز قىلمايلا ئەمەلىمنى ئېلىپ تاشلىغانلىق جازاسىنى قوبۇل قىلدىم.

مەن لەنجۇدىكى بۇ سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئەسلەپ تەبىي ھالدا بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ تەقدىرى بىلەن بىرلەشتۈردۈم، شۇنداقلا شۇ ۋاقىتتا يولداش شې جوزەي بىلەن ۋاڭ دىڭگونىڭ ماڭا بەرگەن ئىلھامى، تەربىيىسىنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلاندى. ھەقىقەتەنمۇ ئىنقىلاۋى خىزمەت، جاپالىق خىزمەت ئىكەن.

مەن بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق بەختسىزلىگىگە ئېچ ئاغرىتتىم، ئۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش خىزمىتى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن، ئاخىرى ھەممىسى تۈرمىگە تاشلاندى. بەزىلىرى زىيانكەشلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. مەن پىلان تۈزەش جەريانىدا، بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ غېمىنى يېيىشىم، ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىم كېرەك دەپ ھىسسىداشلىغىمنى پىلاننىڭ ئىچىگە سىڭدۈردۈم.

شىنجاڭدىن يەنئەنگە بېرىش سەپىرىنى سەل چاغلىغىلى بولمايتتى، بۇ سەپەر ھەم جاپالىق، ھەم خەتەرلىك ئىدى، بولۇپمۇ شىنجاڭ رايونىدا كىشىنى تونجۇقتۇرغىدەك ئىسسىق بولىدىغان يالقۇنتاغدىن، بىپايان چۆل - جەزىرىلەردىن، تۈگىمەس قۇم - سەھرالاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار، نەچچە يىل تۈرمىدا يېتىپ ئاجىزلاپ كەتكەن، ئۇزۇن يولنى بېسىپ ئوتۇشكە بەرداشلىق بېرەلمەسلىگى مۇمكىن ئىدى. سەللا ئەتراپلىق ئويلانمىسا ئۇلارنىڭ يەنئەنگە يېتىپ بېرىشى تەس بولاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ

كىشىلەرنى قانداقلا بولمىسۇن ماشىنىدا، ئازىراق كەڭتاشا ئولتۇرغۇزۇپ، ھېرىپ، يىقىلىپ قالمايدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم، ھەرگىزمۇ ئىشپىيونلارنىڭ كاتتىۋېشى لىيۇ خەندۇڭ ئېيتقاندەك: بىر نەچچە ئاپتوموبىلغا قاچىلاپلا يولغا سالغىلى بولمايتتى.

پىلاندا 10 دانە 10 چاقلىق ماشىنا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەر بىر ماشىنىغا تەخمىنەن 10 نەچچىدىن كىشى ئولتۇرىدۇ. ئورۇن كەڭتاشا بولۇپ، كەڭ ـ كۇشادا ئولتۇرۇشتا مەسىلە يوق. پىلاندا يەنە ھەربىي دوختۇر، ھەربىي لاۋازىمەتچى، خەۋەرچى ۋە ھەر بىر ئاپتوموبىلغا بىردىن كۈتكۈچى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىخەتەرلىكنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىر روتا قوراللىق ئەسكەر تەييارلاندى. بۇنىڭدىن باشقا مۇدىر جاڭ جېجوڭنىڭ نامىدا يول ئۈستىدە ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەر ھەربىي ھۆكۈمەت ساقچىلىرىنىڭ ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىشى ئۇقتۇرۇلدى. پىلان تۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن باش قوماندان تاۋسېيۈي ئارقىلىق مۇدىر جاڭ جېجوڭنىڭ كۆرۈپ تەستىقلىشىغا ئەۋەتىلدى.

## ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش

5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى باش قوماندان تاۋسېيۈي ماڭا: مۇدىر جاڭ جېجوڭ سىزنى بۇ بىر تۈركۈم كوممۇنىستلارنى ئېلىپ مېڭىشقا ئەۋەتمەكچى، پىلاننى سىز تۈزەپسىز، يولدىكى ئەھۋاللارنى سىز ياخشى بىلىسىز، ۋەقە يۈز بەرسە، سىز شۇ جايدىلا ھەل قىلالايسىز، دېدى. مەن باش قوماندان تاۋسېيۈينىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈمدە تەسادىپىلىق ھېس



قىلدىم. بۇ جاپالىق سەپەرگە مېنى ئەۋەتىشى بەكمۇ ئېغىر بولۇپ كېتەرمىكىن، پىلان تۈزەش جەريانىدا گەرچە بۇ پىلاننى ئىجرا قىلىشقا قاتناش باشقا ئادەمنى چىقىرىش مۇمكىن دەپ ئويلىغان بولسامۇ، لېكىن بىۋاسىتە ماڭا تاپشۇرۇلىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ كۆرمىگەن ئىدىم، راستىنى ئېيتقاندا، مەن بۇنداق جاپالىق خىزمەتنى خالىمايتتىم. مەن باش قوماندان تاۋسېيۈيغا: “مېنىڭ سوۋۇق ئۆچەي كېسىلىم بار، ئەگەر قاقاس چۆللەردە كېسىلىم قوزغىلىپ قالسا، قۇتقۇزۇش قىيىن، پەقەت ئۆلۈمنى كۈتۈشۈم كېرەك” دېدىم. باش قوماندان تاۋسېيۈي: “ئۇنداق دېسىڭىز بولامدۇ؟ مۇدىر جاڭ جېجوڭ ئۆزى بىۋاسىتە سىزنىڭ بېرىشىڭىزنى بېكىتتى، مەن كۆرسەتكەن ئەمەس، پىلاندا ھەربىي دوختۇرمۇ بارغۇ؟ سىز تېخنىكىسى يۇقۇرىراق دوختۇردىن بىرنى تاللاپ ئېلىپ ماڭمامسىز” دېدى. مەن بۇ ۋەزىپىدىن باش تارتالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىمدە، دەرھال ماقۇل بولدۇم ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، مەن يەنە، بۇمۇ ياخشى بولدى، قوغداپ ئاپىرىش ئارقىلىق گۇڭچەنداڭغا ھەمداشلىق قىلىش روھى سىڭدۈرۈلگەن يەتكۈزۈش پىلانىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئىجرا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە بىۋاسىتە ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلىدىم.

## يولغا چىقىشقا تەييارلىق قىلىش

پىلاندا بەلگىلەنگەن مۇھاپىزەت قىلىپ يەتكۈزۈش بەندىسى ئاللىقاچان تولۇق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، مۇشۇ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى يولغا چىقسۇن ۋە مېنى 9 ـ كۈنى

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 8 دە مۇدىر جاڭ جۈجۇڭ بىلەن كۆرۈشۈش دېگەن ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. مەن مۇدىر جاڭ جۈجۇڭ بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇ بىر تەرەپتىن مەن بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن: ”بۇ ۋەزىپە ناھايىتى مۇھىم، بۇ بىر سىياسىي ۋەزىپە، سىز تىرىشىپ كۆچ چىقىرىڭ، شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىنتايىن مۇرەككەپ، بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىش كېرەك، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ياخشى ئېتىۋار بېرىش لازىم. سىز لەنجۇغا ئاپىرىپ قويۇپ قايتىپ كېلىڭ“ دېدى. مەن مۇدىر جاڭ جۈجۇڭنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خوش بولدۇم، مېنىڭچە مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۆزەمنىڭ بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرگە قارىتا ھېسداشلىقىمنى، كۆيۈنگەنلىكىمنى چەكسىز جارى قىلدۇرالايمەن دەپ ھېساپلىدىم.

مەن مۇدىر جاڭ جۈجۇڭدىن: ”قوغداپ ئاپىرىشمۇ ياكى تۇتۇپ ئاپىرىشمۇ؟“ دەپ سورۇدۇم. مۇدىر جاڭ جۈجۇڭ: ئەلۋەتتە ”قوغداپ ئاپىرىش“ دېدى. مەن يەنە: ”يول خىراجىتىنى قانداق قىلىمىز؟“ دەپ سورۇدۇم. قانچىلىك ئىشلىتىلسە شۇنچىلىك ھېساپ قىلىنىدۇ. قايتقاندىن كېيىن ماڭا تەستىقلىتىڭلار، دېدى.

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تاڭ سەھەر ۋاقتىدا، مەن پەقەت كانسۋاي لى يۈشياڭنى باشلاپ 2 - تۈرمىنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ باردىم. مۇھاپىزەت قىلىپ بارىدىغانلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كەلدى. مەن ئادەم سانىنى تەكشۈرگەندە، پىلاندا بەلگىلەنگەن ھەربىر ئاپتوموبىلغا بىردىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۈتكۈچىلەرنىڭ ھەربىي سېپىتىمىسى ئەۋەتكەن ئىشپىيونلار ئىكەنلىكىنى سېزىۋالدىم. كۆڭلۈمدە قانداقتۇ ئىختىيارسىز ھالدا بىر دەم ئىككىلەن-



دىم: تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن، مەن خۇ فامىلىك تۈرمە باشلىقىغا: ”كۆپچىلىك يىغىلسۇن، مەن بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىمەن“ دېدىم ۋە بەگدىگىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ: «بۈگۈندىن باشلاپ سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلارغا مەن مەسئۇل، دەرھال يولغا چىقىمىز، جەمئىي 10 ئاپتوموبىل بار، سىلەر ئۆزەڭلەر تەقسىم قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇڭلار“ دېدىم. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئالدۇرلا تەقسىم قىلىپ بولغان ئىكەن. ناھايىتى تەرتىپلىك ھالدا ئىشلىرىنى قاچىلىدى. كۆپچىلىك ماشىنىغا چىقىپ، تۈرمىدىن ئايرىلدى. مەن، شۇ پەيتتە ئۇلارنىڭ كۆڭلى قانچىلىك خوشال بولىۋاتقاندۇ، دەپ ئويلۇدۇم، بۈگۈنكى كۈننىڭ كېلىشى، ھەقىقەتەنمۇ ئاسانغا توختىمىدى.

مەن ئۇلارغا سۆزلىگەندە، ئۇلارنىڭ تەن سالامەتلىكى، مەن ئويلىغاندەك ناچار ئەمەسلىكىنى سەزدىم.

مۇدىر جاڭ جۈجۇڭ شىنجاڭغا يېڭى كەلگەندىلا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا تەمىناتىنى ياخشىلاپ، ئەسكى گۆرۈچنى تېگىشىپ، تۈرمىنى بىرلەشتۈرۈپ، تۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلىغىنىنى ۋە ھەر بىر كىشىگە ئاز بولسىمۇ خىراجەت پۇلى بېرىپ تۇرغانلىقىنى كېيىنچە بىلدىم.

## تۇرپاندا قونۇش

ئۈرۈمچىدىن چىقىپ شۇ كۈندىكى قونالغۇ تۇرپان بولدى. 7 قۇدۇق 2 - قونالغۇ ئىدى، بۇ ئەڭ خەتەرلىك، ئەڭ قىيىن بولغان يول ھېساپلىناتتى، تۇرپاندىن 7 قۇدۇققىچە بىر تالمۇ گىيا يوق چۆل ئىدى. ئىككى تەرىپى تۇتۇشۇپ كەتكەن ئىگىز

تاغلاردىن ئىبارەت بولۇپ، يول تاغنىڭ ئىچىدىن كېسىپ ئۆتەتتى. بۇ جايلاردا دائىم باندىتلار پەيدا بولۇپ ئاپتوموبىلنى توسايدىغان، ئىككى تەرەپتىكى تاغدىن بىرەر پارچە تاش دومىلاپ چۈشسىمۇ ئادەمنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان خەتەرلىكلەر بار ئىدى. بولۇپمۇ مېنىڭ ئەنسىرىگىنىم، ئىشپىيونلۇق ئورگىنى، گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ بۇ بىر تۈركۈم كوممۇنىستلارنى قويۇپ بەرگەنلىكىگە قوشۇلمىغانلىقى ئىدى. ئەگەر ئۇلار قوراللىق ئىشپىيونلارنى ئېۋەتىپ، يول ئۈستىدە توساپ ھۇجۇم قىلسا، بۇ يەر ئۇلار پايدىلىنىدىغان تەبىي شەرت - شارائىت بولۇپ، بىزدىكى بىر پەي ئەسكەر ھېچنېمىگە دال بولالمايتتى. ئەگەر، راستىنلا شۇنداق ۋەقە يۈز بەرسە، بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى ئۆزەمنىمۇ ساقلاپ قالالماسلىقىم مۇمكىن دەپ ئەنسىرەيتتىم.

بىخەتەرلىكنى ساقلاش ئۈچۈن، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىيلەرنىڭ مەسئۇللىرىنى ئىزدىدىم. شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ھەربىيلەرنىڭ مەسئۇلى مېنىڭ تونۇشۇم بولۇپ، دەرھال بىر لىيەن ئەسكەر كۈچى ئېۋەتىشكە ماقۇل بولدى. ئۇلار كېچىلەپ يولغا چىقىپ، يول ئۈستىدە پوستتا تۇردى. ئىككىنچى كۈنى يولغا چىقىش ۋاقتىدا يەنە ئىككى ئاپتوموبىل ئەسكەر چىقىرىپ، ئالدى - كەينىمىزدىن مۇھاپىزەت قىلىپ، بۇ جايدا يول ئۈستىدىكى بىخەتەرلىكىمىزگە كاپالەتلىك قىلدى.

6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يالقۇنتاغ، قاقاس چۆللۈكلەر ئوتتەك قىزىپ، ئىسسىقتا چىدىغىلى بولمايتتى. كۈندۈزى گىرادۇس 50 ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ ئەتراپتىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى گەمىدە ياتاتتى. كۈندۈزى يەنە ئىددىشتىكى سۇغا چۆمۈلەتتى. چۈش بولاي دىگەندە، ئاپتوموبىل دۆيى تاغ جىلغى-



سىدىن ئەمدىلا چىقاي دېيىشكە بىر ئاپتوموبىلنىڭ چاقىدىن يەل قاچتى. ئاپتوموبىل دۆيى بىر سائەتتەك تۇرۇپ چاقنى يەڭگۈشلىدى. مەن ۋەقە چىقىشىدىن ئەنسىرەپ تۆت ئەتراپىمغا قاراپ تۇردۇم. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھەقىقەتەنمۇ ئەسكەرلەرنىڭ مۇھاپىزەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاندىن خاتىرجەم بولدۇم.

ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا يەنە ۋەقە يۈز بەردى. ئاپتوموبىلدا بىر قىز بالا ئىسسىقتىن ئۆلۈپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى كۆمدۇق، ئاندىن مېڭىشنى داۋاملاشتۇردۇق، ئاخىرى ئىككىنچى قونالغۇ 7 قۇدۇققا ئوڭۇشلۇق يېتىپ كەلدۇق.

## 7 قۇدۇق يىغىنى

يولدا بىر قىز بالا ئىسسىقتىن ئۆلۈپ قالغانلىقتىن، مەن بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ سالامەتلىك مەسىلىسى ۋە ئۇزۇقلۇق مەسىلىسىنى ئويلىدۇم. ئۇزۇقلۇق يېتىشمىسە تەندە قارشىلىق كۈچى بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈم ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ، مەن 7 قۇدۇقتا يىغىن ئېچىپ تۇرمۇش ئۆلچىمى مەسىلىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى بەلگىلىدىم.

بۇ بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار 4 يىلدەك تۈرمىگە سولۇنۇپ، ياۋۇزلارچە قىيناش ۋە كەمسىتىشكە ئۇچرىدى. ئادەتتىكى كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا تېنى ناھايىتى ئاجىز، يەنە كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇزۇن سەپەر ۋاقتىدا ياردارلىنىپ مەجرۇھ بولۇپ، شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەشكە ئالماشتۇرۇپ كېلىنگەن، مەسىلەن، شى لاڭنىڭ پەقەت بىر پۇتى بار، لويۇنچاڭنىڭ ئىككىلا پۇتى

يوق، ئۇلار ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ - چىققاندا باشقىلار كۈتۈرۈپ ياردەم بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق تۇرۇغلۇق، ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈشتە، يەنە ۋەقە تۇغۇلىشىدىن ساقلىنىش تەس، ئەگەر يەنە نەچچىسى ئۆلسە، مۇدىر جاڭ جۈجۈڭغا نىمە دەپ جاۋاپ قىلىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئەڭ ئەندىشە قىلىدىغىنىم مۇھاپىزەت قىلىپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ مەسىلىسى ئىدى. ئۇلارنى مەن تاللاپ بېكىتمەگەن. ھەر بىر ئاپتوموبىلدىكى كۈتكۈچىلەر ھەربى سېستىمىنىڭ ئىشپىيونلىرى، ئەگەر ئۇلار ئاپتوموبىلدىكى ئەھۋالنى ئەينەن دوكلات قىلمىسا، بەزىلەرنىڭ ئاغرىپ قالغانلىغىنى ئۇخماي قېلىشىم مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشىلەرنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى ئىگەللەشكە ئامالسىز قالىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەجلىستە، كوممۇنىستلاردىن 3 كىشىنى يىغىنغا قاتناشتۇردۇم. ئېۋەتىلگەن مۇناسىۋەت باغلىغۇچىلار ياڭ زىخۇا (شۇ چاغدىكى ئىسمى دۇنىڭ)، جى شى خې (شۇ چاغدىكى ئىسمى جى گوشىڭ)، گاۋدېڭباڭ (ئىسمى يوق) لار ئىدى.

يىغىندا مەن تاماق ئۆلچىمىنى ئېلان قىلدىم. ھەر بىر تاماقتا 4 سەي بىر تاڭ بولۇشى، ئىككىسى گۆشلۈك سەي ئىككىسى سۇسەي بولۇشى، 6 كىشى بىر جوزا بولۇشى كېرەك. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ھەر ئادەمگە ئىككىدىن تۇخۇم تارقىتىلىدۇ. ھەربى تەمىنات خادىملىرى بۇ ئۆلچەمگە قوشۇلمىدى، چۈنكى يول راسخودىدا بۇلارنىڭ كۈنلۈك ئۆلچىمى ھەر بىر كىشىگە 7 موچەندىن بەلگىلەنگەن بولۇپ، پەقەت قوناق مومىسى بىلەن قايناقسۇ ئىچىشكىلا يېتىدىكەن. مەن: "ئالاھىدە ئەھۋالنى ئالاھىدە بىر تەرەپ قىلىش لازىم، بارلىق چىقىمنى مەن بولۇپ



باۋشاۋ قىلدۇرىمەن، ھەربى تەمىنات خادىملىرى پۇلنى چىقىرىپ ھوججەتنى ساقلاشقىلا مەسئۇل بولىدۇ" دېدىم. يىغىن تۈگەيدىغان چاغدا مەن ئۈچ مۇناسىۋەت باغلىغۇچىغا: "سىلەر ئۈچىڭلار ۋاقتى - ۋاقتىدا مەن بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ تۇرالامسىلەر؟ ئاپتوموبىلدىكى ئەھۋالنى ئۆز ۋاقتىدا ماڭا ئىنكاس قىلالامسىلەر؟" دېدىم. گاۋدېڭباڭ: "پۈتۈنلەي مۇمكىن" دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياڭ زىخۇا، جى خې، گاۋدېڭباڭلار بىۋاستە مەن بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ تۇردى.

مەن يەنە يول ئۈستىدە دەم ئالغاندا، چۈشتە چاي - پاي ئىچكەندە ۋە كەچتە قونغاندا، دوختۇرلار دەم ئالمايدۇ، تاماق يېمەيدۇ، ئالدى بىلەن كېسەللەرنى تەكشۈرۈپ داۋالايدۇ دەپ بەلگىلىدىم.

بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا 20 نەچچە بالا بولۇپ، بەزىلىرى 4 - 5 ياشلىق بالىلار، ئومۇمەن ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەنلىكتىن كۆپىنچىسى ئاغرىق ئىدى. بولۇپمۇ جاڭ ۋېنچيۇنىڭ 3 قىزى ليۇسۇڭلىن، شاۋخۇا، شاۋلىن (ليۇسۇڭلىن ماۋجۇشىنىڭ چوڭ كېلىنى، شاۋخۇا ماۋجۇشىنىڭ ئىككىنچى كېلىنى) لارغا ھەر كۈنى ئۇكۇل سېلىپ دورا بېرىش كېرەك. گاۋدېڭباڭنىڭ سالامەتلىكى بىر ئاز ياخشى بولۇپ، ئۇيان - بۇيان مېڭىشقا شۇ ماڭىدۇ، جى خې بىلەن ياڭ زىخۇانىڭ سالامەتلىكى بىر ئاز ناچار بولغاچقا ئازراق ھەركەت قىلىدۇ، ھەر قېتىم يولدا دەم ئالغاندا، ياڭ زىخۇا مەن بىلەن ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىدۇ. بىز روس تىلىدا سۆزلىشىمىز. ياڭ زىخۇا: ئۆزىنىڭ چۆي چۈبەينىڭ يولدىشى ئىكەنلىكىنى، دۇنىڭ دېگەن ئىسىم ئۇنىڭ تەخەللۇسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قىزىمۇ ئاپتو-

موبىلدا بولۇپ تەخەللۇسى دۈيى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.
ياڭ زىخۇا بىلەن سوزلۇشۇش جەريانىدا، گېنېرال جاڭ جۈ جۇڭ
شىنجاڭغا كەلگەندىلا داڭ بىگاڭ، چۈي ۋۇلارنى ئېۋەتىپ تۇر-
مىدىكىلەرنى يوقلاپ ئەھۋال ئىگەللىگەنلىكىنى تۇرمۇش شارا-
ئىتىنى ياخشىلىغانلىقىنى ۋە يەنە خەشلەشكە ئازراقتىن پۇل
بەرگەنلىكىنى، ئەر - ئايال بىرگە تۇرۇشقا رۇخسەت قىلغانلىقىنى
بىلدىم. بۇ قېتىم مېڭىش ئالدىدا گېنېرال جاڭ جۈ جۇڭ يەنە
ئۇلارنى ئۇزۇتۇپ زىياپەت بەرگەن ئىكەن، زىياپەتكە 6 ۋەكىل
قاتنىشىپتۇ. بىر قېتىم ياڭ زىخۇا ۋە جى خېلەر مەن بىلەن
سوزلەشكەندە ياڭ زىخۇا مەندىن: "ليۇچۇجاڭ، سىز نىمە ئۈچۈن
بىزگە مۇشۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلىسىز؟" دەپ سورىدى. مەن
كۈلۈپ قويۇپ: "مەن سىلەرگە ھېسداشلىق بىلدۈردۈمەن، مېنىڭ
كېلىپ چىقىشىم كەمبەغەل ئائىلىسىدىن" دىدىم. جى خې: "بۇ
سىنىپى مېھرىۋانلىق! سىز داڭ بىگاڭنى تونامسىز، ئۇ مېنىڭ
سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربى مەكتىۋىدىكى ساۋاقدىشىم" دىدى. مەن
سوھبىتىمىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ياڭ زىخۇاغا: "مۇدىر جاڭ جۈ-
جۇڭنىڭ سىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىشقا مېنى ئېۋەتىشىنىڭ
سەۋەبى، مەن قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغانلىقىم
ۋە بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالايدىغانلىقىمغا ئىشەنگەنلىكىدىن بولدى"
دىدىم. 7 قۇدۇقتا مەجلىس ئېچىپ تۇرمۇش ئۆلچىمىنى ئورۇن-
لاشتۇرغان بىلەن بۇ چوللۇكتە گوش، تۇخۇم، سەي تېپىش
مەندەك بىر باشلىقنىڭ قولىدىن كېلەتتى. 7 قۇدۇقتا مەجلىس
ئاچقاندىن كېيىن، ھەر كۈنى بىر تۇرمۇش ماشىنىسىنى بىر
كۈن ئەۋۋەل ماڭدۇراتتىم. ئۇلار قونالغۇ جايدا يىمەك - ئىچ-
مەك سېتىۋېلىپ تاماق، ياتاق ھەممىنى تەق قىلاتتى.



مۇنداق بىر تال چوپ ئۈنمەيدىغان چوللۇكتە بەزى
ئاپتوموبىللارنىڭ يېلى چىقىپ كەتسە، شوپىر ياسىيالماي شۇ
جايدىلا توختاپ ياكى ئاچلىقتىن ئولگەن ئىشلار ناھايىتى كوپ
بولغان، ئىسسىقتىن ئولۇپ كەتكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.
بىزنىڭ ئاپتوموبىلىمىز ئىسسىقتا 6 چاقى يەل قويىۋەتسىمۇ
بىر سائەتتىلا ئالماشتۇرۇپ، ئىلگىرىلەشكە تەسىر يەتكۈزمىدۇق.
يەنە بىر قېتىم ياڭ زىخۇا ماڭا: ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى-
دىن يەنئەنگە قايتىۋېتىپ ئۇرۇمچىدىن ئوتكەندە شىڭ شىسەي
تەرىپىدىن قامالغانلىقىنى، تۇرمىدا بىر نەچچە يىلدىن بېرى
سالامەتلىكى ئاجىزلىشىپ ئوپكە تۇبېركۇليوزى بىلەن ئاغرىغان-
لىقىنى ئېيتتى. مەن بۇ ئەھۋاللارنى ئۇققاندىن كېيىن، دەرھال
كانىۋايغا، ھەر قېتىم دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئايرىم قاي-
ناقسۇ تەييارلاپ بېرىشنى تاپشۇردۇم. يول ئۈستىدە دەم ئالغان
چاغلاردا كانىۋاي ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن قاراپ كەلدى.

## لەنجوغا يېتىپ بېرىپ ۋەزىپىنى ئوتكۈزۈپ بېرىش

لەنجوغا يېتىپ بېرىشنى 12 كۈن پىلانلىغان بولساقمۇ،
نەچچە ئوتەڭنى پىلاندىن بۇرۇن بېسىپ ئوتۇپ 9 كۈندە، يەنى
6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى لەنجوغا يېتىپ كەلدۇق. مەن بىر
تۇركۇم كىشىلەرگە، مۇھاپىزەت قىلىپ يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى
ئورۇنلاپ بولغانلىقىمنى ھەمدە غەربىي شىمال ھەربىي -
مەمۇرى مەھكىمىدىن ئېۋەتكەن گاۋسەننىڭ لەنجۇدىن داۋاملىق
مۇھاپىزەت قىلىپ يەنئەنگە يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىنى ئېيت-
قىنىمدا، ئۇلار بىر ئېغىزدىن "بىز ئادەم ئالماشتۇرۇشقا قوشۇل-
مايمىز" دېيىشتى. يەنە بەزىلەر: «نىمە ئۈچۈن ئارا يولدا
ئادەم ئالماشتۇرىدۇ، بۇ نىمە قىلغىنى!" دېيىشتى. مەن كوپچى-

لىككە: "مېنىڭ ۋەزىپەم سىلەرنى لەنجۇغا يەتكۈزۈش ئىدى. ياخشى كۈتۈۋالالمىدىم، ئەپۇ سورايمەن، خەير - خوش!" دېدىم. ئۇلار: بىز كۆپچىلىك نامىدىن مۇدىر جاڭ جىجوڭغا تېلېگرامما يوللاپ لىۋ جوجاڭنىڭ بىزنى يەنئەنگە يەتكۈزۈپ قويۇشىنى تەلەپ قىلساق بولامدۇ - يوق؟ دەپ سورىدى. مەن: ئىختىيارىڭلار، دەپ جاۋاپ بەردىم.

بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا مېنىڭ لەنجۇدا گېنېرال جاڭ جىجوڭنىڭ جاۋاپ تېلېگراممىسىنى كۈتۈپ تۇرۇشۇمغا توغرا كەلدى. 5 كۈندىن كېيىن مېنىڭ ئۇلارنى يەنئەنگە يەتكۈزۈپ قويۇشۇم توغرىسىدا جاۋاپ تېلېگرامما كەلدى.

بىز 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تاڭ سەھەردە لەنجۇدىن يولغا چىقىپ بىرىنچى قونالغۇ خۇاجيالىنغا يېتىپ بېرىپ تاغ ئۈستىدىكى مېھمانخانىغا چۈشتۇق، شۇ كۈنى ئاخشىمى ياققان قاتتىق يامغۇر ئەتىسىمۇ توختىمىدى. يامغۇر توختىغاندىن كېيىن يولغا چىقىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئاخشامدا مېھمانخانىنىڭ باشلىقى ماڭا: ئىچىدىغان سۇنى تاغ ئاستىدىن يۇدۇپ چىقىدىغان بولغاچقا ئەتىگە ئىچىدىغان سۇ قالمىدى، ھاۋانىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئەتە چوقۇم بۇ يەردىن يۈرۈپ كەتسەڭلار دېدى. مەن ئۇنىڭغا بولىدۇ دەپ جاۋاپ بەردىم. بۇ ئەھۋالنى ياڭ زىخۇا، جى خې، گاۋدىڭباڭلار بىلەن مەسلىھەتلەشتىم.

## ئاپتوموبىل بىلەن كۆۋرۈك ياساش

بىزنىڭ شۇ كۈندىكى قونالغۇمىز، خۇاجيالىڭدىن چىقىپ لىۋپەنشەن تاغلىرى بويىدىكى چىڭنىڭ ناھىيىسى ئىدى. لېكىن



ناھىيە بازىرىغا 10 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا كەڭلىگى نەچچە جاڭ كېلىدىغان كەلكۈن كەلسە سۇ كۆپىيىپ كېتىدىغان بىر ئېقىن بار ئىكەن. ئاپتوموبىللار مۇشۇ جايغا يېتىپ كەلگەندە قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. ئالدىدا ماڭغان ئاپتوموبىل ئۆتمەكچى بولۇپ ئېقىننىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا، سۇدا ئوتى ئۆچۈپ قالدى. دەل شۇ چاغدا شىمالىي تەرەپتىن شاقىراپ كەلكۈن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. كەلكۈن كېلىپ قالسا، ئېقىندا توختاپ قالغان ئاپتوموبىلنى قانداق قىلىش كېرەك. ھاۋادا ئاپتوموبىلنى ئېقىتىپ كەتسە، ئۈستىدىكى ئادەملەرنىڭ ھاياتى تۈگىمەمدۇ، دېگەن جىددىي تەشۋىش ئىچىدە بىر ئەقىل تاپتىم. بۇيانقى ئاپتوموبىللارنى ئېقىنغا ھەيدەپ چۈشۈپ ئاپتوموبىللارنى بىر - بىرىگە كۆۋرۈكتەك تۇتاشتۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدىم. ئېقىن ئوتتۇرىسىدا قېپقالغان ئادەملەر ئاپتوموبىل بىلەن ياسىغان كۆۋرۈك ئارقىلىق قىرغاققا چىقىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھاياتى ساقلاپ قېلىندى. كەلكۈن ھېلىقى ئاپتوموبىلنى ئېقىتىپ كەتتى. مەن دەرھال گاۋدىڭباڭدىن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قىرغاققا چىقىۋالدىمۇ دەپ سورىدۇم. ئۇ: بىر ئادەم كام تۇرىدۇ، دەپ جاۋاپ بەردى. مەن بۇنى ئاڭلاپ تېخىمۇ تىت - تىت بولدۇم. ئۇ: گەپ بۇ ئادەمنىڭ سۇ ئۈزەلىشىدە قالدى دېدى. مەنمۇ ئۈمىتنى شۇنىڭغا باغلىدىم. كەلكۈن بىلەن قاتتىق ئېلىشىۋاتقان پەيتتە، لەنجۇدىن شىئەنگە بېرىش ئۈچۈن ئاپتوموبىلغا چىقىۋالغان يولدۇشۇمنىڭ ئىنىسى گاۋيەننى ئۈستەڭگە سەكرەپ سۇنىڭ ئېقىش تېزلىكىنى ئۆلچەشكە، ئىستولبىغا چىقىپ تېلېفون ئارقىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن ئادەم ئەۋەتىپ كەلكۈن ئېقىتىپ كەتكەن ئاپتوموبىلنى

چىقىرىۋېلىشقا بۇيرۇدۇم. گاۋيەن بۇ ئىشلاردا ناھايىتى جاپا چېكىپ خىزمەت كۆرسەتتى، ئۇنى ماختاشقا ئەرزىيدۇ.

ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي كەلكۈن توختىدى. كەلكۈن ئېقىتىپ كەتكەن ھېلىقى ئاپتوموبىل نەچچە يۈز مېتىر يىراقلىقتا كۆرۈندى. ئاپتوموبىل ئۈستىدىكى يۈك - تاق، كىيىم - كېچەكلەر ئېقىپ كېتىپتۇ، بۇ چاغدا كوپچىلىكنىڭ ئۈستى - بېشى يامغۇردىن ھۆل بولۇپ كەتكەن ئىدى. گاۋدېڭباڭ باشقا ئاپتوموبىللاردىكى كىيىم ساندۇقلىرىنى ئېچىپ ھەر بىر ئادەمگە بىر قۇردىن كىيىم - كېچەك تارقىتىپ بەردى. مەنمۇ بىر قۇر كىيىم ئېلىپ ئالماشتۇرۇۋالدىم. ئاپتوموبىل ئەترىتى جىڭنىڭ ناھىيە بازىرىغا كېچىدە كىردى. ھېلىقى كەلكۈن ئېقىتىپ كەتكەن ئادەممۇ قايتىپ كەلدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ سۇ ئۈزەلەيدىكەن. مېنىڭ ئۈمىدىم ئىشقا ئاشتى. كوپچىلىك بەكمۇ خۇشاللاندۇق.

## پىڭلياڭدا ئىشپىيونلارغا يولۇقۇش

جىڭنىڭدىن يولغا چىقىپ پىڭلياڭدا قونماقچى بولدۇق. بۇ جاي خۇزۇڭنەننىڭ تەسىر دائىرىسىدە ئىدى. بىز شەھەرگە يېقىنلاشقاندا، بىر تۈركۈم ئىشپىيون، ژاندارمىلار كېلىپ ئوبۇسكا قىلىمىز دەپ ۋاقىراشتى. مەن نېمىنى ئوبۇسكا قىلىسىلەر؟ دېسەم، ئۇلار: يۈك - تاقلارنى ئوبۇسكا قىلىمىز، دېدى. مەن پەيلىمنى بۇزۇپ قوپاللىق بىلەن: بۇ سودا ئاپتوموبىلى ئەمەس، ئاپتوموبىلدىكىلەر ئەتكەسچىلەرمۇ ئەمەس، ھەممىسى كوممۇنىستلار تۇرسا، بۇلارنى ئوبۇسكا قىلىشقا بول-



مايدۇ، — دېدىم. ئىشپىيونلار مېنىڭ ئەمەل دەرىجەمنى كۆرۈپ، قاراملىق قىلالماي قۇيرىقىنى تىكىۋەتتى.

شەھەرگە كىرىپ ياتاققا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، مەن بۇ ئىشپىيونلارنى كۆڭلى تىنماي، ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىققاندا ئاۋارىگەرچىلىك سالمىسۇن دەپ ئويلاپ، پىڭلياڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي كورپۇسنىڭ باشلىقى جۇڭسۇڭنى تونايتتىم. گومىنداڭ ھەربىي قىسىملىرى بىلەن ئىشپىيون ژاندارمىلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بار ئىدى. مەن جۇڭسۇڭنى ئىزدەپ ئۇنىڭغا تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ قايتا ئاۋارە قىلماسلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلدۇردۇم. بۇ چارىنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى. ئەتىسى ئەتىگەنلىكى ئاپتوموبىل ئەترىتى ئوڭۇشلۇق پىڭلياڭدىن يۈرۈپ كەتتى.

## شىئەن شەھەرگە تۈندە بۆسۈپ كىرىش

پىڭلياڭدىن يولغا چىقىپ بىنشەن ناھىيىسىدە قونۇپ ئەتىسى شىئەنگە يېتىپ بارغىلى بولاتتى. كوپچىلىك بىنشەن ناھىيىسىدە كەچكى تاماقتىن كېيىن يۈك - تاقلىرىنى يېشىپ ئارام ئېلىشتى. تۇساتتىن خۇزۇڭنەننىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. تېلېگراممىدا لىيۇ ياجېي جۇجاڭغا: شىئەنگە بارماي، شەنياڭغا كېلىڭ، بۇ يەردە ”مېھمانخانا“ راسلاپ قويۇلدى - دەپ يېزىلغان. مەن بۇ تېلېگراممىنى كۆرۈپ، ھەي يامان بولدى، چاتاق چىقىدىغان بولدى دەپ ئويلىدىم، بېشىم گاڭگىراپ قالدى.

شەنياڭ-خوزوڭنەنىڭ ئىلغارلارنى قاماپ، ئىنقىلاۋى ياشلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ، كوممۇنىستلارنى قىرىدىغان جەھەننەم ئىدى. خوزوڭنەننىڭ بىرمۇ كوممۇنىستنى قويۇۋەتمەيدىغانلىغى خەلقى ئالەمگە ئايان، مەن ئۇنىڭ قول ئاستىدا كوپ يىل ئىشلەپ، ئۇنىڭ باغرى قاتتىق رەھىمسىز ئادەم ئىكەنلىگىنى بىلەتتىم. ئەگەر بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر شەنياڭغا بېرىپ ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغان بولسا، خەۋەرلەرنى قامال قىلىپ خالىغانچە ئىش كورىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ چاغدا بۇلارنىڭ هاياتىنى قوغداپ قېلىش قىيىن بولاتتى. بۇ خوزوڭنەننىڭ بىر چوڭ سۇيىقەستى ئىدى. خوزوڭنەننىڭ ماڭا تېلېگىرامما بەرگەنلىگى، مېنى ئۇ قول ئاستىمدا ئىشلىگەن كونا ئادىمىم، بۇيرۇغىمنى چوقۇم ئاڭلايدۇ. دەپ قارىغان ئىدى.

بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنى شەنياڭغا ئېلىپ بارماسلىغىم كېرەك. بىراق خوزوڭنەننى ئەپلەيدىغان چارىنى، شەنياڭغا بارماسلىقنىڭ سەۋەبىنى دەرھال تاپالمىدىم، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن راسا باش قاتۇرىۋاتقىنىمدا توساتتىن گاۋدىڭباڭ كەلدى. مەن گاۋدىڭباڭغا: ئەتە شىئەنگە بارماي شەنياڭغا بارىدىغان بولدۇق، دېدىم. بۇ ئەھۋالنى گاۋدىڭباڭغا تەپسىلى سوزلەشكە بولمايتتى. بىر سائەتتىن كېيىن ياڭ زىخۇا كەلدى. مەن ياڭ زىخۇا بىلەن كوروشكەندە روسچە تىل بىلەن سوزلەشتىم. بۇ قېتىم ئۇ ناهايىتى جىددى پوزىتسىيە بىلەن جىياڭسۇچە تاۋۇشتا: لىۋ چۈجاڭ، مېنىڭ سىزگە بىر تەلىۋىم بار، ئويلاپ كورسىڭىز، ئاپتوموبىلدا بىر كېسەل بار، ئۇنىڭ قىزىتمىسى 40 گرادۇستىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ كېزىك بولۇپ



قاپتۇ، ناهايىتى خەتەرلىك، بۈگۈن ئاخشاملا ئولۇپ قېلىشى مۇمكىن، لىۋ چۈجاڭدىن بۈگۈن ئاخشاملا يولغا چىقىپ، شىئەنگە بېرىپ بۇ كېسەلنى جىددى قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىمەن، چۈنكى بۇ ئادەم ئاۋىئاتسىيە خادىمى، كوممۇنىستىك پارتىيەمىزنىڭ بايلىغى، مۇشۇنداق ئىختىساسلىق خادىملاردىن ئاپتوموبىلدا 40 — 50 كىشى بار دىدى. (بۇ 40 — 50 نەپەر كىشىنىڭ كوپ قىسمى هازىر هاۋا ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، ئاۋىئاتسىيە مەكتىۋىنىڭ مۇدىرى ۋە ئايرودروم خىزمىتىنىڭ رەھبىرى كادىرلىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ).

مەن ياڭ زىخۇانىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، كوڭلۇم دەرھال يورۇپ كەتتى. بۇ ناهايىتى ياخشى پىكىر بولدى! چۈنكى بۇ شەنياڭدىكى «مېھمانخانا» دىن قۇتۇلۇشنىڭ ئوبدان پۇرسىتى، ئوبدان بانىسى ئىدى. مەن ياڭ زىخۇاغا: — سىز قايتىپ تۇرۇڭ، مەن بۇ مەسىلىنى ئويلاپ كورەي — دېدىم.

ياڭ زىخۇا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن گاۋدىڭباڭنىڭ شىئەنگە بارماي، شەنياڭغا بارىدىغانلىق توغرىسىدىكى سوزىنى بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ پارتىيە تەشكىلىگە ئېيتىپ قويغانلىغىنى سەزدىم، شۇ چاغدا گەرچە پارتىيە تەشكىلىنىڭ مەسئۇلى مامىڭفاڭ، فاڭ جۇ چۈن قاتارلىق كىشىلەر ئىكەنلىگىنى بىلمىسەممۇ، لېكىن پارتىيە ياچېيكا تەشكىلىنىڭ جەزمەن بارلىغىنى بىلەتتىم. ئۇلار شەنياڭنىڭ قانداق جاي ئىكەنلىگىنى، خوزوڭنەننىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىگىنى ناهايىتى ئېنىق بىلەتتى.

مەن كېچىلەپ يۈرۈش قىلىپ، شىئەنگە كېلىپ كېسەلنى جىددى قۇتقۇلدۇرۇش نىيىتىگە قەتئىي كەلدىم. لېكىن شىئەنگە

بوسۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئىككىنچى قەدەمنى قانداق بېسىش كېرەك؟ مەن بىر پىلان ئويلاپ چىقتىم: شىئەن شەھىرىگە كىرگەندىن كېيىن، بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنى 18 ـ ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسى (يەنى 8 ـ ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسى) غا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇلار ئارقىلىق بۇ خەۋەرنى جەمئىيەتكە ئېلان قىلىش، بۇنىڭ بىلەن بۇ خەۋەرنى خەلقارا ۋە دولەت ئىچى ئاڭلىسا، بىرلىكسەپنىڭ كۈچى بولغاندىن كېيىن، خۇزۇڭنەننىڭ ياۋۇز سۇيىقەستى ئىشقا ئاشمايدۇ. ئۆز ۋەزىپەمدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەن ئۇلارنى 8 ـ ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىم كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن بىلەن باراۋەر، گېنېرال جاڭ جۈجۇڭنىڭ ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنىمۇ ئورۇنلىغان بولىمەن.

كېچىلەپ يۈرۈپ شىئەن شەھىرىگە كىرىش توغرىسىدىكى پىلاننى پىششىق ئويلاندىم. ئاندىن مۇھاپىزەت قىلىپ يەتكۈزۈش بەنزىسىدىكىلەرنىڭ مەجلىسىنى ئاچتىم. بۇنىڭغا گاۋدىڭباڭ، ياڭ زىخۇا، جى خېيدىن ئىبارەت 3 ۋەكىلمۇ قاتناشتى، مەجلىستە كېچىدە يۈرۈش قىلىپ شىئەنگە بېرىپ كېسەلنى جىددىي قۇتقۇزۇشنىڭ سەۋەپلىرىنى ئېلان قىلدىم. بىخەتەر يول يۈرۈش ئۈچۈن ئاپتوموبىللارنىڭ سۈرئىتىنى سائىتىگە 40 كىلومېتىردىن ئاشۇرماسلىقنى، ئەگەر كىمكى ئاپتوموبىلدىن ھادىسە چىقارسا، ھەربى قانۇن بويىچە جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى جاكالىدىم. مەجلىس ئېچىشتىن بۇرۇن، خۇزۇڭنەنگە "شۇ بويىچە بېجىرىمەن" دىگەن مەزمۇندا جاۋاپ تېلېگىرامما يوللۇدۇم، بۇ، خۇزۇڭنەننى تېچلاندۇرۇش چارىسى ئىدى.



ئاپتوموبىل ئەتىرىتى كېچە سائەت بىرلەر بىلەن شەنياڭغا يېتىپ كەلگەندە، ھەي، ئىشپىيونلارنىڭ تەكشۈرۈش پونكىتى بىزنى توسىمىغىيىتتى دەپ ناھايىتى تەشۋىشلەندىم. لېكىن بەختكە يارىشا تەكشۈرۈش پونكىتىدىكى ئىشپىيونلار بىخىرامان ئۇخلاۋاتقان ئىكەن. ئاپتوموبىللار شەنياڭدىن ئۆتۈپ كوۋرۇك ئۈستىدىكى ئىستىھكامغا كەلگەندە، پوستا تۇرغانلار: "بۇ نىمە ئاپتوموبىللار؟ دەپ توۋلىدى. مەن: "ھەربى ئاپتوموبىل" دەپ جاۋاپ بەردىم. بۇنىڭ بىلەن توسالغۇسىز قاتناپ شىئەنگە يېتىپ كەلدۇق.

كېچە سائەت 2 لەر بىلەن شىئەن شەھىرىگە كىرگەندىن كېيىن، پىلان بويىچە ئالدى بىلەن ھەربى دوختۇرغا كېسەلنى ئۆلكىلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ جىددى قۇتقۇزۇپ داۋالاشقا بۇيرۇق بەردىم ھەمدە ئادەم ئەۋەتىپ يېقىن ئارىدىن مۇنچا تاپقۇزۇپ، بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئالدى بىلەن ئارام ئالغۇزۇش ئۈچۈن مۇنچىخانىغا ئورۇنلاشتۇردۇم. مەن گاۋدىڭباڭدىن 8 ـ ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ ئادرىسىنى بىلەمسىز؟ دەپ سورىۋىدىم، ئۇ: بىلىمەن — دەپ جاۋاپ بەردى. مەن گاۋدىڭباڭ، جى خېينىڭ دەرھال ئىش بېجىرىش باشقارمىسى بىلەن ئالاقە باغلىشىنى، مۇنچىۋىلا ئادەملەرنى ئورۇنلاشتۇرالامدۇ — يوقلىغىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتىم. گاۋدىڭباڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ باشلىغى جوزىجەننى (ھازىر 1 ـ ماشىنىسازلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى) باشلاپ كەلدى. مەن جۇچۇجاڭدىن ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا مۇشۇنچىۋالا ئادەمنى ئورۇنلاشتۇرغىلى بولارمۇ؟ دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ، ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ، ـ دىدى. ئاپتوموبىللار

ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا قاراپ ماڭدى. بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، پىلاننى ئورۇنلاپ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشاللاندىم.

ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 لاردا خۇزۇڭنەن بىلەن كۆرۈشۈش قارارىغا كەلدىم، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىسەم، يەنئەنگە يېتىپ بارالمايتتۇق. شۇڭ خۇيچۇەن ئارقىلىق خۇزۇڭنەن بىلەن كۆرۈشكىلى بولاتتى، چۈنكى ئۇ خۇزۇڭنەننىڭ مەسلىھەتچىسى ئىدى (ھازىر جۇڭگونىڭ مېكسىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شۇڭ شاڭخۇي). شۇڭ خۇيچۇەن مېنى باشلاپ خۇزۇڭنەن بىلەن كۆرۈشتۈردى. خۇزۇڭنەن ناھايىتى خۇشاللىنىپ مەندىن: ئۇلارنى شەنياڭدا ئاپىرىپ قويدۇڭمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۆزەمنى بېسىۋېلىپ قورۇنماي تۇرۇپ: ياق، چۈنكى ئاپتوموبىلدا بىر كېسەل بىنشەن ناھىيىسىدە ئۆلۈپ قېلىشقا تاس - تاس قالغان ئىدى. مەن تېلېگرامما ئارقىلىق مۇدىر جاڭ جۇجۇڭدىن كېچىلەپ يول يۈرۈپ شىئەنگە يەتكۈزۈپ جىددى قۇتقۇزۇش توغرىسىدا يوليورۇق سورىدۇم. ئۇنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۈن كېچىدە شىئەن شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق، باش شتابقا تېلېفون بېرىپ ئالالمىدىم. بۇ كوممۇنىستلار شەرقى چوڭ كوچىدا يېتىشتى. ئەگەر بىرەر ۋەقە يۈز بېرىپ قالسا، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ دەپ 18 - ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا ئاپىرىپ قويدۇم، دېدىم. خۇزۇڭنەن بۇ ئادەملەرنى 8 - ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىمنى ئاڭلاپ ئاچچىقىدا ئۆيدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، ئەڭ ئاخىرىدا: ھو ئاناڭ-



نى ...... كېرەكسىز نان قېپىلار! — دەپ تىللىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ مېنى تىللىمىغانلىقىنى، پەقەت نېمە ئۈچۈن بىزنى شەنياڭدا توسىمىغانلىقى ئۈچۈن شەنياڭدىكى ئىشپىيونلارنى تىللاۋاتقانلىقىنى سەزدىم. مەن خۇزۇڭنەندىن قاچان يەنئەنگە بارىدىغانلىقىمىزنى سورىسام، ئۇ ناھايىتى غەزەپ بىلەن: ئۇقتۇرۇش كۈتۈپ تۇرۇپتۇر! — دېدى. مەن ئادرېسىمنى شۇڭ خۇيچۇەنگە قالدۇرۇپ مېھمانخانىغا قايتىپ كېلىپلا، گېنېرال جاڭ جۇجۇڭغا تېلېگرامما يوللاپ، بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنى 8 - ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقىمنى مەلۇم قىلدىم. ئىككىنچى كۈنى شىئەندىكى ھەر قايسى گېزىتلەر دەرۋەقە بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ شىئەنگە يېتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر تارقاتتى. خەۋەرلەردە، جاڭ جۇجۇڭ شىنجاڭدا قويۇپ بەرگەن كوممۇنىستلارنى گېنېرال مايور ليۇياجى مۇھاپىزەت قىلىپ يەنئەنگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تۈنۈگۈن ئاخشامدا شىئەنگە يېتىپ كەلدى. بۇ كوممۇنىستلار 18 - ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا چۈشتى دېيىلگەن.

گېزىتتىكى بۇ خەۋەرلەرنى كۆرۈپ ئىچىمدە ناھايىتى خۇشاللاندىم، چۈنكى بۇ ۋەقەنى دۆلەت ئىچى ۋە خەلقارانىڭ ھەممىسى ئاڭلايتتى، بۇنىڭ بىلەن خۇزۇڭنەن ئىلاجىسىز قالاتتى.

مەن شىئەندە خۇزۇڭنەننىڭ يەنئەنگە بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى كۈتۈپ ياتقان چېغىمدا، گېنېرال جاڭ جۇجۇڭغا كۈندە بىر - ئىككى قېتىم دېگىدەك "تېخى يولغا چىقالمىدۇق" دېگەن مەزمۇندا تېلېگرامما بېرىپ تۇردۇم.

## خۆزۆڭنەننىڭ ئىككىنچى سىياسى سۈيىقەستى

6 ـ كۈنى شۆڭ خۆيچۆەن ماڭا خۆزۆڭنەن بىلەن كۆرۈشۈشنى ئۇقتۇردى. ئەمدى يەنئەنگە يولغا چىقالايدىغان بولدۇق دەپ پەرەز قىلىپ ناھايىتى خۇشال باردىم. خۆزۆڭنەن تەرىنى تۈرۈپ پەيلىنى بۇزغان ھالدا: "بۇ ئادەملەرنى ماڭدۇرۇۋېتىشقا بولمايدۇ، سىياسى بولۇمنىڭ پىكرى بار ئىكەن، ئۇلارنى قايتا تەكشۈرۈش كېرەك" دېدى. مەن: "ئۇلارنى شىنجاڭدا جاڭ جۆرېن تەكشۈرگەن. ھەممىسى كوممۇنىستلارغۇ" دېدىم. خۆزۆڭنەن: "ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياڭ زىخۇا دېگەن ئادەم بارمۇ؟" دەپ سورىدى. مەن بار دەپ جاۋاپ بەردىم. خۆزۆڭنەن: "ئۇ، چۆبەيىنىڭ خېنىمى ئىكەن، دەپ ئاڭلايمەن، سەن ئۇنى باشلاپ كېلىپ، مەن بىلەن كۆرۈشتۈرگىن" دېدى. مەن دۇدۇقلاپ: ئۇلارنى 8 ـ ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا تاپشۇرۇۋەتكەن تۇرساق دېدىم. ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنىڭ مەنىسىنى چۈشەنسىدە سۆزىنى داۋاملاشتۇرمىدى.

ئۇنىڭ تەكشۈرۈش دېگىنى، قاماپ قويۇش دېگەنلىك ئىدى. بۇ خۆزۆڭنەننىڭ ئىككىنچى سۈيىقەستى بولۇپ، بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار ئىدى. چۈنكى ئۇ جياڭ جيېشىنىڭ ئومۇمى يۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ، ئازات رايونلارغا ئومۇمى يۈزلۈك ھۇجۇم قىلىش يوليورۇقىنى چۈشۈرگەندە بۇ ئادەملەرنى ئاپىرىپ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپ، جازىدۇڭدا 1 ـ قېتىم پاجىئەلىك ئەنزە پەيدا قىلماقچى ئىدى. مەن بۇ ئىشقا تولىمۇ دىققەت بولدۇم. ئادەملەرنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ ئەنسىز، شۇڭا مەن 8 ـ ئارمىيىنىڭ ئىش



بېجىرىش باشقارمىسىغا بېرىپ ئۇلارغا تەسەللى بېرىشىم كېرەك، دېگەن ئويغا كەلدىمدە، دەرھال ئۇ يەرگە بېرىپ جۇزىجەن، گاۋدېڭباڭلارنى تېپىپ، ئۇلارغا كۆپچىلىكنى يىغساڭلار، بىر قانچە ئېغىز سۆز قىلاي دېدىم. كۆپچىلىك يىغىلغاندىن كېيىن ئۇلارغا: "6 كۈن ئۆتۈپ كەتتى، يەنىلا يولغا چىقالمايۋاتىمىز، بۇ سىياسى مەسىلە ئەمەس، پەقەت رەسمىيەت مەسىلىسى، كۆپچىلىك خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن رەسمىيەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋاتىمەن" دېدىم. بۇ ئەمەلىيەتتە سىياسى مەسىلە ئىدى. ئۇلارغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن مۇشۇنداق دېمەي بولمايتتى.

شىئەندىكى مەزگىلدە قارىماققا ھېچ ئىش يوقتەك كۆرۈنسەممۇ، ئەمما يەنئەنگە مېڭىش ئۇقتۇرۇشىنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتىم.

مەن گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا: "بۇ ئادەملەر يەنئەنگە زادى يولغا چىقالمايۋاتىدۇ، مېنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كېتىشىمگە رۇخسەت قىلىشىڭىزنى سورايمەن» دېگەن مەزمۇندا تېلېگرامما بەردىم. ئەمما جاڭ جۆرېندىن جاۋاپ كەلمىدى. مەن كۆڭلۈمدە، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ چوقۇم ئامال قىلىپ، خۆزۆڭنەننى قايىل قىلىپ ئۇلارنىڭ مېڭىشىغا رۇخسەت قىلدۇرىدۇ دەپ ئويلايتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چاغدا قەدىردان جۇزۇڭلى دەل نەنجىڭدە ئىدى، ئۇ كىشى چوقۇم جياڭ جيېشى بىلەن بۇ توغرۇلۇق سۆزلۈشۈشى مۇمكىنلىگىنى، گېنېرال جاڭ جىجۇڭمۇ، جياڭ جيېشىغا ئېيتىپ خۆزۆڭنەننىڭ بۇ ئادەملەرنى مېڭىشقا يول بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگۈزىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا، 8 ـ ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى جۇدېمۇ جياڭ جيېشىغا بۇ ئادەملەرنىڭ يەنئەنگە

مېنىڭ شۇ رۇخسەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ بىۋاستە تېلېگرامما بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتىم.

كېيىن ئاڭلىسام گېنېرال جاڭ جىجۇڭ، ئەگەر بۇ بىر تۈركۈم ئادەملەر شىئەندە تۇتۇپ قېلىنسا، خەلقارا ۋە دۆلەت ئىچىدە يامان تەسىر قوزغايدىغانلىقىنى، بۇنداق بولغاندا گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ دوستانە ئەمەس ئىكەنلىكىنى، مەركەزنىڭ (گومىنداڭنىڭ مەركىزىنى دېمەكچى) تىنچلىقتا سەممىيەت كۆرسەتمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، دېگەن مەزمۇندا تېلېگرامما بەرگەن ئىكەن.

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بولسا كېرەك، مېنى خۇزۇڭنەن چاقىرتىپتۇ. بۇ قېتىم مەن خۇزۇڭنەن بىلەن كۆرۈشكىنىمدە يۈرۈكۈم بەكمۇ پوكۇلداپ كەتتى، ئەگەردە خۇزۇڭنەن ماڭغۇزمىسا سورىلىغان ئىش بۇزۇلماي قالمايدۇ، بۇنداق بولغاندا بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر خەۋپلىك ئەھۋالدا قالىدۇ، دېگەنلەرنى كۆپ ئويلىدىم. لېكىن ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسىچە بولدى. خۇزۇڭنەن ماڭا: بۇ ئادەملەر ماڭسا بولىدۇ، سەن سەنمۇچۇغا بېرىپ رەسمىيەت ئالغىن، لېكىن يەنئەنگە بارمىغىن، - دېدى.

مەن سەنمۇچۇغا بېرىپ خۇزۇڭنەننىڭ ماڭا بەرگەن تېلېگراممىسىنى ئالدىم. تېلېگراممىدا: "دەي 0 0 نومۇرلۇق بۇيرۇققا ئاساسەن باشقارما باشلىقى لىۋ ياجېنى شىنجاڭدىن قويۇپ بېرىلگەن كوممۇنىستلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ چېگرا رايون جېبجالىڭغا ئاپىرىپ قويۇشقا ئەۋەتىلدى. يېقىندا يولغا چىقىدۇ، — خۇزۇڭنەن دەپ يېزىلغان.

تېلېگراممىنى ئالغاندىن كېيىن، بۇ جياڭ جېيىشىنىڭ خۇزۇڭنەنگە چۈشۈرگەن بۇيرۇقى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. چۈنكى دەي دېگەن نومۇر جياڭ جېيىشى ئىشخانىسىنىڭ ۋاكالەت نومۇرى ئىدى.



كۆڭلۈم ئارام تېپىپ خوشاللىقتىن 8 - ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا ئۇچقاندەك يېتىپ بېرىپ، خوشاللىققا چۆمگەن هالدا كۆپچىلىككە: ئەتە تاڭ يورۇشى بىلەنلا شىمالغا قاراپ سەپەر قىلىدىغان بولدۇق، دەپ ئېلان قىلىۋىدىم، كۆپچىلىك ئىنتايىن خوشال بولۇپ كەتتى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەن سەھەردە يولغا چىقىدىغان چاغدا ياڭ زىخۇا، گاۋدىڭباڭ، جاڭ ۋېنچۇلار ماڭا: جۇۋزىجەننىڭ بالا - چاقىلىرى ئاپتوموبىلغا چۈشۈپ يەنئەنگە بېرىۋېلىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، چۈشۈۋېلىشقا بولامدۇ؟ دەپ سورىدى. مەن: چۈشۈۋالسا بولىدۇ - دەپ جاۋاپ بەردىم. جاڭ ۋېنچۇ مەندىن يەنە: بىر قىز بالا يۇقۇملۇق كېسەل بولۇپ قاپتۇ، ئازات رايونغا تەسىر يەتكۈزەرمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىمىز، مۇمكىن بولسا ئىش بېجىرىش باشقارمىسىدا قالدۇرۇپ كەتسەك قانداق؟ - دەپ سورىۋىدى، مەن: ۋەزىيەت جىددىي، كېيىنگە قالسا بارالمايدۇ دەپ ئويلاپ قالدۇرۇپ كېتىشكە قوشۇلمىدىم.

شىئەندىن يولغا چىقتۇق، سەپەر ئۈستىدە ياڭ زىخۇا، جى خىلار بىلەن پاراڭلاشتىم. ياڭ زىخۇاغا: بۇ قېتىم شەنياڭ مېھمانخانىسىدا قونمىغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى سىزگە مەنسۇپ بولىشى لازىم. ئەگەر بىنشەن ناھىيىسىدە سىز كېچىلەپ مېڭىپ شىئەنگە بېرىپ كېسەلنى جىددىي قۇتقۇلدۇرۇش تەلىۋىنى قويمىغان بولسىڭىز، مەن تېخى شەنياڭ مېھمانخانىسىدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى تاپالمىغان بولاتتىم، - دېدىم. ياڭ زىخۇا: خۇزۇڭنەننىڭ ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشنىڭ قىيىن ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم ئىدى. شۇڭا يولداشلار يا قايتىدىن تۈرمىگە

كىرىش، يا قۇربان بېرىشنى ئىدىيىدە تەييارلىق كۆرۈپ قويغان، ـ دېدى. جى خې ماڭا: سىز يەنئەنگە بارغاندا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى داشۆيىدە ھەربى قاتناش مەسىلىسى ئۈستىدە، لېكسىيە ئوتىسىڭىز، بىللە ئىشلەپ قالساق قانداق؟ ـ دېدى مەن بۇنىڭغا بىر نەرسە دېمىدىم، چۈنكى بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنداق بولغاندا گېنېرال جاڭ جۈ جۈڭنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا ـ چاقىلىرىم تېخى لەنجۇدا ـ دە.

## لۇچۇەندە ئۈچ كۈن تۇرۇپ قېلىش

لۇچۇەندە نېمە ئۈچۈن 3 كۈن تۇرۇپ قالدۇق؟ چۈنكى ناھىيە بازىرىدىن ئازات رايوننى قامال قىلغان لىنىيىگە پەقەت بىر قانچە چاقىرىملا، شۇڭا شۇ يەردە قونۇپ ئەتىسى ئازات رايونغا قاراپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. لۇچۇەنگە يېتىپ كەلگەن كۈننىڭ ئاخشىمى ماشىنىلاردا مۇھاپىزەتچىلىك ئۆتەۋاتقان جۇڭتۇڭ ئىشپىيونلىرى ماڭا دوكلات قىلىپ: لىيۇچوجاڭ، بىز ئازات رايونغا بارالمايمىز ـ دېدى. نېمە ئۈچۈن دەپ سورىسام ئۇلار قورقىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. مەن دەرھاللا ئىككى ئىشنى بايقىدىم. بىرسى قامال لىنىيىسىگە بارغاندا ئۇلار قۇراللىق ئىشپىيونلارنىڭ يوشۇرۇن زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ ھاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن قورققان بولسا، يەنە بىرسى مېنى ئازات رايونغا ماڭدۇرۇۋېتىپ مېنىڭ ئۈستۈمدىن پىتنە ـ پاسات ئىغۋا تارقىتىپ تۆھمەت قىلماقچى. ئىشپىيونلارنىڭ تۆھمەت چاپلىشى خۇددى ئوغرى چىشلەپ تارتقانغا ئوخشاش ئۇڭاي چاپلىشىپ قالىدۇ ـ دە، ئۇنداق ئەھۋالدا مەن ئۆزەمنى ئاقلاپمۇ ـ ئاقلاپ كېتەلمەسلىكىم مۇمكىن. شۇڭا مەن بۇ ئىشپىيونلارغا: "بولمايدۇ، بىرلىكتە بارىمىز" دېدىم. ئۇلار بېرىشقا زادى ئۇنىمىدى، ئۇنداق بولسا مەن شىنجاڭغا تېلېگرامما بېرىپ، جاڭ جۈرېندىن يول يورۇق سوراي دېدىم. تېلېگراممىنىڭ جاۋابىنى كۈتۈش جەريانىدا مەن يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئويلاندىم، ئىشپىيونلارنىڭ تۆھمەت چاپلىشى كىچىك ئىش، ئەمما نەچچە قېتىم ئۆلۈم ئاغزىدىن قۇتۇلغان بۇ كىشىلەر ئەمدى ئازات رايوننىڭ چېگرىسىغا يېتىپ كەلگەندە ئەگەر قۇراللىق ئىشپىيونلار يوشۇرۇن قەست قىلسا، خۇزۇڭنەن مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ، جىياڭجيېشى بىلمەسكە سېلىۋالىدۇ. ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، جۇزۇڭلىنىڭ گېنېرال جاڭ جۈ جۈڭغا ھاۋالە قىلىپ بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنى قويۇۋېتىش توغرىسىدا سىڭدۈرگەن ئەجرى بىكارغا كەتمەمدۇ، گېنېرال جاڭ جۈ جۈڭنىڭ نەتىجىسى يوققا چىقمامدۇ، مەنمۇ ساق قالمايمەندە، بۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش تۈگەيدۇ، شۇڭا 100 دىن ئارتۇق كوممۇنىستلارنىڭ ھالاكەتكە ئۇچراپ، قىلغان ئەجرىلىرىمىز بىكارغا كەتمەسلىكى ئۈچۈن، غۇلىچىغا چىداپ، غېرىچى قالغاندا ئەڭ ئاخىرقى تىرىشچانلىقىمنى كۆرسىتىشىم كېرەك، پەقەت بىرلىكسەپنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتكەندىلا ئاندىن ئۈممەت باغلىغىلى بولىدۇ، دېگەن چارىنى ئويلاپ چىقتىم.

مەن گاۋدىڭباڭغا: "ئازات رايونغا كېلىپ قالدۇق، سىلەرنى مېھمان قىلاي دەيمەن" دېدىم. بازىرى كىچىك لۇچۇەن ناھىيىسىدە ئاران بىر نەچچىلا ئاشخانا بار ئىدى. بېلىق، گۆش، كوكتاتلارمۇ كام ئىدى. مەن يەرلىك ئورۇندىكىلەرگە

كوپچىلىكىنى سەپەرۋەر قىلىپ، زىيايەت تەييارلاپ كوممۇنىستلارنى كۈتىۋېلىشقا ئۇقتۇرۇش قىلدىم. (بۇنىڭ چىقىمى ئەلۋەتتە مەندىن بولدى). بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت كوممۇنىستلارنىڭ لۈچۈەن ناھىيىسىدىن ئۆتكەن ئەھۋالىدىن خەلقنى خەۋەردار قىلىش ئىدى.

مېنىڭچە بۇ تېخى يېتەرلىك بولمىدى دەپ قاراپ، يەنە لۈچۈەننىڭ ھاكىملىرى بىلەن كۆرۈشتۈم، چۈنكى مەن يۈيجىڭدۇڭ ۋالى بىلەن جۇجىڭلۇڭ ھاكىمنى تونۇتتىم، ئۇلارغا بىرلەشمە كوڭۇل ئېچىش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، كوممۇنىستلارنى چېگرىدىن ئۇزۇتۇپ قويۇشنى ئېيتتىم. بۇنىڭغا ئۇلار قوشۇلۇپ، بىرلەشمە كوڭۇل ئېچىش كېچىلىكى ئۆتكۈزدۇق، مەن گاۋدىڭباغا نومۇر تەييارلاپ ئويۇن كۆرسىتىشنى ئېيتقاندا ئۇلار ماقۇل كەلدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ياڭ زىخۋانىڭ قىزى دۈيى ئۆسۈلنى ئەپلىك ئوينايدىكەن. بۇ ئولتۇرۇش كوڭۇللۇك بولدى.

3 ـ كۈنى كەچتە، شىنجاڭدىن تېلېگرامما كەلدى. ئىشپىيونلارنىڭ كاتتىۋېشى لىيۇخەندۇڭنىڭ مەن ئارقىلىق ئۆز ئادەملىرىگە (10 ئىشپىيونغا) ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى ئىكەن. لىيۇچۇجاڭ ئارقىلىق دۈەن ×× گە تېگىدۇ (دۈەن ×× دىگىنى 10 ئىشپىيوننىڭ باشلىغى) دىگەن تېلېگراممىسىدا: سىلەر لىيۇچۇجاڭنىڭ قوماندانلىغىدا بوي سۇنۇشۇڭلار كېرەك، خىلاپلىق قىلغۇچىلار بولسا، ئىنتىزام جازاسى بېرىلىدۇ ـ لىيۇخەندۇڭ، دەپ يېزىلغان. بۇ 10 ئىشپىيون تېلېگراممىنى كۆرگەندىن كېيىن غىڭ ـ پىڭ قىلماي، مەن بىلەن ئازات رايونغا بىرگە باردى.



## جىجا كەنتىدە تاپشۇرۇپ بېرىش ۋە ئۆتكۈزۈۋېلىش

جىجا كەنتى يەنئەننىڭ جەنۇبى تەرىپىگە جايلاشقان بىر كەنت ئىدى. بىز يېقىنلاشقانسېرى داقا ـ دۇمباق سادالىرىنى ئاڭلىدۇق، بۇ تاپشۇرۇپ بېرىش ۋە ئۆتكۈزۈۋېلىش ئورنى ئىدى. بىزنى ناھايىتى داغ ـ دۇغا بىلەن قارشى ئالدى. مەن بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئىسىملىكىنى ياڭ زىخۋاغا بەردىم. ئۇ مېنى باش قوماندان جۇدې ئەۋەتكەن ئۆتكۈزۈۋېلىشقا مەسئۇل كىشى بىلەن كۆرۈشتۈردى. ياڭ زىخۋا ئىسىملىكنى بۇ كىشىگە تاپشۇردى. ئۇ كىشى بىزگە: سىلەرنى كۈتكىلى نەچچە كۈن بولدى، ئەمدى يېتىپ كەلدىڭلارمۇ؟ نېمە بولدى؟ سىلەرگە ئاتاپ تەييارلىغان گۆشلىرىمىز سېسىپ كەتتى ـ دىدى. ھەقىقەتەن لۈچۈەندە 3 كۈن تۇرۇپ قېلىشنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىممۇ بىلمەيتتى. بۇ كۈنى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدەك ئېسىمدە قاپتۇ.

مەن داغدۇغىلىق قارشى ئېلىشقا سازاۋەر بولۇپ، قىزغىن كۈتىۋېلىنغاندىن كېيىن، قايتىش ۋاقتىمدا ماڭا باش قوماندان جۇدېنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن گېنېرال جاڭ جىجۇڭغا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ يازغان خېتىنى بەردى. بۇ خەتكە باش قوماندان جۇدې بىلەن جۇزۇڭلى ئىمزا قويغان ئىكەن ھەمدە گېنېرال جاڭ جىجۇڭغا ئەلتىرە، يۇڭ ئەدىيال، يۇڭ يىپ قاتارلىق نەرسىلەرنى سوغا قىلدى. ماڭىمۇ بىر كىشىلىك سوغا بەردى.

يولغا چىقىدىغان چاغدا، مەن مۇھاپىزەت قىلىپ ئېلىپ كەلگەن 10 بالا رەتلىك تىزىلىپ، تۈرمىدا ئۆگەنگەن ئىنقىلاۋى ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، لىيۇ تاغا: خەير ـ خوش دەپ تۇۋلۇشۇپ

ئىنقىلاپنىڭ بۇ ئىزباسارلىرىنىڭ مېنى ئۇزاتقان ئاللىرىنى كورۇپ، كوزۇمگە لىق ياش ئېلىپ، بالىلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ خوشلاشتىم.

3 كۈندىلا شىئەنگە قايتىپ كېلىپ، شىئەننىڭ سىياسى ۋەزىيىتىنىڭ ئوزگۈرۈپ قالغانلىغىنى ھېس قىلدىم. جياڭ جىيشى ئازات رايونلارغا ئومۇمى يۈزلۈك ھۇجۇم قىلىش بۇيرىغىنى چۈشۈرگەن، باش سەنمۇجاڭ چېن چېڭ 3 ئاي ئىچىدە كوممۇنىستلارنى يوقۇتۇپ بولىمىز! دەپ جار سېلىۋاتقان ئىكەن. بۇ چاغدا، مەن بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ شىئەندە توسۇلۇپ قالغان ئەھۋاللىرىنى ئويلاپ، ئەگەر شىئەندىن يەنە 5 كۈن كېچىكىپ يولغا چىققان بولساق بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى تەساۋۇر قىلغىلى بولمايدىغانلىغىنى كوز ئالدىمغا كەلتۈردۈم.

## شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ دوكلات قىلىش

مەن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگىنىمدە 9 - ئاي كىرىپ قالغان ئىدى. مۇدىر جاڭ جىجۇڭ بىلەن كورۇشكىنىمدە ئۇ ناھايىتى خۇرسەن بولدى. مەن بىلەن بىر سائەتتىن كوپرەك سوزلەشتى. ئۇ: يەنئەن تەرەپتىن خېلى بۇرۇن تېلېگىرامما كېلىپ سىزنىڭ بۇ قېتىمقى مۇھاپىزەت قىلىپ يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلىغانلىغىڭىزغا تەشەككۇر بىلدۈرۈپتۇ، دېدى.

سوزلۇشۇش جەريانىدا مەن جاڭ جىجۇڭغا خوزۇڭنەننىڭ ماڭا كىشىلەرنى شەنياڭغا ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا تېلېگىرامما بەرگەنلىك ئەھۋاللىرىنى، قانداق قىلىپ



كېچىلەپ يۈرۈپ شىئەنگە كىرىپ، ئۇلارنى 8 - ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا يەتكۈزۈپ بەرگەنلىك جەريانلىرىمنى ئېيتماستىن قاتتىق سىر ساقلىدىم.

مەن پەقەت گېنېرال جاڭ جىجۇڭغا يەنئەندىن قايتىپ كېلىدىغان چېغىمدىكى بىر توپ بالىلارنىڭ ناخشا ئېيتىپ مېنى ئۇزاتقانلىغىنى كورۇپ كوزۇمگە لىق ياش ئالغانلىغىمنى، بۇنىڭ قانداق ھېسسىيات ئىكەنلىگىنى بىلمىگەنلىگىم ئۇستىدە سوزلەپ بەرسەم، جاڭ جىجۇڭ: "بۇ ھەقىقى ھېسسىيات" دېدى.

ئازاتلىقتىن كېيىن، گېنېرال جاڭ جىجۇڭنى ماۋجۇشى، جۇزۇڭلى ۋە باش قوماندان جۇدېلار ناھايىتى غەمخورلۇق قىلىپ كۈتىۋالدى. ئۇ پۈرولېتارىيات رەھبەرلىگىدىكى يېڭى دېموكىراتىك ئىنقىلاپقا زور توھپە قوشقان، ئازاتلىق ئۇرۇش ۋە پۈتۈن مەملىكەتنى ئازات قىلىشتىمۇ مەلۇم رول ئوينىغان، بۇ ھەممەيلەنگە ئايان. ئازات بولۇپ ئۇزۇن ئوتمەيلا بېيجىڭدا گۈزەل سېلىنغان قورودا ئولتۇرغان جاڭ جىجۇڭنى ماۋجۇشى، جۇزۇڭلى، باش قوماندان جۇدېلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا بېرىپ يوقلىغان. بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋىرىم بار. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ خوزۇڭنەننىڭ قامال ئوتكىلىدىن قاندا ئوتكەن، قانداق قىلىپ 8 - ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا ئورۇنلاشقان ئەھۋاللىرى توغرىسىدا جاڭ جىجۇڭ بىلەن توھپە تالاشتى دېگەن گۇمانغا كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ لام - جىم دېمىگەن ئىدىم.

## ئاخىرقى سوز

"مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى" باشلانغاندىن كېيىن، لىن بياۋ، "4 كىشىلىك گۇرۇھ" ھەدىسە "خائىن"، "ئىشپىيون"، "كاپىتا-

...ھا ماڭغان ھوقۇقدار" دەپ پىشقەدەم كادىرلارغا ...ھشلىك قىلدى. شىنجاڭ تۈرمىسىدىن يەنئەنگە قايتىپ بارغان بۇ قەيسەر پىشقەدەم كادىرلارغا "خائىن"، "تەسلىمچى" دېگەن قالپاقنى كەيگۈزۈپ ۋەھشىيانە مۇئامىلە قىلدى. ئۇلارغا: "بۇ بىر تۈركۈم ئادەملەرنىڭ يەنئەنگە قايتىپ بېرىشى جاڭ جيېشىنىڭ ئىشلەتكەن ھىلە - مىكرى"، "كوممۇنىستىك پارتىيە ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ پارتىيىگە قارشى تۇرۇشنى پىلانلىغۇچى ئۇنسۇر، بەلگىلىك مۇددەتتە پارتلىنىدىغان بومبا" دەپ بوھتان چاپلىدى. بۇ قەدىردان جۇزۇڭلىغا قارا چاپلاپ، تىغ ئۇچىنى قاراتقانلىق! بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان مېنىمۇ بۇلارغا رەھبەرلىك قىلغۇچى تەسلىمچىلەرنىڭ كاتتىۋېشى دەپ بوش قويۇۋەتمەسلىكى تۇرغان گەپ ئىدى.

ئاشۇ قارا بۇلۇت قاپلىغان، ئاق تېررورلۇق كۈنلەردە شىنجاڭنىڭ تۈرمىسىدىن چىققان نۇرغۇن پىشقەدەم يولداشلار، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قولىدىن ساق چىققان بولسىمۇ، لېكىن لىن بياۋ، "4 كىشىلىك گۇرۇھ" دىن ئىبارەت ياۋۇز جىنايەتچىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ، كىشىنى بەكمۇ ئېچىندۇرىدۇ! زىيانكەشلىككە ئۇچراپ تۆھمەت بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئىچىدە مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم ماڭفاڭ، ياڭ زىخۇا، شىن گولار بار.

مۇشۇنداق ئەڭ جىددىي، ئەڭ مۇشكۈل چاغلاردا قەدىردان جۇزۇڭلى: شىنجاڭدىكى بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر ياخشى كادىرلار، ئۇلاردا مەسىلە يوق، دەپ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى ھەمدە ئۆزى ئىگەللىگەنلىكتىن كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن ساقلىنىپ قالدى.



مەن "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" جەريانىدا سىرتتىن تەكشۈرۈپ كەلگەن نەچچە يۈز پارچە ماتېرىياللارغا "بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر خائىن ئەمەس ھەم تەسلىمچىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇلار قەيسەر تىز پۈكمەس كوممۇنىستلار" دەپ ئىسپات يېزىپ بەردىم. ئەگەردە ئۇلار "خائىن"، "تەسلىمچى" بولغان بولسا، خۇزۇڭنەن تۈرلۈك ئاماللارنى ئىزدەپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە قەستلىمىگەن بولاتتى. ئۇلار "تەسلىمچى"، "يوشۇرۇنغان ئۇنسۇر" لار بولغان بولسا، شىئەندىن ئۆتكەندە خۇزۇڭنەن ئەلۋەتتە خوشاللىق بىلەن ئازات رايونغا بېرىش ئۈچۈن يېشىل چىراق يورۇتۇپ بەرگەن بولاتتى. بۇ ئەھۋاللارنى مەن بەش قولدەك بىلىمەن.

دانا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى "4 كىشىلىك گۇرۇھ" نى بىر يوللا تار - مار قىلىپ، قالايمىقانچىلىقنى تۈگەتتى، ناھەق ئەنزىلەر ئاقلاندى، خاتا ئەنزىلەر تۈزىتىلدى، يالغان ئەنزىلەر پىڭپەن قىلىندى، بۇ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ ياقتى، ۋەزىيەت بارغانسېرى ياخشىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كۆڭلى ئازادىلىككە ئېرىشتى.

گېزىت - ژۇرناللاردا جۇزۇڭلىنىڭ نۇرغۇن پىشقەدەم كادىرلار ۋە پىشقەدەم ئىنقىلابچىلارنى قوغدىغانلىقى ۋە قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى ماقالىلارنى ھەمدە شى جوزەينىڭ يولدىشى ۋاڭ بىڭگونىڭ جۇزۇڭلىنى سېغىنىپ، جۇزۇڭلىنىڭ ئۇنى ۋە شى جوزەينى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى توغرىسىدا يازغان ماقالىسىنى كۆردۈم. بۇ ماقالىلار مېنىڭ جۇزۇڭلىنىڭ ئازاتلىقتىن بۇرۇنلا ئىنقىلابىي كادىرلارغا غەمخورلۇق

قىلىش ۋە قۇتۇلدۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغ ئىش-ئىزلىرىنى ئەسلىشىمگە تۈرتكە بولدى.

مېنىڭ بۇ ئەسلىمەمدە قەدىردان جۇزۇڭلىنى سېغىنىپ، ئۇنىڭ ئازاتلىقتىن بۇرۇنلا جاڭ جۇرىنغا شىنجاڭدىكى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ كادىرلىرىنى قويۇپ بېرىش ۋە ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇشنى ھاۋالە قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئورۇنلىنىش جەريانىنى بايان قىلدىم.

ئىنقىلاۋى تارىخى ماتېرىياللار سۈپىتىدە پايدىلانسا بولىدۇ.

1979-يىلى 7-ئاي





